
# ئۈزۈلمەس رىشتە



مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۈزۈلمەس رىشتە

مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ تەھرىرلىكىدە تۈزۈلدى .

تۈزگۈچىلەر : پەرھات يۈسۈپ
گۈلباھار غوپۇر

مىللەتلەر نەشرىياتى



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن 2002-يىل 4-ئايدا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى مىللەتلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى شاۋ يۈمىن، ئۇيغۇر بۆلۈم مۇخبىرلىرى پەرھات يۈسۈپ، گۈلباھار غوپۇرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن چۈشكەن خاتىرە سۈرىتى.




دىكتور ئايشەم ھوشۇر بىلەن ئابدۇقادىر ھاشىم خىزمەت ئۈستىدە.



مۇخبىر ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم (ئوڭدا) زىيارەت ئۈستىدە.


www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ھۇسەيىن ئېلى ماقالىلەرنى تەكشۈر



ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ پېشقەدەم دىكتورى
ئىسلام مەخسۇت خىزمەت ئۈستىدە .



مۇخبىر ئەسقەر تۇرسۇن
زىيارەت ئۈستىدە.

# تۈزگۈچىدىن

قەدىمكى زاماندا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۆزىنىڭ ئېسىل ۋە مول مەھسۇلاتلىرى، ئۇزاق تارىخقا ئىگە شانلىق مەدەنىيىتى، ئۆزگىچە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن دۇنياغا تونۇلۇپ، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى «گۆھەر زېمىن» دەپ نام چىقارغان ماكان. ھالبۇكى، شىنجاڭمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش تارىختا تالاي قېتىم شان - شەرەپ ۋە ئار - نومۇس، گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا جەۋلان قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقى قەددىنى كۆتۈرۈپ ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى دەۋر باشلاندى. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق تەرەققىي قىلىش، ئورتاق گۈللىنىش، ئورتاق ئالغا بېسىش يولىغا قاراپ ماڭدى، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك شانلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەرەققىياتى يەنە يېڭى پەللىگە يۈكسەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى

ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

ئېيىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتى . شىنجاڭدىكى
دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىـ
سى بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، يېڭى ئەسىردە شىنجاڭنىڭ
تەرەققىياتىدا يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن غايەت زور جاساـ
رەت بىلەن كەلگۈسىدىكى شانلىق نىشانغا قاراپ ئاتلانماقتا .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېقىنقى 20 نەچچە
يىلدىن بۇيان پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىـ
جىلىرىنى ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇپ ، پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ
ئېچىلىشىغا سوۋغا قىلىش مەقسىتىدە ، مەركىزىي خەلق رادىئو
ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرلىرى
2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە
شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى . بۇ قېتىمقى زىيارەت پائالىيىتى شىنـ
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ
زور كۈچ بىلەن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى . شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋە
ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىـ
تىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان (ھازىر مەملىكەتلىك سىياسىي
مەسلىھەت كېڭىشى 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىـ
سى ) ئابلەت ئابدۇرېشىت ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مۇخبىرلىرىمىزـ
نىڭ زىيارىتىنى مەخسۇس قوبۇل قىلدى . ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ
باشلىقى ۋۇدۇنفۇ بۇ قېتىمقى زىيارەت پائالىيىتىگە ئىنتايىن
كۆڭۈل بۆلۈپ ، مۇخبىرلىرىمىزنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت ـ ئوبـ
لاستلاردىكى زىيارەت پائالىيىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا قولايـ
لىق يارىتىپ بېرىشىنى ئورۇنلاشتۇردى . مۇخبىرلار تەڭرى تېغىـ
نىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ۋىلايەت ، ئوبلاستلارغا چوڭقۇر چۆـ
كۈپ ، يەرلىكتىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى
ئارقىسىدا بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى ئىگىلىدى . مەركىزىي

خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى مۇشۇ ئاساستا پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىغا قىلىنغان سوۋغا سۈپىتىدە، «پارتىيىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا» دېگەن تېمىدا 100 قىسىملىق زىيارەت خاتىرىسى تەييارلاپ، 2002 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پارتىيىنىڭ 16 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغانغا قەدەر ئۇدا ئۇلاپ ئاڭلاتتى. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇنداق چوڭ كۆلەمدىكى ئاڭلىتىش كەڭ رادىئو ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى، يەرلىكتىكى ھۆكۈمەتلەر ۋە ئاممىا بۇنداق تەشۋىقات شەكلىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، نۇرغۇن تەشەككۈر خەتلىرىنى ئەۋەتتى.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئەنە شۇ يۈز قىسىملىق مەخسۇس پروگراممىدا ئاڭلىتىلغان ماقالىلار ئىچىدىن تاللاپ تۈزۈلدى. رادىئو ماقالىلىرى بىلەن مەتبۇئات ماقالىلىرىنىڭ ئىپادىلەش ۋە يېزىش جەھەتتىكى پەرقى، سەۋىيىنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن بەزى ماقالىلاردا يا ئۇنداق-يا مۇنداق يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ، بۇنداق جايلار كۆرۈلسە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەكلىپ ۋە تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى سورايمىز. بۇ ماقالىلار ئۆتكەن يىلى يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ۋاقىت، سان ـ سىفىرلار ۋە بەزى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئەمەل-ۋەزىپىسى شۇ چاغدىكىسى بويىچە ئېلىندى. بۇ كىتاب مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى مىللەتلەر مەركىزىنىڭ بىۋاسىتە قوللىشى، مىللەتلەر مەركىزى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ كونكرېت خىزمەتلىرىنى ئىشلىشى ئارقىسىدا نەشر قىلىندى. ماقالىلارنى كۆرۈپ چىقىشقا بۆلۈمىمىزدىن ئەسقەر تۇرسۇن قاتناشتى.

# مۇندەرىجە

ئىسلاھات بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان شىنجاڭ سایاھەتچىلىكى
........................................ گۈلباھار غوپۇر (1)
قوغۇن يۇرتىدا شادلىق كۈيى............ گۈلباھار غوپۇر (10)
غەربىي رايوننى ئېچىش — شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى
ئۇچۇن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ...... گۈلباھار غوپۇر (19)
قاباھەتلىك ماكاندا پارلىغان ئۇممىد يۇلتۇزى
........................................ گۈلباھار غوپۇر (28)
مەرپەت بېغىدا مۇھەببەت
.............. گۈلباھار غوپۇر ، ئەسقەر تۇرسۇن (35)
يېڭى تەرەققىيات مۇساپىسىغا يۈزلەنگەن لوپنۇر
........................................ پەرھات يۇسۇپ (45)
ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندىمۇ بەل قويۇۋەتمەي ئىلگىرىلەش
........................................ پەرھات يۇسۇپ (50)
مەرپەت بېغىدا شادلانسۇن قەلب ...... پەرھات يۇسۇپ (55)
بارلىقىنى ئاجىزلارغا بېغىشلىغان خەلق ئىشلىرى كادىرى
........................................ پەرھات يۇسۇپ (61)
تارىم دەرياسى — شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئانا دەرياسى
........................................ پەرھات يۇسۇپ (68)
دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ ياشاۋاتقان شىنجاڭ خەلقى
........................................ پەرھات يۇسۇپ (74)

گۈللىنىۋاتقان ئالاتاۋ ئېغىزى ........... پەرھات يۈسۈپ (82)
بازار ئىگىلىكىگە ئاتلانغان دېھقانلار ... گۈلباھار غوپۇر (87)
تەقدىر تەدبىرگە باغلىق ................. گۈلباھار غوپۇر (93)
ئاتەش ماكاندا ئالەمچە ئۆزگىرىش ... گۈلباھار غوپۇر (101)
قايتا گۈللىنىش يولىغا ماڭغان داۋانچىلىك
............... گۈزەلنۇر روزى، بەختىيار تۇردى (109)
ئىسلاھات داۋامىدا يۈكسىلىۋاتقان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇر-
خانىسى ....................... دىلدار مۇھەممەت رېھىم (117)
مۇزتاغ ئاتا ئېتىكىدىكى يېڭى ئۆزگىرىش
........................ دىلدار مۇھەممەت رېھىم (122)
يىپەك يولىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت
........................ دىلدار مۇھەممەت رېھىم (130)
جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان خوتەن مائارىپى
............................ قۇربانىنىسا جاپپار (139)
پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلغان تاشكەنت
.................................. قۇربانىنسا جاپپار (146)
غەربىي چۆللۈكتىكى ئاۋات شەھەر — ئاتۇش
................................ پاتىگۈل مۇھەممەت (155)
يىپەك يولىدىكى گۆھەر ماكان — ئاقسۇ
................................ پاتىگۈل مۇھەممەت (161)
قىزىلسۇنىڭ تېغى كۆپ، تېغىدىنمۇ بېغى كۆپ
................................ پاتىگۈل مۇھەممەت (169)
ياشىسۇن ساخاۋەت قۇرۇلۇشى...... پاتىگۈل مۇھەممەت (174)
ماھارەتلىك مەكتەپ باشقۇرغۇچى
................................ پاتىگۈل مۇھەممەت (179)
گۈرۈچ ماكانىدا شادلىق ........... پاتىگۈل مۇھەممەت (185)
دېھقانلار شادلىقى................... پاتىگۈل مۇھەممەت (191)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تەكلىماكاندىكى يېڭى ئابىدە — نىيە
.............................. ئەسقەر تۇرسۇن (196)
تاغلىق يېزىدا ئۆلدىن باشلانغان قەدەم
.............................. ئەسقەر تۇرسۇن (206)
ئىسلاھات نۇرىدا ھاللانغان يېزا
........................ ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم (218)
قاشتېشى ماكانىدا سەنئەت كۆيلىرى
........................ ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم (223)
يېرىم دۇنيالىق رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان خوتەن ئاياللىرى
...... پەرھات يۈسۈپ ، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم (230)
پاكىز بولسا شەھىرىڭ — خۇشۋاق بولار سەھىرىڭ
........................ ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم (238)
بارلىقىمىز بىمارلار ئۈچۈن
...... پەرھات يۈسۈپ ، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم (244)
پايدىلىق پۇرسەتنى تۇتۇپ ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش — ئۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەت
...... پەرھات يۈسۈپ ، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم (251)
مەدەنىيەت ئەلچىسى .................. گۈلباھار غوپۇر (260)
ئەدەبىيات زېمىنىدىكى مەمۇرچىلىق
........................ ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم (276)
ئەل كۆيگە باغلانغان رىشتە
.................. گۈلباھار غوپۇر ، ئابدۇللا موللا (284)
ئىسلاھاتقا يېقىندىن ماسلىشىپ ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان ئاخباراتچىلار .................. گۈلباھار غوپۇر (295)

# ئىسلاھات بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان شىنجاڭ ساياھاتچىلىقى

گۈلباھار غوپۇر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مول ساياھەت بايلىقىغا ئىگە
گۈزەل ماكان . شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسى ، قويۇق مىللىي
ئالاھىدىلىكى ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە يىپەك يولى مەدەنىيىتى ، نۇر-
غۇن قەدىمىي ئاسار ئەتىقىلىرى شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تە-
رەققىياتىنى ئالاھىدە ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلغان . ئىسلاھات ئې-
لىپ بېرىش ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ يولغا
قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ ، شىنجاڭنىڭ ساياھاتچىلىقىمۇ 20 نەچچە
يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى . بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيە-
سىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن ، شىنجاڭ ساياھەت بايلىقلىرى-
نى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا تېخىمۇ ياخشى پۇرسەتكە
ئېرىشتى . شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بۇ پۇرسەتنى غەنىي-
مەت بىلىپ ، بايلىق ئۇستۇنلۇكىنى ئىقتىسادىي ئۇستۇنلۇككە
ئايلاندۇرۇش يولىدا تىرىشماقتا .

ساياھەتچىلىك — بىر دۆلەت ، بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىي ،
ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم كەسىپ . سايا-
ھەتچىلىك جانلانسا قاتناش ـ ترانسپورت ، پوچتا ـ خەۋەرلە-
شىش ، ئىچكى ـ تاشقى سودا ، يېمەك ـ ئىچمەك ، مېھمانساراي

www.uyghurkitap.com

تىجارىتى قاتارلىق كەسپلەر بىۋاسىتە گۈللىنىش پۇرسىتىگە
ئېرىشىدۇ . پىششىقلاپ ئىشلەش ، تېرىقچىلىق ، باقمىچىلىق ،
بىناكارلىق قاتارلىق كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋاسىتىلىق ئىل-
گىرى سۈرۈلىدۇ ، شۇنىڭدەك ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلى-
شىش پۇرسىتى كۆپىيىدۇ .

كىشىلەر ئىلگىرى ساياھەتچىلىكنى «ئىسراپچىلىق» دەپ
قاراپ ، «بۇ پۇلدارلار بەھرىمەن بولىدىغان ئىش ، ئادەتتىكى
كىشىلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ساھە» دەپ ھېساب-
لايتتى . شۇڭا 1979 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدار-
سى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن بۇ ساھە بىر بوشلۇق ئىدى . ئىسلا-
ھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا ئىل-
گىرىلىشىگە ئەگىشىپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىيات يولىغا
ماڭدى . خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى . شۇ-
نىڭ بىلەن كىشىلەر ساياھەتتىن ئىبارەت بۇ كەسىپنىڭ ئىقتىسا-
دىي تەرەققىياتتىكى مۇھىم ئورنىنى تونۇشقا باشلىدى . شىنجاڭ-
نىڭ يەر ئاستى قېزىلما بايلىقلىرىغا باي گۆھەر زېمىن بولۇپلا
قالماي ، يەنە يەر ئۈستىدىمۇ دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان سايا-
ھەت بايلىقلىرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى . نەتىجىدە شىن-
جاڭنىڭ بۇ جەھەتتىكى بايلىق ئۈستۈنلۈكى ئىقتىسادىي ئۈستۈن-
لۈككە ئايلىنىشقا باشلىدى .

شىنجاڭ ساياھەتچىلىكتە ناھايىتى ياخشى ئۈستۈنلۈككە ئى-
گە . بۇ ئۈستۈنلۈك تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ : بى-
رىنچى ، تەبىئىي مەنزىرە ساياھەتچىلىكى . ئىككىنچى ، قەدىمىي
ئاسار ئەتىقە ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساياھەتچىلىكى . ئۈچىن-
چى ، مىللىي ئۆرپ - ئادەت ساياھەتچىلىكى . ئالايلۇق ، ئالتايدى-
كى قاناس كۆلىدىن قۇمۇلدىكى ئاقتاشقىچە ، غۇلجا سايرام كۆلى-
دىن جەنۇبتىكى قەشقەر ، خوتەنگىچە بولغان كەڭ رايونلاردىكى

بۇلغىنىشتىن خالىي ساپ ھاۋالىق كۆپكۆك ئاسمان، ئاپئاق بۇلۇتلار، قارلىق تاغلار، تاغ باغرىدىكى يېشىل مەخمەلدەك سوزۇلۇپ ياتقان يايلاقلار، قەدىمىي ئورمانلىق ئارىسىدىكى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇلار، ئاجايىپ سېھرىي تۇس ئالغان ئۆزگىرىشچان قۇم بارخانلىرى... قوشۇلۇپ تولىمۇ گۈزەل بىر ستىرېئولۇق مەنزىرە ھاسىل قىلغان. قەدىمىي قەلئە، ئىبادەتخانا، مىڭ ئۆيلەر ئۇزاق تارىخنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ ئوي - خىيالىنى نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى زامانلارغا باشلىسا، بۇ قەدىمىي يىپەك يولى ۋادىسىدا ياشاپ ئۆتكەن مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، مىللىي كىيىم - كېچىكى، يېمەك - ئىچمەك ۋە باشقا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى كىشىلەرگە دۇنيانىڭ ھەقىقەتەن رەڭگارەڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھەقىقەتەن مول ساياھەت بايلىقىغا ئىگە. بوغدا كۆلى، چوگىر چوققىسى، مۇزتاغ ئاتا، پامىر تاغلىرى ۋە تۆمۈر چوققىسى قاتارلىق سۈرەتتەك گۈزەل كۆل ۋە كۆك بىلەن بوي تالىشىپ تۇرىدىغان ئاق باش چوققىلار ھەيۋەتلىك قىياپىتى بىلەن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلسا، دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ قۇملۇق سانىلىدىغان تەكلىماكاندىكى سىرلىق قۇم بارخانلىرى ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. يىپەك يولى بويىدىكى كرورەن، مىرەن، يارغول، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھەر ئىزنالىرى پارلاق تارىخىي مەدەنىيىتىمىزنى نامايەن قىلسا، قىزىل، قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرى قەدىمىي سەنئىتىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچى بىلەن كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدۇ. پايانسىز كەتكەن بوستانلىقلار ۋە بوستانلىقلاردا ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى، بىناكارلىق سەنئىتى، ناخشا - ئۇسسۇللىرى، تۆت پەسىلنىڭ روشەن

پەرقلىنىشىدىن ھاسىل بولغان تەبىئىي مەنزىرىلەر قوشۇلۇپ ئۆزگىچە ساياھەت مۇھىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولغان بوغدا كۆلى فۇكاڭ شەھىرى تەۋەسىدە بولۇپ، گوۋۇيۈەن تۇنجى قېتىم بېكىتكەن 4A دۆلەت دەرىجىلىك مەنزىرىلىك ساياھەت رايونلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. بوغدا كۆلى دېڭىز يۈزىدىن 1910 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، سۇ يۈزىنىڭ كۆلىمى بەش كۋادرات كىلومېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 102 مېتىر كېلىدۇ. بۇ رايوندا مۇز تاغ، قارلىق چوققا، ئورمانلىق، چىملىق، كۆل ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ستېرېئولۇق مەنزىرە شەكىللەنگەن.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان فۇكاڭ شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بوغدا كۆلى مەنزىرىلىك ساياھەت رايونىنى ئېچىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ئايىماي مەبلەغ سالدى. بۇ ئارقىلىق ساياھەتچىلەرنى كۆپلەپ جەلپ قىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

«قاناس» دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىدا سىرلىق ھەم گۈزەل دېگەن مەنىدە بولۇپ، قاناس كۆلى جۇڭگو ـ روسىيە چېگرىسىغا — ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرچىن ناھىيىسىگە جايلاشقان. قاناس مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى قۇربان ـ توڭغۇت چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم ئېكولوگىيىلىك رايون ھەم تەبىئىي مەنزىرىسى ساقلاپ قېلىنغان بىردىنبىر رايون. مەملىكىتىمىز بويىچە 2 ـ چوڭقۇر كۆل. بۇ كۆلدە دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان قىزىل باش بېلىق ياشايدۇ. دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان 4A دەرىجىلىك ساياھەت رايونى. ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئورۇن ۋە ئەۋزەل تەبىئىي شارائىت قاناسنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن. تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش بولمىغان گۈزەل مەنزىرە شەكىللىنىدۇ.

«ئالتۇن ماكان» دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن ئالتاي قاناستىن
ئىبارەت بۇ تەبىئىي گۈزەل مەنزىرىلىك رايونى بىلەن داڭلىق چىقار-
ماقتا . ئىگىلىنىشىچە ، ئالتاي شەھىرى مول ساياھەت بايلىقىدىن
پايدىلىنىپ ، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى بو-
لۇش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ساياھەتچىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇ-
شىنى ۋە ساياھەتچىلىكنى ئېچىش قەدىمىنى تېزلىتىپ ، ئېكولو-
گىيە ساياھىتى ، يايلاق مەدەنىيىتى ساياھىتى ، مىللىي ئۆرپ -
ئادەت ساياھىتى بىرلەشتۈرۈلگەن چېگرادىكى مەنزىرىلىك سايا-
ھەت شەھىرى بولۇش يولىدا ئىزدىنىۋېتىپتۇ .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى تەب-
ئىي بايلىقىغا تايىنىپ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ،
ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى . تەبىئىي ساياھەت بايلىقى كەمچىل
جايلارمۇ ساياھەتچىلىكنى يولغا قويۇشتا بوش كەلمىدى . قاراماي
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان
شەھەر . بۇ يەردە بوغدا كۆلى ، قاناس كۆلىگە ئوخشاش مەنزىرى-
لىك ساياھەت نۇقتىلىرى ، تۇرپانغا ئوخشاش قەدىمىي مەدەنىيەت
ئىزنالىرى يوق . لېكىن قارامايلىقلار ساياھەت نۇقتىلىرىنى يوق-
لۇقتىن بارلىققا كەلتۈرمەكتە ، كىچىكلىكتىن زورايتماقتا . قا-
راماي شەھەر قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇ-
رۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ساياھەتچىلەرنى جەلپ
قىلماقتا . ھازىر قاراماي تېغى خەلق مەيدانى ، قاراماي ئۆستىڭى ،
يېڭىدىن قۇرۇلغان مەدەنىيەت كوچىسى ساياھەت نۇقتىلىرىغا ئاي-
لانماقتا . قارامايلىقلار نەچچە يۈز مىڭ يىللىق بوران - چاپقۇنلار-
نى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق شەكىللەنگەن شەيتان كەرىش
دېگەن بىر جاينى ساياھەت نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى . بۇ يەر 217
- دۆلەت تاش يولىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئومۇمىي كۆلە-
مى 100 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ . بۇ يەر ئىلگىرى پەقەت

www.uyghurkitap.com

فوتوگرافلارنىڭ شادلىق باغچىسى ، كىنو ـ تېلېۋىزىيەدە سۈرەتكە ئېلىشتىكى مۇھىم بازا ئىدى . ھازىر قاراماي شەھىرى شەيتان كەرىش ساياھەت رايونىنى ئېچىشقا بىرلەشتۈرۈپ ، شەيتان كەرىش خاتىرە مەھسۇلاتلىرى كەسپىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلىغان . قاراماي شەھرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى خوڭشيانىڭ تونۇشتۇرۇشىچە ، بۇ يەردە شەيتان كەرىش كوچىسى ، شەيتان كەرىش مۇزېيى ، شەيتان كەرىش جىلغىسى ھەمدە ئاۋاز ، نۇردىن پايدىلىنىپ زامانىۋى كىنو شەھىرى قۇرۇلىدىكەن ھەمدە داڭلىق خەلقئارالىق ساياھەت نۇقتىسى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلىدىكەن . بۇ ساياھەت قۇرۇلۇش تۈرى پۈتسە قارامايىنىڭ ئالاھىدە مەنزىرە رايونى بولۇپ قالىدىكەن .

ئۈرۈمچى شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىيياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، قاتناش ۋە ئۇچۇر مەركىزى . ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ قاتناش ، پوچتا ـ تېلېگراف ۋە مۇلازىمەتچىلىك ئىشلىرى كۈندىن كۈنگە ياخشىلىنىپ ، ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن ماسلىشىپ بارماقتا . ئۈرۈمچى شەھىرى ئۆزىنىڭ ھەر خىل مىللىي مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى قۇرۇلۇشى بىلەن نۇرغۇن جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا . بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا كەلگەن ساياھەتچىلەر توپلىشىدىغان ۋە تارقىلىدىغان ئەڭ چوڭ مەركەزگە ئايلاندى . ئۈرۈمچىنىڭ ساياھەت بايلىقىمۇ ناھايىتى مول ، تۈرى كۆپ ، قاتلىمى يۇقىرى ، سۈپىتى ئەلا ، پەسىل خاراكتېرى كۈچلۈك ، تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق . ئۈرۈمچى شەھرىدە يەنە قارلىق تاغ ، مۇزلۇق چوققا ، قارىغايلىق ، يايلاق ، كۆل ، چۆللۈك

قاتارلىق تەبئىي مەنزىرىلەرمۇ ، شەھەر ئىچىدە قىزىل تاغ باغچى-
سى ، خەلق باغچىسى ، دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرى ، شىنجاڭ مۇزې-
يى قاتارلىق ساياھەت نۇقتىلىرىمۇ بار .

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى-
نىڭ سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇشتەك ئەۋ-
زەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى-
نى يەنىمۇ نامايان قىلىش ئۈچۈن «ئىقتىسادتا كۈچلۈك ، ساياھەت-
تە داڭلىق شەھەر» قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ،
جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرگە تېخىمۇ گۈزەل سايا-
ھەت مەنزىرىلىرىنى كۆرسىتىپ ، ئۇلارنى تېخىمۇ قولايلىق ، تې-
خىمۇ ئەتراپلىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىمەكتە .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى شىنجاڭنى ، شىنجاڭنىڭ
ساياھەت بايلىقىنى تونۇشتۇرۇش ، ساياھەتچىلەرنى كۆپلەپ جەلپ
قىلىش ، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېز-
لىتىش ئۈچۈن تەشۋىقاتنى كۈچەيتمەكتە . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونى تارىختا كۆلىمى ئەڭ چوڭ ، تەسىر دائىرىسى ئەڭ كەڭ
بولغان «شىنجاڭ مەنزىرىسى تۈمەن چاقىرىملىق سەپەر» ناملىق
تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق ساياھەت بايرىمى ئۆتكۈزدى . تۇرپان
شەھىرى ھەر يىلى ئۈزۈم بايرىمىغا ئوخشاش پائالىيەتلەرنى ئۆت-
كۈزۈش ئارقىلىق ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ ، سودىنى جانلان-
دۇرۇپ ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلەتمەكتە . ئاتۇش شەھىرى-
مۇ بىر قانچە قېتىملىق ئەنجۈر بايرىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆت-
كۈزدى . قەشقەر شەھىرى «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ
شۆھرىتىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى دارۋازلىق
سەنئىتى ئارقىلىق قەشقەرنى تونۇشتۇرۇش ، ساياھەتچىلەرنى
جەلپ قىلىش ئۈچۈن دارۋازلىق بايرىمى ئۆتكۈزدى . بۇ پائالىيەت-
لەرنىڭ شىنجاڭنى خەلقئاراغا ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە تونۇشتۇرۇش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تىكى رولى ناھايىتى زور بولدى.

شىنجاڭنىڭ مول ساياھەت بايلىقى نۆۋەتتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ناھايىتى ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتى يارىتىپ بەرمەكتە. ئۆتكەن يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ساياھەت تارماقلىرى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 9 مىليون ئادەم - قېتىمغا يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 7 مىليارد 180 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

ساياھەتچىلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپ، شۇنداقلا دۇنيادا ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ بىرى. ساياھەتچىلىك كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، باشقا جايلارنى چۈشىنىش، بىلىش يوللىرىنى ئېچىشتىكى مۇھىم ۋاستىگە ئايلاندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ساياھەتچىلىكتىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە نەپ ئالدى. ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشى نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنىش، جاھان كۆرۈش، دۇنيانى چۈشىنىش ئارزۇسى كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن ساياھەتچىلىك تېز تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانماقتا.

2001 - يىلى 11 - ئايدا ئېلىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكىمۇ پۈتۈن مەملىكەت ساياھەتچىلىكىگە ئوخشاش پۇرسەتكىمۇ، خىرىسقىمۇ دۇچ كەلدى. شىنجاڭ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، خىرىسنى كۈتۈۋېلىشقىمۇ ياخشى تەييارلىق قىلىپ قويدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نەيىم ياسىن بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى:

ئېلىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتى (WTO) غا كىرگەندىن كېيىن، رايونىمىز ساياھەتچىلىكى چەت ئەل ۋە ئىچكى جايلاردىكى ساياھەت

كارخانىلىرىنىڭ كەسكىن رىقابەتكە دۇچ كېلىدۇ. بىز كۆز قاراشنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتىپ، ساياھەت جەھەتتىكى روھىي ھالىتىمىزنى تەڭشەپ ۋە قارشى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان سەلبىي تەسىرلەرنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشىمىز، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز؛ ئىككىنچىدىن، بازار ئېچىش، كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تەشۋىقات، سېتىپ چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كۈچىنى كۈچەيتىشىمىز؛ ئۈچىنچىدىن، ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز، تۆتىنچىدىن، ساياھەت دائىرىسىنى تەسىس قىلىش خىزمىتىنى تېزلىتىشىمىز، WTO غا كىرگەندىن كېيىن بۇنىڭغا ماسلاشقان ساياھەت قانۇن - تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىقىشىمىز لازىم.

شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقى تولۇق ئېچىلىپ بولغىنى يوق. ئېلىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى تولۇق ئېچىشقا پايدىلىق پۇرسەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى پايدىسىز تەسىرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنىمۇ ئوبدان قىلىپ قويىدى. نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ، ساياھەتچىلىكنى جانلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش يولىدا زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئىشىنىمىزكى، ئىسلاھات بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى پارتىيىمىزنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا ئۆزىنىڭ جۇلاسى بىلەن كىشىلەرنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قوغۇن يۇرتىدا شادلىق كۈيى

گۈلباھار غوپۇر

«مېۋە - چېۋە ماكانى» دەپ نام ئالغان قۇمۇل ئەلا سۈپەت-
لىك قوغۇنى بىلەن مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق.
ئىلگىرى قۇمۇل يىپەك يولىدىكى مۇھىم بازار ئىدى. جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇلدىكى ھەرمىللەت
خەلقى ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ
ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، جاپاغا چىداپ
ئىگىلىك تىكلەپ، قۇمۇلدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىننى گۈللەن-
دۈرۈش يولىدا سان - ساناقسىز تەسىرلىك ھېكايىلەرنى پۈتۈپ،
شادلىق كۈيلىرىنى ياڭرىتىپ كەلمەكتە.

قۇمۇل — شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا جايلاشقان بو-
لۇپ، ئۇنىڭغا قۇمۇل شەھىرى، بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيە-
سى، ئاراتۈرك ناھىيىسى قارايدۇ. يەر مەيدانى 153 مىڭ كۋاد-
رات كىلومېتىر كېلىدۇ. 510 مىڭ نوپۇسى بار.

قۇمۇل ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە. تەڭرى-
تاغ تىزمىسى قۇمۇلنى شەرقتىن غەربكە ئوتتۇرىدىن كېسىپ
ئۆتكەچكە، قۇمۇلدا ھەم شىمالىي شىنجاڭنىڭ، ھەم جەنۇبىي
شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتى مۇجەسسەملەشكەن. تاغنىڭ جەنۇبىي
قىسمى قوغۇن، ئۈزۈم، چىلان قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى
ئۆستۈرۈشكە، تاغنىڭ شىمالىدىكى داڭلىق بارىكۆل يايلىقى چار-

ۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. قۇمۇلدا كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، زاپىسى مول. ھازىرغىچە 76 خىل مەھسۇلات تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. يېقىندا يەنە زاپىسى 10 مىليون توننىدىن ئاشىدىغان توپادۆڭ مىس كېنى بايقالدى. قۇمۇلنىڭ ساياھەت بايلىقىمۇ ئىنتايىن مول ھەم ئۆزگىچە بولغاچقا، كىشىلەر قۇمۇلنى «شىنجاڭدىكى بارلىق مەنزىرىلەر مۇجەسسەملەشكەن جاي، قۇمۇلنى ساياھەت قىلىسىڭىز پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مەنزىرىلىرىنى كۆرگەندەك بولىسىز» دەپ تەرىپلىشىدۇ. قۇمۇل جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبىدىن قاتناش جەھەتتە ئەزەللىككە ئىگە. لەنجۇ - ئۈرۈمچى تۆمۈر يولى، دۆلەت تاش يولىنىڭ 312 - لىنىيىسى قۇمۇلنى كېسىپ ئۆتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇپ، ھازىر قۇمۇل شەھىرى شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەرلىرى قاتارىغا كىردى. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك، تېخنىكىسى ئىلغار، مەبلىغى كۆپ بولغان 21 كارخانىسى قۇمۇلدا بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەۋزەللىكى يۇغۇرۇلغان. قۇمۇل ۋىلايىتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشتە پايدىلىق شارائىتقا ئىگە بولغانلىقتىن، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلدى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىمۇ تېز بولدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى مەسئۇل رەھبەرلەرنىڭ قۇمۇلنىڭ يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيانقى نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئېيتىشىچە، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدىن، بولۇپمۇ مەركەز غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، قۇمۇل ۋىلايىتى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش تارىخىي پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسا-

www.uyghurkitap.com

دىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا چىڭ تۇرۇپ ، كان مەھسۇلاتلىرى ، دېھقانچىلىق ۋە ساياھەتچىلىكتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بايلىق ئەۋزەللىكى ھەمدە جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكتىن تولۇق پايدىلىنىپ ، سانائەتنى يېتەكچى قىلىغان ، بازارغا يۈزلەنگەن ، يېزا ئىگىلىكى ۋە ساياھەتچىلىكنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىسادىي ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈش ، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش ، قومۇلنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى تېز ، ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان . 2001 - يىلى قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليارد 706 مىليون يۈەنگە يېتىپ ، 1997 - يىلىدىكىدىن 36% ، يىلىغا 8 پىرسەنتتىن ئاشقان . كەسىپ قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز سەرخىللىشىپ ، 1 - ، 2 - ، 3 - كەسىپلەرنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1997 - يىلدىكى 25% ، 35% ۋە 40% تىن 18% ، 35% ۋە 47% گە تەڭشەلگەن . 2001 - يىلى يىللىق مالىيە كىرىمى 202 مىليون يۈەن بولۇپ ، 1997 - يىلدىكىدىن 60% ، يىلىغا 12% تىن ئاشقان . خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ ، تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن . 2001 - يىلى ۋىلايەت بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1936 يۈەنگە يېتىپ ، 1997 - يىلىدىكىدىن 397 يۈەن كۆپىيىپ ، 24% ئاشقان . ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 11 مىڭ 46 يۈەن بولۇپ ، 1997 - يىلدىكىدىن 4676 يۈەن ئېشىپ ، 73% ئاشقان . شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت قالدۇقى تۆت مىليارد 364 مىليون يۈەنگە يېتىپ ، 1997 - يىلدىكىدىن 72% ئاشقان . دېمەك ، 15 - قۇرۇلتايدىن بۇيانقى بەش يىل قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان ، خەلقنىڭ تۇرمۇش

سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان بەش يىل بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىنغان. تارىختا قۇمۇل نۇرغۇن ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلەر ئاق قالدىغان، ھېچقانداق ئىش روناق تاپمايدىغان بولۇپ قالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپالىق كۆرەش قىلىپ، نۇرغۇن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، قۇمۇلنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، قۇمۇلدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، يېزىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بۇ نىشاننى چۆرىدىگەن ھالدا يېزا ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزىلاردا ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا باغۋەنچىلىكنى، شىمالىدا چارۋىچىلىقنى، پۈتۈن دائىرىدە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى گەۋدىلىك يولغا قويۇپ، كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش، كەسىپلەشكەن تىجارەت قەدىمىنى تېزلەتكەن.

1998 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بىر مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، يېزا ئىقتىسادىي ئومۇمىي كىرىمى 867 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن ئايرىم -

ئايرىم ھالدا 17 ھەسسە ۋە 27 ھەسسە ئاشقان .

قۇمۇل ۋىلايىتى كەلگ كۆلەمدە ئېتىز ـ ئېرىق ، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ ، يېزىلارنىڭ قىياپىتى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى . 1955 ـ يىلدىن 1998 ـ يىلغىچە سۇ ئىنشائاتىغا 470 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ، 35 سۇ ئامبىرى ياسىدى . بۇنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 9150 كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ . 6730 كىلومېتىر ئۆستەڭ ياسىدى ، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 1955 ـ يىلدىكى 6670 گېكتاردىن 1998 ـ يىلى 672 مىڭ گېكتاردىن كۆپرەك ـ كە يەتتى .

قۇمۇل ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كىرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان . لېكىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قۇمۇلنىڭ قاتناش شارائىتى ناھايىتى قالاق ئىدى ، ئات ، كالا ، تۆگە ئاساسلىق قاتناش قورالى ھېسابلىناتتى . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قاتناش ـ ترانسپورت ئەھۋالى ئۈز ـ لۈكسىز ياخشىلاندى . ھازىر لەنجۇ ـ ئۈرۈمچى قوش لىنىيىلىك تۆمۈر يولى ، 312 ـ نومۇرلۇق دۆلەت تاش يولى پۈتۈن قۇمۇلنى ھەرقايسى جايلار بىلەن تۇتاشتۇردى . 1998 ـ يىلى تاش يول قاتناش لىنىيىسى 3390 كىلومېتىرغا يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك تاش يول 2200 كىلومېتىرغا يېتىدۇ . ھازىر ھەرخىل زامانىۋى قاتناش قوراللىرى پۈتۈن قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھەممە يېرىگە قاتنايدۇ . ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، بولۇپمۇ پار ـ تىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇري مەھكىمە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى قۇرۇلمىنى تەڭشەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى . قىسقىغىنە بىرقانچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق خۇسۇسىي ۋە يەككە ئىگىلىكنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ،

تىجارەت سوممىسى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. دەرىجىسى ئۆ- سۈپ، شەكلى كۆپ خىللىشىپ، كۆلەملىشىش، كەسپىلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە يەككە سودا - سانائەتچى 12 مىڭدىن ئاشتى. ئۇ- بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 19 مىڭغا يېقىنلاشتى. ئۇ- لارنىڭ تىزىملىكتىكى مەبلىغى 197 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇلارنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج - پايدىسى 19 مىليون 845 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ۋىلايەتنىڭ يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ 13.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ھازىر پۈتۈن قۇمۇل ۋىلايىتىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 10 پىرسەنتتىن ئاشتى.

قۇمۇلدا كان بايلىقىنىڭ تۈرى كۆپ، زاپىسى مول، ئېچىش قۇلايلىق، پايدىلىنىش ئىستىقبالى پارلاق.

قۇمۇلنىڭ ھازىرغا قەدەر بايقالغان كان بايلىقى 76 تۈرگە يېتىدۇ. ئاساسەن ئالتۇن، مىس، نېكىل، تۆمۈر، كۆمۈر، تاش مەھسۇلاتلىرى. بۇنىڭدا ھازىر ئېچىلىۋاتقان كان تۈرى 32 گە يېتىدۇ. دۇنيا بويىچە 10 چوڭ كۆمۈر كانىنىڭ بىرى مۇشۇ قۇمۇل ۋىلايىتىدە. بۇنىڭدىن باشقا تاش ماتېرىياللىرى جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرى ئەڭ كۆپ، سۈپىتى بىرقەدەر ياخشى مەھسۇلاتتىن 20 نەچچىسى بار، ھازىر ئېچىلىش ئۇستىدە. ئۇ- نىڭدىن باشقا خىمىيە سانائىتى ماتېرىياللىرىدىن تۇز، كالىي قاتارلىقلار بار، بۇلارنىڭ قىممىتىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى. ھازىرقى كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 6 مىليارد يۈەنگە يېتىدۇ. بۇ پۈتۈن قۇمۇلنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي قىممىتىنىڭ 30 پىرسەن- تىنى ئىگىلەيدۇ.

قۇمۇلدا كان بايلىقى مول بولۇپلا قالماي، يەنە ساياھەت

بايلىقىمۇ ئىنتايىن مول . ۋىلايەت بويىچە 200 دىن ئارتۇق تۇپ-رۇندا داڭلىق ئاسار ئەتىقە بار . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە ساياھەتچىلىكنى ۋىلايەت-نىڭ ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان كەسپى قىلىپ ، تەڭرىتېغى-نىڭ جەنۇبىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەت مەنزىرىسى ۋە چۆل مەنزىرىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ، سەھرا مەنزىرىسى ، تاش مەنزىرىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىش ؛ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا مەنزىرىلىك ساياھەت رايونلىرىنى ئېچىپ ، ئورمان ، يايلاق ، قار-لىق تاغنى نۇقتا قىلغان تەبىئىي مەنزىرە ۋە قازاقلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەت مەنزىرىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى .

1978 ـ يىلدىن ئىلگىرى قۇمۇل سودا ئىشلىرىدا بىرقەدەر ئارقىدا بولۇپ ، تىجارەت شەكلى بىرخىل ، ئوبوروت يوللىرى راۋان ئەمەس ئىدى . پارتىيە 13 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، بولۇپمۇ ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇر-لىشىشىغا ئەگىشىپ سودا جانلىنىپ ، تىجارەت شەكلى ، تىجارەت ئۇسۇلى ۋە ئوبوروت يولى كۆپ خىل بولغان سودا تورى شەكىل-لەندى . ھازىر قۇمۇلدىكى سودا بازىرى 100گە يېقىنلاشتى . ئىچكى سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تاشقى سودا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى . ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى ھەسسىلەپ ئاشتى . تاشقى سودا كۆلىمى بارغانسېرى كېڭەيدى . گۇڭگۇرتلۇق شور قاتارلىق مەھسۇلاتلار دۆلەتلىك ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى تەرىپىدىن كارانتىندىن خالىي ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دەپ باھالىنىپ ، ياپونىيە ، ئامېرىكا ، فرانسىيە قاتار-لىق 20 نەچچە دۆلەتكە ئېكسپورت قىلىندى . 1991 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ تۆمۈرتام چېگرا ئېغىزى ئېچىۋېتىل-دى . بۇنىڭ بىلەن قۇمۇلنىڭ چېگرا سودىسىدا تارىخىي خاراك-

تېرلىك بۇسۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

دۆلەت پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىمۇ پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، «پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق قۇمۇلنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئېھتىياجغا قاراپ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى يېڭىدىن قۇردى. ئالىي تېخنىكوم، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى ۋە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، باشلانغۇچ مائارىپتىن تولۇق ئوتتۇرا مائارىپقىچە، ئادەتتىكى مائارىپتىن چوڭلار مائارىپىغىچە بىرقەدەر تولۇق بولغان مائارىپ سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى % 4 .99 كە يەتتى. قۇمۇلنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى خېلى زور تەرەققىي قىلدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بولسا ياتاقلىق مەكتەپلەر ۋە مۇقىم مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، چەت-يىراق چارۋىچىلىق رايونىدىكى قازاق بالىلىرى سىستېمىلىق تەربىيە كۆرىدىغان بولدى.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە «پەن - تېخنىكا ئارقىلىق قۇمۇلنى گۈللەندۈرۈش»نى مۇھىم ئىشلار قاتارىدا چىڭ تۇتتى. 1998 - يىلغىچە ۋىلايەت دەرىجىلىك پەن - تەتقىقات ئورنىدىن تۆتنى، پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ئورگىنىدىن ئوننى، پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت ئورگىنىدىن 79 نى قۇردى. 15 مىڭغا يېقىن كەسپىي تېخنىكا خادىمنى تەربىيىلىدى. بۇنىڭ بىلەن كەسىپ تۈرى بىرقەدەر تولۇق، ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان پەن - تېخنىكا قوشۇنى بارلىققا كەلدى. 1998 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

284 تۈر ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . 28 تۈر دۆلەت ۋە مىنىستىرلىك دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ، 133 تۈر ۋىلايەت دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . تەقدىرلەشكە ئېرىشكەن پەن ـ تېخنىكا خادىمى 900 ئادەم-قېتىمغا يەتتى .

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا ، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى . شەھەر يوللىرى كېڭەيتىپ ياسالدى . يول بويلىرى كۆكەرتىلدى . خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سەھىيە ئورگانلىرى تولۇقلاندى . سەھىيە خادىملىرىنىڭ ساپاسى ئۆستۈرۈلدى . نەتىجىدە ، قۇمۇل شەھىرى مەملىكەت بويىچە 100 پاكىز شەھەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى . خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ ، باغچىسىمان ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان بولدى . بەختىيار تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان قۇمۇل خەلقى شادلىق ناخشىسىنى تېخىمۇ جاراڭلىق ياڭرىتىدىغان بولدى .

50 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ، بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى تەرەققىيات ئارقىلىق قۇمۇل ۋىلايىتى ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي جەھەتتە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، ئالەمنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا . بۈگۈنكى كۈندە مول بايلىققا ، ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈككە ئىگە قۇمۇل يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەرقايسى ساھەلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئارقىلىق بۈگۈندىن كېيىنكى تەرەققىياتنى تېزلىتىشنىڭ ئاساسىنى پۇختىلىدى . 21 ـ ئەسىردىكى قۇمۇل غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگۈسى .

# غەربىي رايوننى ئېچىش — شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت

گۇلباھار غوپۇر

جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قانات قېقىپ پەرۋاز قىلدۇرۇش غەربىي رايون بۇ بۈركۈتنىڭ ئۇخشاتساق، غەربىي رايون بۇ بۈركۈتنىڭ بىر قانىتى. شۇڭا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئىگىلەپ، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە بۇ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى چىقارغان. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن يەنە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى — ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، پەن - تېخنىكا، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دەپ بېكىتتى. شىنجاڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى نۇقتىلىق رايون. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا قانداق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى؟ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى مىللەتلەر مەركىزىنىڭ شىنجاڭنى زى-

يارەت قىلىش مۇخبىرلار ئۆمىكىنىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى ئاساسىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

### 1. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش قەدىمى تېزلەتىلدى

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا شىنجاڭغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم مەسىلە — قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، ئۆز ئۇستۇنلۇكىنى نامايان قىلىش مەسىلىسى، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش مەسىلىسى. چۈنكى بازار بارغانسېرى رەھىمسىز بولىدۇ. بازار قويىۋېتىلگەندىن كېيىن رىقابەت چوقۇم كەسكىن بولىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، بىر ئاق، بىر قارا مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئۇستۇنلۇككە ئىگە بايلىقنى ئىقتىسادىي ئۇستۇنلۇككە ئايلاندۇرۇش تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى، بېيىتتى. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشنى چۆرىدەپ، ئاشلىق بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا سۇ، تۇپراق، قۇياش نۇرى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش توغرىسىدا مۇنداق دېدى:

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شىنجاڭغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىمى قۇرۇلمىنى تەڭشەش. ئىقتىسادىي قۇرۇلما تەڭشەش باشلىنىپ ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە ئىقتىسادىي زىرائەت بارلىق تېرىقچىلىق كۆلىمىنىڭ 49 پىرسەنتىنى ئىگىلە-

دى ، يەنى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ يېرىمىغا يېقىن قىسمىغا
ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى . بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىكىدىن
مول ھوسۇل ئېلىشقا خېلى ياخشى ئاساس سېلىندى . پۈتكۈل
خەلق ئىگىلىكىدە 1 - ، 2 - ، 3 - كەسىپتە قۇرۇلمىنى تەڭشەش-
مۇ ناھايىتى روشەن بولدى . ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت قۇرۇلمىنى
تەڭشەش ئارقىلىق 1 - ، 2 - ، 3 - كەسىپنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە
ئىگىلىگەن نىسبىتى 1998 - يىلدىكى 26.1% ، 38.6% ،
35.4% تىن 1 - كەسىپ 19.3% ، 2 - كەسىپ تەرەققىي
قىلىپ 43.1% ، 3 - كەسىپ 37.6% پىرسەنتكە تەڭشەلدى .
يەنى 1 - ، 2 - ، 3 - كەسىپنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن
نىسبىتىدە خېلى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇكى ، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلمىسى بارغانسېرى
جانلىق بولماقتا . بۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشىنىڭ
دەسلەپكى قەدەمدە باشلىنىشى . بۇنىڭدىن كېيىن دۆلىتىمىز دۇن-
يا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى ئىچكى - تاشقى بازار-
نىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئىشى
يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ .
2001 - يىلى پاختىنى ئاساس قىلغان ئۆزگىچە ئىقتىسادىي
زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 49 پىرسەنتكە يېقىنلىشىپ ،
1998 - يىلدىكىدىن 4% ئاشتى . چارۋىچىلىقنىڭ يىرىك يېزا
ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1998 - يىلدىكى 23.5 پىر-
سەنتتىن 27.8 پىرسەنتكە ئۆرلەپ ، يېقىنقى ئىككى يىلدا دېھقان-
لارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشنىڭ يېڭى نۇقتىسىغا ئايلاندى . باغ-
ۋەنچىلىك كۆلىمى يىلىغا 920 مىڭ مولۇق سۈرئەت بىلەن
كېڭىيىپ ، ئومۇمىي كۆلىمى 4 مىليون موغا ، مېۋە - چېۋە
مەھسۇلاتى 1 مىليون 800 مىڭ تونىنغا يەتتى . 2001 - يىلى
سانائەت قوشۇلما قىممىتى 45 مىليارد يۈەنگە يېتىپ ، 1998 -

يىلدىكىدىن% 50 ئاشتى . ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 148 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ ، 1998 - يىلدىكىدىن % 3 .25 ئاشتى . مالىيە كىرىمى 17 مىليارد 808 مىليون يۈەنگە يەتتى . شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 6590 يۈەنگە ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 1718 يۈەنگە يېتىپ ، 1998 - يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا % 4 .28 ۋە % 4 . 7 ئاشتى .

**2 . ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى**

«باي بولاي دېسەڭ ئاۋۋال يول ياسا» . بۇ — ئالدىن بېيىغان رايونلار ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن چىقارغان يەكۈن . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان ، بولۇپمۇ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان يىلىغا 800 كىلومېتىردىن 1000 كىلومېتىرغىچە يېڭى تاش يول ياسالدى . تېز سۈرئەتلىك تاش يولمۇ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ ، 600 كىلومېتىرغا يەتتى . بۇ يىلنىڭ بېشىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە تېلېفون تۇتاشتۇرۇلغان يېزا - بازار 930 غا ، مەمۇرىي كەنت 6526 گە يەتتى . ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ مۇھىت مەسىلىسى گەۋدىلىك مەسىلىگە ئايلاندى . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇھىت ئاسراشنىمۇ مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزدى . ۋاڭ لېچۇەن بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى :

بۇنىڭدىن باشقا ، بۇ مەزگىلدە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىمۇ

شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 50 يىلدا بىر مەزگىل ئىچىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇھىت ئاسراشقا سەل قارايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت يامانلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ بەش يىلدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇشىمىز يەنە ئۆستى. ھازىر ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۇ-مەت ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇھىت ئاسراش ئاڭلىقلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولماقتا. شىنجاڭغا ئوخشاش مۇھىت جەھەتتە ئاجىز رايونغا نىسبەتەن ئېكولوگىيىنى ئاسراش، كېيىنكى ئەۋ-لادلارغا ياخشى ياشاش مۇھىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇل-لىنىش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىش مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقىنى ھەممەيلەن تونۇپ يەتتى. بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلار غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئىلگىرىكىدەك ئېكولوگىيىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلـ-دۇرىدىغان يولدا مېڭىشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن مۇھىتنى ياخشىلاشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش كې-رەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جەھەتتە خېلى ياخشى خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. مانا مۇشۇ مەزگىلدە بىز تەڭرىتېغى بىلەن ئالتاي تېغىدىكى ئىپتىدائىي ئورماننى كېسىپ سېتىشنى توختاتتۇق. ئىلگىرى شىنجاڭدا ھەر يىلى 400 مىڭ كۇادرات مېتىردىن ئارتۇق ئورمان كېسىلەتتى، بۇ ئىپتىدائىي تەبىئىي ئورماننى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە يېقىنقى يىللاردا سودا ئۈچۈن كېسىشنى پۈتۈنلەي توختاتتۇق. شىنجاڭنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېكولو-گىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق يەنە ئادەم كۈچى بىلەن ئورمان بەرپا قىلىش، تۈزلەڭلىكتە شامالدىن مۇداپىئە كۆرىدىغان ئىھاتە ئور-مىنى، ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلىش سۈرئىتىنى تېزلەتتۇق. ئىلگىرى يېزىلاردا كېسىپ تاشلانغان دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئورنىغا

تىجارىتى قاتارلىق كەسپلەر بىۋاستە گۈللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. پىششىقلاپ ئىشلەش، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، بىناكارلىق قاتارلىق كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋاستىلىق ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، شۇنىڭدەك ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرستى كۆپىيىدۇ.

كىشىلەر ئىلگىرى ساياھەتچىلىكنى «ئىسراپچىلىق» دەپ قاراپ، «بۇ پۇلدارلار بەھرىمەن بولىدىغان ئىش، ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ساھە» دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا 1979 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن بۇ ساھە بىر بوشلۇق ئىدى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىيات يولىغا ماڭدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ساياھەتتىن ئىبارەت بۇ كەسپىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى مۇھىم ئورنىنى تونۇشقا باشلىدى. شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى قېزىلما بايلىقلىرىغا باي گۆھەر زېمىن بولۇپلا قالماي، يەنە يەر ئۈستىدىمۇ دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ساياھەت بايلىقلىرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. نەتىجىدە شىنجاڭنىڭ بۇ جەھەتتىكى بايلىق ئۈستۈنلۈكى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلىنىشقا باشلىدى.

شىنجاڭ ساياھەتچىلىكتە ناھايىتى ياخشى ئۈستۈنلۈككە ئىگە. بۇ ئۈستۈنلۈك تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، تەبىئىي مەنزىرە ساياھەتچىلىكى. ئىككىنچى، قەدىمىي ئاسار ئەتىقە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساياھەتچىلىكى. ئۈچىنچى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ساياھەتچىلىكى. ئالايلۇق، ئالتايدىكى قاناس كۆلىدىن قۇمۇلدىكى ئاقتاشقىچە، غۇلجا سايرام كۆلىدىن جەنۇبتىكى قەشقەر، خوتەنگىچە بولغان كەڭ رايونلاردىكى

بۇلغىنىشتىن خالىي ساپ ھاۋالىق كۆپكۆك ئاسمان ، ئاپئاق بۇ-
لۇتلار ، قارلىق تاغلار ، تاغ باغرىدىكى يېشىل مەخمەلدەك سوزۇ-
لۇپ ياتقان يايلاقلار ، قەدىمىي ئورمانلىق ئارىسىدىكى شىلدىرلاپ
ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇلار ، ئاجايىپ سېھرىي تۇس ئالغان
ئۆزگىرىشچان قۇم بارخانلىرى . . . قوشۇلۇپ تولىمۇ گۈزەل بىر
سترېئولۇق مەنزىرە ھاسىل قىلغان . قەدىمىي قەلئە ، ئىبادەتخا-
نا ، مىڭ ئۆيلەر ئۇزاق تارىخنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ
ئوي - خىيالىنى نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى زامانلارغا باشلىسا ،
بۇ قەدىمىي يىپەك يولى ۋادىسىدا ياشاپ ئۆتكەن مىللەتلەرنىڭ
مىللىي ئۆرپ - ئادىتى ، مىللىي كىيىم - كېچىكى ، يېمەك -
ئىچمەك ۋە باشقا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى كىشىلەرگە دۇنيا-
نىڭ ھەقىقەتەن رەڭگارەڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھەقىقەتەن مول ساياھەت
بايلىقىغا ئىگە . بوغدا كۆلى ، چوگىر چوققىسى ، مۇزتاغ ئاتا ،
پامىر تاغلىرى ۋە تۆمۈر چوققىسى قاتارلىق سۈرەتتەك گۈزەل
كۆل ۋە كۆك بىلەن بويى تالىشىپ تۇرىدىغان ئاق باش چوققىلار
ھەيۋەتلىك قىياپىتى بىلەن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلسا ، دۇنيا
بويىچە 2 - چوڭ قۇملۇق سانىلىدىغان تەكلىماكاندىكى سىرلىق
قۇم بارخانلىرى ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ ، كىشى-
لەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ . يىپەك يولى بويىدىكى كىرورەن ،
مىرەن ، يارغول ، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھەر ئىزنالىرى پارلاق
تارىخىي مەدەنىيىتىمىزنى نامايەن قىلسا ، قىزىل ، قۇمتۇرا مىڭ-
ئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرى قەدىمىي سەنئىتىمىزنىڭ ھاياتى
كۈچى بىلەن كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدۇ . پايانسىز كەتكەن بوس
تانلىقلار ۋە بوستانلىقلاردا ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ
ئادىتى ، يېمەك - ئىچمەك ، كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ، بىنا
كارلىق سەنئىتى ، ناخشا - ئۇسسۇللىرى ، تۆت پەسىلنىڭ روشەن

www.uyghurkitap.com

پەرقلىنىشىدىن ھاسىل بولغان تەبىئىي مەنزىرىلەر قوشۇلۇپ ئۆزگىچە ساياھەت مۇھىتىنى شەكىللەندۈرگەن .

شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولغان بوغدا كۆلى فۇكاڭ شەھىرى تەۋەسىدە بولۇپ ، گوۋۇيۈەن تۇنجى قېتىم بېكىتكەن 4A دۆلەت دەرىجىلىك مەنزىرىلىك ساياھەت رايونلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ . بوغدا كۆلى دېڭىز يۈزىدىن 1910 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ ، سۇ يۈزىنىڭ كۆلىمى بەش كۋادرات كىلومېتىر ، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 102 مېتىر كېلىدۇ . بۇ رايوندا مۇز تاغ ، قارلىق چوققا ، ئورمانلىق ، چىملىق ، كۆل ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ستېرېئولۇق مەنزىرە شەكىللەنگەن .

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان فۇكاڭ شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بوغدا كۆلى مەنزىرىلىك ساياھەت رايونىنى ئېچىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى . ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ئايىماي مەبلەغ سالدى . بۇ ئارقىلىق ساياھەتچىلەرنى كۆپلەپ جەلپ قىلىپ ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى .

«قاناس» دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىدا سىرلىق ھەم گۈزەل دېگەن مەنىدە بولۇپ ، قاناس كۆلى جۇڭگو - روسىيە چېگرىسىغا — ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرچىن ناھىيىسىگە جايلاشقان . قاناس مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى قۇربان - تۇڭغۇت چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم ئېكولوگىيىلىك رايون ھەم تەبىئىي مەنزىرىسى ساقلاپ قېلىنغان بىردىنبىر رايون . مەملىكىتىمىز بويىچە 2 - چوڭقۇر كۆل . بۇ كۆلدە دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان قىزىل باش بېلىق ياشايدۇ . دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان 4A دەرىجىلىك ساياھەت رايونى . ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئورۇن ۋە ئەۋزەل تەبىئىي شارائىت قاناسنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن . تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش بولمىغان گۈزەل مەنزىرە شەكىللىنىدۇ .

«ئالتۇن ماكان» دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن ئالتاي قاناستىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي گۈزەل مەنزىرىلىك رايونى بىلەن داڭلىق چىقارماقتا. ئىگىلىنىشىچە، ئالتاي شەھىرى مول ساياھەت بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى بولۇش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ساياھەتچىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ۋە ساياھەتچىلىكنى ئېچىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئېكولوگىيە ساياھىتى، يايلاق مەدەنىيىتى ساياھىتى، مىللىي ئۆرپ - ئادەت ساياھىتى بىرلەشتۈرۈلگەن چېگرادىكى مەنزىرىلىك ساياھەت شەھىرى بولۇش يولىدا ئىزدىنىۋېتىپتۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى تەبىئىي بايلىقىغا تايىنىپ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. تەبىئىي ساياھەت بايلىقى كەمچىل جايلارمۇ ساياھەتچىلىكنى يولغا قويۇشتا بوش كەلمىدى. قاراماي شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان شەھەر. بۇ يەردە بوغدا كۆلى، قاناس كۆلىگە ئوخشاش مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرى، تۇرپانغا ئوخشاش قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزنالىرى يوق. لېكىن قارامايلىقلار ساياھەت نۇقتىلىرىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرمەكتە، كىچىكلىكتىن زورايتماقتا. قاراماي شەھەر قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا. ھازىر قاراماي تېغى خەلق مەيدانى، قاراماي ئۆستىڭى، يېڭىدىن قۇرۇلغان مەدەنىيەت كوچىسى ساياھەت نۇقتىلىرىغا ئايلانماقتا. قارامايلىقلار نەچچە يۈز مىڭ يىللىق بوران - چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق شەكىللەنگەن شەيتان كەرىش دېگەن بىر جايىنى ساياھەت نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى. بۇ يەر 217 - دۆلەت تاش يولىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 100 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر ئىلگىرى پەقەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

فوتوگرافلارنىڭ شادلىق باغچىسى ، كىنو ـ تېلېۋىزىيەدە سۈرەتكە
ئېلىشتىكى مۇھىم بازا ئىدى . ھازىر قاراماي شەھىرى شەيتان
كەرىش ساياھەت رايونىنى ئېچىشقا بىرلەشتۈرۈپ ، شەيتان كە-
رىش خاتىرە مەھسۇلاتلىرى كەسپىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلى-
غان . قاراماي شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى خوڭشيانىڭ تو-
نۇشتۇرۇشىچە ، بۇ يەردە شەيتان كەرىش كوچىسى ، شەيتان كە-
رىش مۇزېيى ، شەيتان كەرىش جىلغىسى ھەمدە ئاۋاز ، نۇردىن
پايدىلىنىپ زامانىۋى كىنو شەھىرى قۇرۇلىدىكەن ھەمدە داڭلىق
خەلقئارالىق ساياھەت نۇقتىسى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلىدىكەن . بۇ
ساياھەت قۇرۇلۇش تورى پۈتسە قارامايىنىڭ ئالاھىدە مەنزىرە رايو-
نى بولۇپ قالىدىكەن .

ئۈرۈمچى شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سى-
ياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، قاتناش ۋە ئۇچۇر مەركىزى .
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن
بۇيان ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، ئۈرۈمچى
شەھىرىنىڭ قاتناش ، پوچتا ـ تېلېگراف ۋە مۇلازىمەتچىلىك ئىش-
لىرى كۆندىن كۆنگە ياخشىلىنىپ ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ساياھەت
ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن ماسلىشىپ بارماقتا . ئۈرۈم-
چى شەھىرى ئۆزىنىڭ ھەر خىل مىللىي مەدەنىيىتى ۋە سەنئى-
تى ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى قۇرۇلۇشى بىلەن نۇرغۇن جۇڭگولۇق
ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا . بۇنىڭ بىلەن
ئۈرۈمچى شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا كەلگەن
ساياھەتچىلەر توپلىشىدىغان ۋە تارقىلىدىغان ئەڭ چوڭ مەركەزگە
ئايلاندى . ئۈرۈمچىنىڭ ساياھەت بايلىقىمۇ ناھايىتى مول ، تۈرى
كۆپ ، قاتلىمى يۇقىرى ، سۈپىتى ئەلا ، پەسىل خاراكتېرى كۈچ-
لۈك ، تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق . ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە
قارلىق تاغ ، مۇزلۇق چوققا ، قارىغايلىق ، يايلاق ، كۆل ، چۆللۈك

قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرىلەرمۇ ، شەھەر ئىچىدە قىزىل تاغ باغچى-
سى ، خەلق باغچىسى ، دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرى ، شىنجاڭ مۇزې-
يى قاتارلىق ساياھەت نۇقتىلىرىمۇ بار .

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى-
نىڭ سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇشتەك ئەۋ-
زەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى-
نى يەنىمۇ نامايان قىلىش ئۈچۈن «ئىقتىسادتا كۈچلۈك ، ساياھەت-
تە داڭلىق شەھەر» قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ،
جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرگە تېخىمۇ گۈزەل سايا-
ھەت مەنزىرىلىرىنى كۆرسىتىپ ، ئۇلارنى تېخىمۇ قولايلىق ، تې-
خىمۇ ئەتراپلىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىمەكتە .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى شىنجاڭنى ، شىنجاڭنىڭ
ساياھەت بايلىقىنى تونۇشتۇرۇش ، ساياھەتچىلەرنى كۆپلەپ جەلپ
قىلىش ، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېز-
لىتىش ئۈچۈن تەشۋىقاتنى كۈچەيتمەكتە . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونى تارىختا كۆلىمى ئەڭ چوڭ ، تەسىر دائىرىسى ئەڭ كەڭ
بولغان «شىنجاڭ مەنزىرىسى تۈمەن چاقىرىملىق سەپەر» ناملىق
تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق ساياھەت بايرىمى ئۆتكۈزدى . تۇرپان
شەھىرى ھەر يىلى ئۈزۈم بايرىمىغا ئوخشاش پائالىيەتلەرنى ئۆت-
كۈزۈش ئارقىلىق ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ ، سودىنى جانلان-
دۇرۇپ ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلەتمەكتە . ئاتۇش شەھىرى-
مۇ بىر قانچە قېتىملىق ئەنجۈر بايرىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆت-
كۈزدى . قەشقەر شەھىرى «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ
شۆھرىتىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى دارۋازلىق
سەنئىتى ئارقىلىق قەشقەرنى تونۇشتۇرۇش ، ساياھەتچىلەرنى
جەلپ قىلىش ئۈچۈن دارۋازلىق بايرىمى ئۆتكۈزدى . بۇ پائالىيەت-
لەرنىڭ شىنجاڭنى خەلقئاراغا ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە تونۇشتۇرۇش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىكى رولى ناھايىتى زور بولدى .

شىنجاڭنىڭ مول ساياھەت بايلىقى نۆۋەتتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ناھايىتى ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتى يارىتىپ بەرمەكتە . ئۆتكەن يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ساياھەت تارماقلىرى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 9 مىليون ئادەم ـ قېتىمغا يەتتى . ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 7 مىليارد 180 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى .

ساياھەتچىلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپ ، شۇنداقلا دۇنيادا ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ بىرى . ساياھەتچىلىك كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ، باشقا جايلارنى چۈشىنىش ، بېيىش يوللىرىنى ئېچىشتىكى مۇھىم ۋاستىگە ئايلاندى . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ساياھەتچىلىكتىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە نەپ ئالدى . ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ، تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشى نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنىش ، جاھان كۆرۈش ، دۇنيانى چۈشىنىش ئارزۇسى كۈچەيدى . شۇنىڭ بىلەن ساياھەتچىلىك تېز تەرەققىي قىلىپ ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانماقتا .

2001 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئېلىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىردى . شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكىمۇ پۈتۈن مەملىكەت ساياھەتچىلىكىگە ئوخشاش پۇرسەتكىمۇ ، خىرىسقىمۇ دۇچ كەلدى . شىنجاڭ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە ، خىرىسنى كۈتۈۋېلىشقىمۇ ياخشى تەييارلىق قىلىپ قويدى . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نەيىم ياسىن بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى :

ئېلىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتى (WTO ) غا كىرگەندىن كېيىن ، رايونىمىز ساياھەتچىلىكى چەت ئەل ۋە ئىچكى جايلاردىكى ساياھەت

كارخانىلىرىنىڭ كەسكىن رىقابەتكە دۇچ كېلىدۇ. بىز كۆز قاراشنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتىپ، ساياھەت جەھەتتىكى روھىي ھالىتىمىزنى تەڭشەپ ۋە قارشى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان سەلبىي تەسىرلەرنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشىمىز، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز؛ ئىككىنچىدىن، بازار ئېچىش، كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تەشۋىقات، سېتىپ چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كۈچىنى كۈچەيتىشىمىز؛ ئۈچىنچىدىن، ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز، تۆتىنچىدىن، ساياھەت دائىرىسىنى تەسىس قىلىش خىزمىتىنى تېزلىتىشىمىز، WTO غا كىرگەندىن كېيىن بۇنىڭغا ماسلىشىدىغان ساياھەت قانۇن - تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىقىشىمىز لازىم.

شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقى تولۇق ئېچىلىپ بولغىنى يوق. ئېلىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى تولۇق ئېچىشقا پايدىلىق پۇرسەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى پايدىسىز تەسىرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنىمۇ ئوبدان قىلىپ قويدى. نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ، ساياھەتچىلىكنى جانلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش يولىدا زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئىشىنىمىزكى، ئىسلاھات بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى پارتىيىمىزنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا ئۆزىنىڭ جۇلاسى بىلەن كىشىلەرنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قوغۇن يۇرتىدا شادلىق كۈيى

گۈلباھار غوپۇر

«مېۋە ـ چېۋە ماكانى» دەپ نام ئالغان قۇمۇل ئەلا سۈپەت-
لىك قوغۇنى بىلەن مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق .
ئىلگىرى قۇمۇل يىپەك يولىدىكى مۇھىم بازار ئىدى . جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇلدىكى ھەرمىللەت
خەلقى ھەمنەپەس ، تەقدىرداش ، قەلبداش بولۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ
ئەقىل ـ پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، جاپاغا چىداپ
ئىگىلىك تىكلەپ ، قۇمۇلدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىننى گۈللەن-
دۈرۈش يولىدا سان ـ ساناقسىز تەسىرلىك ھېكايىلەرنى پۈتۈپ ،
شادلىق كۈيلىرىنى ياڭرىتىپ كەلمەكتە .

قۇمۇل — شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا جايلاشقان بو-
لۇپ ، ئۇنىڭغا قۇمۇل شەھىرى ، بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيە-
سى ، ئاراتۈرك ناھىيىسى قارايدۇ . يەر مەيدانى 153 مىڭ كۋاد-
رات كىلومېتىر كېلىدۇ . 510 مىڭ نوپۇسى بار .

قۇمۇل ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە . تەڭرى-
تاغ تىزمىسى قۇمۇلنى شەرقتىن غەربكە ئوتتۇرىدىن كېسىپ
ئۆتكەچكە ، قۇمۇلدا ھەم شىمالىي شىنجاڭنىڭ ، ھەم جەنۇبىي
شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتى مۇجەسسەملەشكەن . تاغنىڭ جەنۇبىي
قىسمى قوغۇن ، ئۈزۈم ، چىلان قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى
ئۆستۈرۈشكە ، تاغنىڭ شىمالىدىكى داڭلىق بارىكۆل يايلىقى چار-

ۋچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ . قۇمۇلدا كان
مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ ، زاپىسى مول . ھازىرغىچە 76
خىل مەھسۇلات تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى . يېقىندا يەنە زاپىسى 10
مىليون توننىدىن ئاشىدىغان توپادۆڭ مىس كېنى بايقالدى . قۇ-
مۇلنىڭ ساياھەت بايلىقىمۇ ئىنتايىن مول ھەم ئۆزگىچە بولغاچقا ،
كىشىلەر قۇمۇلنى «شىنجاڭدىكى بارلىق مەنزىرىلەر مۇجەسسەم-
لەشكەن جاي ، قۇمۇلنى ساياھەت قىلىسىڭىز پۈتۈن شىنجاڭنىڭ
مەنزىرىلىرىنى كۆرگەندەك بولىسىز» دەپ تەرىپلىشىدۇ . قۇمۇل
جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبىدىن قاتناش جەھەتتە ئەزەللىككە ئى-
گە . لەنجۇ - ئۈرۈمچى تۆمۈر يولى ، دۆلەت تاش يولىنىڭ 312
- لىنىيىسى قۇمۇلنى كېسىپ ئۆتىدۇ . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان
قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەققىياتى ناھايىتى تېز
بولۇپ ، ھازىر قۇمۇل شەھىرى شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك
شەھەرلىرى قاتارىغا كىردى . مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىق-
تىسادىي ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك ، تېخنىكىسى ئىلغار ، مەبلىغى
كۆپ بولغان 21 كارخانىسى قۇمۇلدا بولۇپ ، ھەرقايسى تەرەپلەر-
نىڭ ئەۋزەللىكى يۇغۇرۇلغان . قۇمۇل ۋىلايىتى ئىقتىسادىي تە-
رەققىياتنى تېزلىتىشتە پايدىلىق شارائىتقا ئىگە بولغانلىقتىن ،
قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆزئارا ئۆگىنىپ ، ئور-
تاق تەرەققىي قىلدى ، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي
تەرەققىياتىمۇ ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىمۇ تېز بولدى .

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى مەسئۇل رەھبەرلەرنىڭ قۇمۇلنىڭ يې-
قىنقى بەش يىلدىن بۇيانقى نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئېيتىشى-
چە ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدىن ، بولۇپمۇ مەركەز غەربىي
رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويغاندىن
بۇيان ، قۇمۇل ۋىلايىتى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش
تارىخىي پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسا-

دي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ ، كان مەھسۇلاتلىرى ، دېھقانچىلىق ۋە ساياھەتچىلىكتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بايلىق ئەۋزەللىكى ھەمدە جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكتىن تولۇق پايدىلىنىپ ، سانائەتنى يېتەكچى قىلغان ، بازارغا يۈزلەنگەن ، يېزا ئىگىلىكى ۋە ساياھەتچىلىكنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىسادىي ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈش ، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش ، قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى تېز ، ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان . 2001 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليارد 706 مىليون يۈەنگە يېتىپ ، 1997 - يىلدىكىدىن 36% ، يىلىغا 8 پىرسەنتتىن ئاشقان . كەسىپ قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز سەرخىللىشىپ ، 1 - ، 2 - ، 3 - كەسىپلەرنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1997 - يىلدىكى 25% ، 35% ۋە 40% تىن 18% ، 35% ۋە 47% كە تەڭشەلگەن . 2001 - يىلى يىللىق مالىيە كىرىمى 202 مىليون يۈەن بولۇپ ، 1997 - يىلدىكىدىن 60% ، يىلىغا 12% تىن ئاشقان . خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ ، تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن . 2001 - يىلى ۋىلايەت بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1936 يۈەنگە يېتىپ ، 1997 - يىلدىكىدىن 397 يۈەن كۆپىيىپ ، 24% ئاشقان . ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 11 مىڭ 46 يۈەن بولۇپ ، 1997 - يىلدىكىدىن 4676 يۈەن ئېشىپ ، 73% ئاشقان . شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت قالدۇقى تۆت مىليارد 364 مىليون يۈەنگە يېتىپ ، 1997 - يىلدىكىدىن 72% ئاشقان . دېمەك ، 15 - قۇرۇلتايدىن بۇيانقى بەش يىل قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان ، خەلقنىڭ تۇرمۇش

سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان بەش يىل بولۇپ، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىنغان. تارىختا قومۇل نۇرغۇن ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلەر ئاق قالدىغان، ھېچقانداق ئىش روناق تاپمايدىغان بولۇپ قالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قومۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپالىق كۈرەش قىلىپ، نۇرغۇن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، قومۇلنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، قومۇلدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، يېزىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بۇ نىشاننى چۆرىدىگەن ھالدا يېزا ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزىلاردا ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا باغۋەنچىلىكنى، شىمالىدا چارۋىچىلىقنى، پۈتۈن دائىرىدە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى گەۋدىلىك يولغا قويۇپ، كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش، كەسىپلەشكەن تىجارەت قەدىمىنى تېزلەتكەن.

1998 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بىر مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، يېزا ئىقتىسادىي ئومۇمىي كىرىمى 867 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن ئايرىم -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

ئايرىم ھالدا 17 ھەسسە ۋە 27 ھەسسە ئاشقان.

قۇمۇل ۋىلايىتى كەڭ كۆلەمدە ئېتىز - ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، يېزىلارنىڭ قىياپىتى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. 1955 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە سۇ ئىنشائاتىغا 470 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 35 سۇ ئامبىرى ياسىدى. بۇنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 9150 كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ. 6730 كىلومېتىر ئۆستەڭ ياسىدى، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 1955 - يىلدىكى 6670 گېكتاردىن 1998 - يىلى 672 مىڭ گېكتاردىن كۆپرەك-كە يەتتى.

قۇمۇل ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كىرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان. لېكىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قۇمۇلنىڭ قاتناش شارائىتى ناھايىتى قالاق ئىدى، ئات، كالا، تۆگە ئاساسلىق قاتناش قورالى ھېسابلىناتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قاتناش - ترانسپورت ئەھۋالى ئۈز-لۈكسىز ياخشىلاندى. ھازىر لەنجۇ - ئۈرۈمچى قوش لىنىيىلىك تۆمۈر يولى، 312 - نومۇرلۇق دۆلەت تاش يولى پۈتۈن قۇمۇلنى ھەرقايسى جايلار بىلەن تۇتاشتۇردى. 1998 - يىلى تاش يول قاتناش لىنىيىسى 3390 كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك تاش يول 2200 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ھازىر ھەرخىل زامانىۋى قاتناش قوراللىرى پۈتۈن قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھەممە يېرىگە قاتنايدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ پار-تىيە 15 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى قۇرۇلمىنى تەڭشەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى. قىسقىغىنە بىرقانچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق خۇسۇسىي ۋە يەككە ئىگىلىكنىڭ مەھسۇلات قىممىتى،

تىجارەت سوممىسى زور دەرىجىدە كۆپەيدى . خوسۇسىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى . دەرىجىسى ئۆسۈپ ، شەكلى كۆپ خىللىشىپ ، كۆلەملىشىش ، كەسىپلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى . 1998 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە يەككە سودا - سانائەتچى 12 مىڭدىن ئاشتى . بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 19 مىڭغا يېقىنلاشتى . ئۇلارنىڭ تىزىملىكتىكى مەبلىغى 197 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى . ئۇلارنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج - پايدىسى 19 مىليون 845 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ، ۋىلايەتنىڭ يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ 13.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى . ھازىر پۈتۈن قۇمۇل ۋىلايىتىدە خوسۇسىي ئىگىلىكنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 10 پىرسەنتتىن ئاشتى .

قۇمۇلدا كان بايلىقىنىڭ تۈرى كۆپ ، زاپىسى مول ، ئېچىش قولايلىق ، پايدىلىنىش ئىستىقبالى پارلاق .

قۇمۇلنىڭ ھازىرغا قەدەر بايقالغان كان بايلىقى 76 تۈرگە يېتىدۇ . ئاساسەن ئالتۇن ، مىس ، نىكېل ، تۆمۈر ، كۆمۈر ، تاش مەھسۇلاتلىرى . بۇنىڭدا ھازىر ئېچىلىۋاتقان كان تۈرى 32 گە يېتىدۇ . دۇنيا بويىچە 10 چوڭ كۆمۈر كانىنىڭ بىرى مۇشۇ قۇمۇل ۋىلايىتىدە . بۇنىڭدىن باشقا تاش ماتېرىياللىرى جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرى ئەڭ كۆپ ، سۈپىتى بىرقەدەر ياخشى مەھسۇلاتتىن 20 نەچچىسى بار ، ھازىر ئېچىلىش ئۈستىدە . ئۇنىڭدىن باشقا خىمىيە سانائىتى ماتېرىياللىرىدىن تۇز ، كالىي قاتارلىقلار بار ، بۇلارنىڭ قىممىتىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى . ھازىرقى كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 6 مىليارد يۈەنگە يېتىدۇ . بۇ پۈتۈن قۇمۇلنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي قىممىتىنىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ .

قۇمۇلدا كان بايلىقى مول بولۇپلا قالماي ، يەنە ساياھەت

www.uyghurkitap.com

بايلىقىمۇ ئىنتايىن مول . ۋىلايەت بويىچە 200 دىن ئارتۇق تۇر
رۇندا داڭلىق ئاسار ئەتىقە بار . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قۇمۇل
ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە ساياھەتچىلىكنى ۋىلايەت-
نىڭ ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان كەسپى قىلىپ ، تەڭرىتېغى-
نىڭ جەنۇبىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەت مەنزىرىسى
ۋە چۆل مەنزىرىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ، سەھرا مەنزىرىسى ،
تاش مەنزىرىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىش ؛ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا
مەنزىرىلىك ساياھەت رايونلىرىنى ئېچىپ ، ئورمان ، يايلاق ، قار-
لىق تاغنى نۇقتا قىلغان تەبىئىي مەنزىرە ۋە قازاقلارنىڭ تۇرمۇش
ئۆرپ - ئادەت مەنزىرىسىنى گەۋدىلەندۇرۇپ ، ياخشى ئۇنۇمگە
ئېرىشتى .

1978 - يىلدىن ئىلگىرى قۇمۇل سودا ئىشلىرىدا بىرقەدەر
ئارقىدا بولۇپ ، تىجارەت شەكلى بىرخىل ، ئوبوروت يوللىرى
راۋان ئەمەس ئىدى . پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى
3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، بولۇپمۇ ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇر-
لىشىشىغا ئەگىشىپ سودا جانلىنىپ ، تىجارەت شەكلى ، تىجارەت
ئۇسۇلى ۋە ئوبوروت يولى كۆپ خىل بولغان سودا تورى شەكىل-
لەندى . ھازىر قۇمۇلدىكى سودا بازىرى 100گە يېقىنلاشتى .
ئىچكى سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تاشقى سودا جۇش
ئۇرۇپ راۋاجلاندى . ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى
ھەسسىلەپ ئاشتى . تاشقى سودا كۆلىمى بارغانسېرى كېڭەيدى .
گۇڭگۇرتلۇق شور قاتارلىق مەھسۇلاتلار دۆلەتلىك ئىقتىساد -
سودا كومىتېتى تەرىپىدىن كارانتىنىدىن خالىي ئەلا سۈپەتلىك
مەھسۇلات دەپ باھالىنىپ ، ياپونىيە ، ئامېرىكا ، فرانسىيە قاتار-
لىق 20 نەچچە دۆلەتكە ئېكسپورت قىلىندى . 1991 - يىلى
جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ تۇمۇرتام چېگرا ئېغىزى ئېچىۋېتىل-
دى . بۇنىڭ بىلەن قۇمۇلنىڭ چېگرا سودىسىدا تارىخىي خاراك-

تېرلىك بوۋسۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

دۆلەت پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىمۇ پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، «پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق قۇمۇلنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئېھتىياجغا قاراپ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى يېڭىدىن قۇردى. ئالىي تېخنىكوم، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى ۋە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، باشلانغۇچ مائارىپىدىن تولۇق ئوتتۇرا مائارىپىغىچە، ئادەتتىكى مائارىپتىن چوڭلار مائارىپىغىچە بىرقەدەر تولۇق بولغان مائارىپ سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.4% كە يەتتى. قۇمۇلنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى خېلى زور تەرەققىي قىلدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بولسا ياتاقلىق مەكتەپلەر ۋە مۇقىم مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، چەت-يىراق چارۋىچىلىق رايونىدىكى قازاق بالىلىرى سىستېمىلىق تەربىيە كۆرىدىغان بولدى.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە «پەن - تېخنىكا ئارقىلىق قۇمۇلنى گۈللەندۈرۈش»نى مۇھىم ئىشلار قاتارىدا چىڭ تۇتتى. 1998 - يىلغىچە ۋىلايەت دەرىجىلىك پەن - تەتقىقات ئورنىدىن تۆتنى، پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ئورگىنىدىن ئوننى، پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت ئورگىنىدىن 79 نى قۇردى. 15 مىڭغا يېقىن كەسپىي تېخنىكا خادىمنى تەربىيىلىدى. بۇنىڭ بىلەن كەسپ تۈرى بىرقەدەر تولۇق، ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان پەن - تېخنىكا قوشۇنى بارلىققا كەلدى. 1998 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە

www.uyghurkitap.com

284 تۈر ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . 28 تۈر دۆلەت ۋە مىنىستىرلىك دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ، 133 تۈر ۋىلايەت دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . تەقدىرلەشكە ئېرىشكەن پەن ـ تېخنىكا خادىمى 900 ئادەم-قېتىمغا يەتتى .

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا ، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى . شەھەر يوللىرى كېڭەيتىپ ياسالدى . يول بويلىرى كۆكەرتىلدى . خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سەھىيە ئورگانلىرى تولۇقلاندى . سەھىيە خادىملىرىنىڭ ساپاسى ئۆستۈرۈلدى . نەتىجىدە ، قۇمۇل شەھىرى مەملىكەت بويىچە 100 پاكىز شەھەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى . خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ ، باغچىسىمان ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان بولدى . بەختىيار تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان قۇمۇل خەلقى شادلىق ناخشىسىنى تېخىمۇ جاراڭلىق ياڭرىتىدىغان بولدى .

50 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ، بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى تەرەققىيات ئارقىلىق قۇمۇل ۋىلايىتى ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي جەھەتتە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، ئالەمنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا . بۈگۈنكى كۈندە مول بايلىققا ، ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈككە ئىگە قۇمۇل يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەرقايسى ساھەلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئارقىلىق بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتنى تېزلىتىشنىڭ ئاساسىنى پۇختىلىدى . 21 ـ ئەسىردىكى قۇمۇل غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگۈسى .

# غەربىي رايوننى ئېچىش — شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت

گۈلباھار غوپۇر

جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قانات قېقىپ پەرۋاز قىلدۇرغان بۇركۈتكە ئوخشاتساق ، غەربىي رايون بۇ بۇركۈتنىڭ بىر قانىتى . شۇڭا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئىگىلەپ ، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەھلىل قىلىش ئا- ساسىدا ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلا- گىرى سۈرۈش مەقسىتىدە بۇ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى چىقار- غان . پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن يەنە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى — ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ، پەن - تېخنىكا ، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دەپ بېكىتتى . شىنجاڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى نۇقتىلىق رايون . غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا قانداق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى ؟ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى مىللەتلەر مەركىزىنىڭ شىنجاڭنى زى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

يارەت قىلىش مۇخبىرلار ئۆمىكىنىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي رايونىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى ئاساسىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

### 1. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش قەدىمى تېزلەتىلدى

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا شىنجاڭغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم مەسىلە — قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، ئۆز ئۇستۇنلۇكىنى نامايان قىلىش مەسىلىسى، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۇرۇش مەسىلىسى. چۈنكى بازار بارغانسېرى رەھىمسىز بولىدۇ. بازار قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن رىقابەت چوقۇم كەسكىن بولىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، بىر ئاق، بىر قارا مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئۇستۇنلۇككە ئىگە بايلىقنى ئىقتىسادىي ئۇستۇنلۇككە ئايلاندۇرۇش تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى، بېيىتتى. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشنى چۆرىدەپ، ئاشلىق بىلەن ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا سۇ، تۇپراق، قۇياش نۇرى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش توغرىسىدا مۇنداق دېدى:

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شىنجاڭغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىمى قۇرۇلمىنى تەڭشەش. ئىقتىسادىي قۇرۇلما تەڭشەش باشلىنىپ ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە ئىقتىسادىي زىرائەت بارلىق تېرىقچىلىق كۆلىمىنىڭ 49 پىرسەنتىنى ئىگىلە-

دى ، يەنى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ يېرىمىغا يېقىن قىسمىغا ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى . بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا خېلى ياخشى ئاساس سېلىندى . پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدە 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ كەسىپتە قۇرۇلمىنى تەڭشەش-مۇ ناھايىتى روشەن بولدى . ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئارقىلىق 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ كەسىپنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1998 ـ يىلدىكى 26.1% ، 38.6% ، 35.4% تىن 1 ـ كەسىپ 19.3% ، 2 ـ كەسىپ تەرەققىي قىلىپ 43.1% ، 3 ـ كەسىپ 37.6% پىرسەنتكە تەڭشەلدى . يەنى 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ كەسىپنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىدە خېلى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلمىسى بارغانسېرى جانلىق بولماقتا . بۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە باشلىنىشى . بۇنىڭدىن كېيىن دۆلىتىمىز دۇن-يا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى ئىچكى ـ تاشقى بازار-نىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئىشى يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ .

2001 ـ يىلى پاختىنى ئاساس قىلغان ئۆزگىچە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 49 پىرسەنتكە يېقىنلىشىپ ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 4% ئاشتى . چارۋىچىلىقنىڭ يىرىك يېزا ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1998 ـ يىلدىكى 23.5 پىر-سەنتتىن 27.8 پىرسەنتكە ئۆرلەپ ، يېقىنقى ئىككى يىلدا دېھقان-لارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشنىڭ يېڭى نۇقتىسىغا ئايلاندى . باغ-ۋەنچىلىك كۆلىمى يىلىغا 920 مىڭ مولۇق سۈرئەت بىلەن كېڭىيىپ ، ئومۇمىي كۆلىمى 4 مىليون موغا ، مېۋە ـ چېۋە مەھسۇلاتى 1 مىليون 800 مىڭ تونىنغا يەتتى . 2001 ـ يىلى سانائەت قوشۇلما قىممىتى 45 مىليارد يۈەنگە يېتىپ ، 1998 ـ

يىلدىكىدىن% 50 ئاشتى . ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 148 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن % 3 .25 ئاشتى . مالىيە كىرىمى 17 مىليارد 808 مىليون يۈەنگە يەتتى . شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 6590 يۈەنگە ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 1718 يۈەنگە يېتىپ ، 1998 - يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا % 4 .28 ۋە % 4 . 7 ئاشتى .

## 2 . ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئۇنۇم ھاسىل قىلىندى

«باي بولاي دېسەڭ ئاۋۋال يول ياسا» . بۇ — ئالدىن بېيىغان رايونلار ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن چىقارغان يەكۈن . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان ، بولۇپمۇ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان يىلىغا 800 كىلومېتىردىن 1000 كىلومېتىرغىچە يېڭى تاش يول ياسالدى . تېز سۈرئەتلىك تاش يولمۇ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ ، 600 كىلومېتىرغا يەتتى . بۇ يىلنىڭ بېشىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە تېلېفون تۇتاشتۇرۇلغان يېزا - بازار 930 غا ، مەمۇرىي كەنت 6526 گە يەتتى . ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ مۇھىت مەسىلىسى گەۋدىلىك مەسىلىگە ئايلاندى . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇھىت ئاسراشنىمۇ مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزدى . ۋاڭ لېچۈەن بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى :

بۇنىڭدىن باشقا ، بۇ مەزگىلدە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىمۇ

شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 50 يىلدا بىر مەزگىل ئېچىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇھىت ئاسراشقا سەل قارايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت يامانلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ بەش يىلدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇشىمىز يەنە ئۆستى. ھازىر ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇھىت ئاسراش ئاڭلىقلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولماقتا. شىنجاڭغا ئوخشاش مۇھىت جەھەتتە ئاجىز رايونغا نىسبەتەن ئېكولوگىيىنى ئاسراش، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ياخشى ياشاش مۇھىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىش مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقىنى ھەممەيلەن تونۇپ يەتتى. بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئىلگىرىكىدەك ئېكولوگىيىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان يولدا مېڭىشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن مۇھىتنى ياخشىلاشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جەھەتتە خېلى ياخشى خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. مانا مۇشۇ مەزگىلدە بىز تەڭرىتېغى بىلەن ئالتاي تېغىدىكى ئىپتىدائىي ئورماننى كېسىپ سېتىشنى توختاتتۇق. ئىلگىرى شىنجاڭدا ھەر يىلى 400 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق ئورمان كېسىلەتتى، بۇ ئىپتىدائىي تەبىئىي ئورماننى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە يېقىنقى يىللاردا سودا ئۈچۈن كېسىشنى پۈتۈنلەي توختاتتۇق. شىنجاڭنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق يەنە ئادەم كۈچى بىلەن ئورمان بەرپا قىلىش، تۈزلەڭلىكتە شامالدىن مۇداپىئە كۆرىدىغان ئىھاتە ئورمىنى، ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلىش سۈرئىتىنى تېزلەتتۇق. ئىلگىرى يېزىلاردا كېسىپ تاشلانغان دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئورنىغا

www.uyghurkitap.com

ھازىر پۈتۈنلەي ئورمان ئەھيا قىلىنىپ بولدى. بۇ يىل زور تۈگىمەي سەرپ قىلىپ كېسىۋېتىلگەن ئىپتىدائىي ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈردۇق. تۈزلەڭلىكتە ئىھاتە ئورمىنى، ئىقتىسادىي ئورمان ھەم قاقاسلىقلاردا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىۋاتىمىز. ھەرقايسى ساھەدىكىلەردە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى ئېگى يېقىنقى يىللاردا بارغانسېرى كۈچەيمەكتە.

شەھەرلەردە ھاۋانىڭ بۇلغىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يەنى ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزاننى تىزگىنلەش، سۇنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خېلى كۆپ ئەجىر سىڭدۈردۇق. بۇنىڭدا ئاساسلىقى كۈچنى ئۈچ جەھەتكە يەنى ھاۋا، سۇ ۋە ئەخلەتنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەشكە قاراتتۇق. ھېچ بولمىغاندىمۇ شىنجاڭنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرى، ۋىلايەتنىڭ مەركىزى ۋە بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان ناھىيىلەرنىڭ مەركەز شەھەرلىرىنىڭ قىياپىتىدە ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ — ئېكولوگىيە جەھەتتىكى مۇھىم بىر تەرەپ.

1999 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە ئىجتىمائىي مۇقىم مۇلۈككە 184 مىليارد 685 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ 88 مىليارد 682 مىليون يۈەننى دۆلەت سالغان. بىر تۈركۈم سۇ ئىنشائاتى، ئېنېرگىيە، نېفىت - خىمىيە سانائىتى قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئارقا - ئارقىدىن ئىش باشلاندى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ قۇرۇلۇش تۈرلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسىلىرى قالاق بولۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشتا ئىجابىي ۋە چوڭقۇر رول ئوينىماقتا.

### 3. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە ئىقتىسادىي بەلۋاغ بەرپا قىلىندى

شىنجاڭنىڭ رايون شارائىتى ۋە ئىقتىسادىي ئاساسى باشقا

جايلاردىن پەرقلىنىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بۇنىڭغا ئاساسەن ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىدىكى تۆمۈر يول بويلىرىنى يەنى شەرقتە ئۇرۇمچىدىن غەربتە مايتاغقىچە بولغان ئىقتىسادىي بەلۋاغنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادى تېز سۈرئەتتە ئېشىپ، پاي چېكىنى بازارغا سالغان تۇنجي، گۇاڭخۇي قاتارلىق بىر تۈركۈم شىركەتلەر ۋەكىللىكىدىكى يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلغان، دېھقان ئائىلىلىرىنى بازارغا يۈزلىنىشكە يېتەكلەيدىغان باشلامچى كارخانىلار ۋە كارخانا گۇرۇھلىرى بارلىققا كېلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشنى، بۇ رايونلاردىكى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە بۇ ئىقتىسادىي بەلۋاغ ھەر يىلى 12پىرسەنتلىك سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدى. بەزى ناھىيە ـ شەھەرلەردە ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى 20پىرسەنتكە يەتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا يار ـ يۆلەك بولۇش سالمىقىنى زورايتىپ، نامرات كەنت، نامرات ئائىلىلەرگىچە يۆلەشتەك ياخشى ئۇسۇلنى كېڭەيتىپ، ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە 489 مىڭ نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى.

**4. ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، كىرگۈزۈش ۋە ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.**

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئىختىساسلىقلار مۇھىم ئامىل. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول بولغىنى بىلەن ئىختىساسلىق خادىملار ئىنتايىن كەمچىل. بۇ مەزگىلدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئېھتىياجىغا ۋە كەلگۈسىدىكى ئىختىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيە-

لەشكە ناھايىتى زور كۆچ چىقاردى . ھەر يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچى سانىنى ئىلگىرىكى 9000 دىن ھازىرقى 31 مىڭدىن كۆپرەككە يەتكۈزۈپ ، ئىككى يېرىم ھەسسە ئاشۇردى . خىزمەتتىكى كادىرلارنى تەربىيىلەشكىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلدى ، بۇ تەربىيىلەش ئالدى بىلەن كادىرلاردىن باشلاندى .

بۇ ھەقتە ۋاڭ لېچۈەن مۇنداق دېدى : ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئىدىيىۋى ، سىياسىي ، كەسپىي سەۋىيە بويىچە تەربىيىلەنگەندىن باشقا ، تىل جەھەتتىنمۇ تەربىيىلەندى . ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ، بازار ئىگىلىكى ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن بۇ مەسىلىلەر ھەل قىلىنمىسا بولمايدىغان مەسىلىلەر ئىدى . جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چەت - ياقا رايونلىرىدىكى كادىرلار ، بولۇپمۇ يېزا دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك خەنزۇ تىلىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇقمايتتى . شۇڭا بىز بۇ بىر قانچە يىلدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېزا دەرىجىلىك كادىرلارنى باشقا جايدا ئىككى يىل تەربىيىلەش تەدبىرىنى قوللاندۇق . ئۇلار سىياسەت ، كەسىپ ، تىل ئۆگەندى . ھازىرغىچە 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىلەپ بولدۇق . يەنە تەربىيىلەيدىغان 2000 دىن ئارتۇق ئادەم بار . بۇ خېلى ئۇزۇن داۋاملىشىدىغان خىزمەت .

### 5 . ئىشىك ئىچكى جەھەتتىكىمۇ ، سىرتقىمۇ تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلدى

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئىچكىرىدىكى دېڭىز بويىدىكى ئۆلكە ، ئاپتونوم رايونلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا بەس - بەستە ئاۋاز قوشۇپ ، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشتى . 2000 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە

ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش ھەمكارلىق تۈرى بويىچە تۈزۈلگەن توختامنىڭ سوممىسى 20 مىليارد يۈەنگە يېقىنلاشتى . باشقا ئۆلكە ، ئاپتونوم رايونلاردىن 4 مىليارد 348 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى . 100 نەچچە دۆلەت ۋە رايون بىلەن ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى . ئۈچ يىلدا تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليارد 801 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى . چېگرىدىكى ئاز سومما-لىق سودا ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 324 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ ، يىللىق ئومۇمىي سودا مىقدارى 1 مىليارد يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى .

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن شىنجاڭ تېپىلغۇسىز پۇرسەتكە ئېرىشتى . بۇ ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت شىنجاڭنىڭ بازار ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولغان مەزگىل بولدى . ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە غەربىي رايون-نىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاج-لىنىش يېڭى ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى . شۇ قاتاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمۇ پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى يېتەكلەپ ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئې-چىشتا بېكىتىلگەن ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىنى چۆرىدەپ ، ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇپ ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويۇلۇشىنى مۇقىم ئىلگىرى سۈرۈپ ، ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قاباھەتلىك ماكاندا پارلىغان ئۈمىد يۇلتۇزى

گۈلباھار غوپۇر

بىپايان تارىم ئويمانلىقىنىڭ كىندىكىدە دۇنياغا داڭلىق تەك-لىماكان قۇملۇقى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «قاباھەتلىك ماكان» دەپ ئاتىشىدۇ. لېكىن بۇ «قاباھەتلىك ماكان» ئاستىدا 10 مىليارد 700 مىليون توننا نېفىت بايلىقى بىلەن سەككىز تىرليون 400 مىليارد كۇب - مېتىر تەبىئىي گاز بايلىقى ياتىدۇ. گېئو-لوگلار بۇ بايلىقنى ئېچىپ پايدىلىنىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، دۆلەتمۇ بىر تەرەپتىن بۇ بايلىقنى ئېچىپ يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئېنېرگىيە بايلىقى كەمچىل رايونلارغا يۆتكەپ، بۇ يەردىكى خەلق-نى پاكىز، سۈپەتلىك تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن «قاباھەتلىك ماكان»نى «ئۈمىدلىك ما-كان»غا ئايلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ تەبىئىي گاز بايلىقى غەربىي رايونغا مەركەزلەشكەن بىلەن ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىستېمال بازىرى شەرقىي رايوندا. شۇڭا بۇ بايلىقنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش مەسىلىسى ھەل قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مەسىلە بولۇپ قال-غان ئىدى. مەركەز غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىست-

راتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن ، شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ باي-
لىق ئۇستۇنلۇكىنى ئىقتىسادىي ئۇستۇنلۇككە ئايلاندۇرۇش ئار-
قىلىق شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، خەلقنىڭ
تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈز-
دى . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرې-
شىت بايلىق ئۇستۇنلۇكىنى ئىقتىسادىي ئۇستۇنلۇككە ئايلاندۇ-
رۇش توغرىسىدا مۇنداق دېدى : «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر
مىللەت خەلقى تەرەققىياتقا ئىنتىلىدۇ . ئاپتونوم رايونلۇق پارت-
كوم ، خەلق ھۆكۈمىتى غەربىي رايوننى ئېچىشتىكى پايدىلىق
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بايلىق ئۇستۇن-
لۇكىنى ئىقتىسادىي ئۇستۇنلۇككە يەنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى
بايلىقلارنى ئېچىپ ئۇنى ئىقتىسادىي كىرىمگە ئايلاندۇرۇپ ، ئاپ-
تونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈش ،
زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن
بولغان پەرقنى ئازايتىش ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ ، ئاپتونوم
رايونىمىزنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان ، جەمئىيەت تەرەققىي قىل-
غان ، گۈزەل ، مەدەنىيەتلىك شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش
ئۈچۈن تىرىشماقتا . بۇ — بىزنىڭ ئورتاق ئارزۇيىمىز» .
يەر ئاستىدىكى بايلىقنى ئېچىپ ، غەربىي رايوننىڭ بايلىق
ئۇستۇنلۇكىنى ئىقتىسادىي ئۇستۇنلۇككە ئايلاندۇرۇش مەسىلە-
سىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، ئىلگىرىكى جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي
گاز باش شىركىتى ئاچىسىمان تۇرۇبا ئورنىتىپ ، غەربىي قى-
سىمدىكى ئارتۇق تەبىئىي گازنى شەرقىي دېڭىز ساھىلىدىكى
شەھەرلەرگە يەتكۈزۈش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى . بۇ پىلان
«غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتالدى .
1989 ـ يىلى 10 ـ ئايدا دۆلەتلىك تەرەققىيات ـ پىلان

كومىتېتى غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشنىڭ بولىدىغان- بولمايدىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قوشۇلدى . 1999 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەھبەرلىرى گوۋۇيۈەنگە خىزمەت دوكلاتى قىلغاندا ، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى دۆلەتنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەسى تۈرىگە كىرگۈزۈپ ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى . بۇ ئىش گوۋۇيۈەن رەھبەرلىرىنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى . شۇنىڭ بىلەن بۇ چوڭ ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەننىڭ قارالمى-سى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى .

2000 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى گوۋۇيۈەن مەخسۇس يىغىن ئېچىپ ، دۆلەتلىك تەرەققىيات - پىلان كومىتېتى ۋە جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتىنىڭ غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى لايىھىسىنى نەزەرىيە جەھەت-تىن ئىسپاتلاش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ، بايلىقنىڭ زا-پىسى ، بازار ئەھۋالى ، تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللارنى مۇھاكىمە قىلىپ ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ شىنجاڭنىڭ باي-لىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرىدىغان ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە پايدىلىق ياخشى ئىش ئىكەنلى-كىنى ، لىنىيە بويىدىكى توققۇز ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايون-نىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ، ئېنېرگىيە قۇرۇل-مىسىنىڭ سەرخىللىشىشىغا ، ئىقتىسادىي ئۇنۇمىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم تەدبىر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى . 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دۆلەت غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈ-زۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى بېيجىڭدا قۇرۇلۇپ ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتىنىڭ رەسمىي باشلىن-غانلىقى جاكارلاندى .

غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشتىكى 1 ـ باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشتا ھەر يىلى بىر مىليارد 200 مىليون كۇب ـ مېتىر تەبىئىي گاز يەتكۈزۈلىدىغان، بۇنىڭغا 150 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان بولدى. گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4000 كىلومېتىر، ئومۇمىي دىئامېتىرى 1016 مىللىمېتىرلىق تۇرۇبا بىلەن غەربتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تارىم ئويمانلىقىدىكى بۇگۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى گازلىقتىن باشلىنىپ، شەرقتە گەنسۇ، نىڭشىيا، شەنشى، سەنشى، خېنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇدىن ئۆتۈپ ئەڭ ئاخىرىدا شاڭخەي شەھىرىنىڭ بەيخې بازىرىغا تۇتاشتۇرۇلىدىغان بولدى. بۇ تۇرۇبا تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىتلىك بىلەن شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيادىكى نېفىتلىكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ نېفىتلىكنى تۇتاشتۇرغان بولۇپ، گاز بىلەن تەمىنلەشنىڭ جانلىق، ئىشەنچلىك، بىخەتەر بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئۆتكەن 12 يىلدا پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى نېفىتچىلەر قوشۇنى تارىمغا يىغىلىپ، نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈشتە بىر قاتار زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەبىئىي گاز قېدىرىپ تەكشۈرۈشتىمۇ تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش ھاسىل قىلغان ئىدى. ھازىر تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان كۇچا، مارالبېشى، پوسكام قاتارلىق ناھىيە تەۋەسىدە كۆلىمى ئىنتايىن كەڭ، ئىستىقبالى ئىنتايىن پارلاق بولغان تەبىئىي گازلىق بايقالدى. بۇ گازلىقتىكى گاز بايلىقى ئۈچ ترليون كۇب ـ مېتىردىن ئېشىپ، دۇنيا بويىچىمۇ چوڭ يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى مۆلچەرلەندى.

تارىم نېفىت شىركىتى بۇ تەۋەدىن قاراسۇ، خوتەن دەرياسى، يېڭى مەھەللە، ياقا ۋە دىناردىن ئىبارەت بەش چوڭ گازلىقنى

بايقىدى . دۆلەت زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ نېفىت ـ تەبىئىي گاز زاپىسىنى باھالاش ئىشخانىسى بۇ گازلىقنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ، بۇ يەردىكى تەبىئىي گاز زاپىسىنىڭ 526 مىليارد 700 مىليون كۇب ـ مېتىرغا يېتىدىغانلىقى ، گازلىق ئېچىلغاندىن كېيىن 15 مىليارد كۇب ـ مېتىرلىق يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بىلەن چاڭجياڭ دەرياسى دېلتىسىدىكى رايونلارنى مۇقىم 30 يىل گاز بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى .

بۇنىڭدىن باشقا تارىم نېفىت شىركىتى يەنە كۆلىمى چوڭ بىر تەبىئىي گازلىق بايقىدى . بۇنىڭ مۆلچەردىكى زاپىسىمۇ بىر ترلىيون كۇب ـ مېتىردىن ئاشىدۇ . ھازىرغىچە ئېنىقلانغان تەبىئىي گاز زاپىسىغا ئاساسەن تارىم نېفىتلىكى بىلەن چاڭچىڭ نېفىت شىركىتى نېفىت ئېچىشنىڭ كونكرېت لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى .

غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى شەرقىي رايونلارنىڭ ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشنى تېزلىتىپلا قالماي ، بۇ قۇرۇلۇشقا مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ . غەربتىن شەرققە گاز ماڭىدىغان غول تۇرۇبا توققۇز ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايوندىن ئۆتىدۇ . مۆلچەرگە قارىغاندا بۇ قۇرۇلۇشقا 1 مىليون 740 مىڭ توننا پولات ماتېرىيالى كېتىدىكەن . 36 مىليون 800 مىڭ كۇب ـ مېتىر توپا ـ تاش يۆتكەشكە توغرا كېلىدىكەن . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سېمونت ، ياغاچ ، سۇ پومپىسى ، ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ۋە ئاپتوماتىك ئۈسكۈنىلەر كېرەك بولىدىكەن . ئاساسلىق تۇرۇبىغا 46 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنغاندىن باشقا ، نېفىتلىكنى ئېچىش ۋە تۇرۇبا يولى بويىدىكى شەھەرلەرگە تۇتاشتۇرۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغ 100 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كېتىدىكەن . بۇ ئىنتايىن كۆپ پۇل تاپقىلى

بولىدىغان بازار ھېسابلىنىدۇ . يەرلىك مانا مۇشۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ پايدا ئالىدۇ . يېڭى بىر تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج بازىرى شەكىللىنىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان نۇرغۇن پۇرسەت كۆپىيىدۇ .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى بايلىقىنى ئېچىشنىڭ يەرلىككە كەلتۈرىدىغان پايدىسى توغرىسىدا مۇنداق دېدى : «يەر ئاستىدا بېسىلىپ ياتقان بايلىق ئېچىلغان ئىكەن ، ئۇنىڭ يەرلىك خەلققە چوقۇم پايدىسى بولىدۇ . مەن بىرقانچە ناھىيىنى مىسال قىلىپ بېرەي ، سىز شۇنىڭدىن بىلەلىسىڭىز بولىدۇ : بىرى ، تارىم نېفىتلىكى ئاساسەن بۇگۇر ئەتراپىدا بايقالغان . بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يەرلىك مالىيە كىرىمى يىلىغا 3 مىليون يۈەن ئەتراپىدا بولاتتى ، ھازىر 70 مىليونغا چىقتى . گەرچە بۇ بايلىق دۆلەتنىڭ بولسىمۇ ، يەرلىك ئورۇنغا مەھسۇلات بېجى تاپشۇرىدۇ ، بايلىق بېجى تاپشۇرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئورۇننىڭ ئىقتىسادى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ . بۇگۇر ناھىيىسى ھازىر پۈتۈن ناھىيىلەر ئىچىدە يېڭى بىر شەھەرگە ئايلىنىپ كەتتى . نېفىت ئېچىلغان ئىكەن ، دېھقانلارنىڭ مېۋىسى ، سەي ـ كۆكتاتلىرى پۇل بولۇپ ، دېھقانلارغا مۇشۇ جەھەتتىمۇ زور پايدىسى تېگىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلار بىكار تۇرغان تاش ، شېغىللارنى تاسقاپ ئاپىرىپ پۇل تاپىدۇ . بۇنىڭ يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ، يەرلىكتىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىكى پايدىسى ناھايىتى كۆپ . تارىم قۇملۇقىنىڭ بىر قىسمى چەرچەن تەۋەسىدە . ھازىر چەرچەن ناھىيىسى يېڭى بىر ناھىيىگە ئايلاندى . ئىلگىرى چەرچەنگە ئات-تۆگە بىلەن بارىدىغان ، ھازىر چەرچەندىن بۇگۇرگە بىر كۈندە كەلگىلى بولىدىغان بولدى . ئەمدى غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش باشلان-

سا ، بىز بۇنىڭدىن باج ئالىمىز . يەرلىكنىڭ مالىيىسىگە پايدىسى بولىدۇ . بايلىق يەر ئاستىدا ياتسا ئۇنىڭ ھېچكىمگە پايدىسى يوق ـ دە ، مېنىڭچە بۇنىڭ شىنجاڭغا پايدىسى بار » .

غەربتىن شەرققە يەتكۈزۈلىدىغان تەبىئىي گاز تۇرۇبىسىنى ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى رەسمىي باشلاندى . تۇرۇبا ياتقۇزۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تارىمنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى گازدىن ھەر يىلى 570 مىڭ توننا يېنىك كاربون ھىدرىد ، 910 مىڭ توننا قاتتىق ماي ئايرىلىپ چىقىدۇ . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە كارخانىلار بۇ سۈپەتلىك خام ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ چوڭ تىپتىكى ئېتىلىن قۇرۇلمىسى ياساشنى پىلانلىماقتا . بۇنداق بولغاندا تەبىئىي گاز سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق بۇنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان يېتەكچى كەسىپكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ .

غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش — غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى مەبلەغ كۆپ كېتىدىغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇش . دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن كارخانىلار بۇ قۇرۇلۇشقا قاتنىششنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ھازىر بۇ قۇرۇلۇش «بىر پارچە لوق گۆش» بولۇپ قالدى . نۇرغۇن كىشىلەر ھازىر بۇ گۆشكە ئىشتەي ساقلىماقتا . مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بايلىقنىڭ يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقىنىدىن ئېچىلغىنى ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىغا كۈچ قوشقىنى تۈزۈك . شۇنداق بولغاندا بۇ «قاباھەتلىك ماكان»نى «ئۈمىدلىك ماكان»غا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ .

# مەرىپەت بېغىدا مۇھەببەت

گۈلباھار غوپۇر ، ئەسقەر تۇرسۇن

ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت — ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ، بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ، قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ، دوستلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت دەپ بىرنەچچە خىل بولىدۇ . مۇھەببەت تىلغا ئېلىنىسىلا ئادەم ئۆزى دۇچار بولغان ھەرخىل ئۇنتۇلغۇسىز مۇھەببەتلەرنى ئېسىگە ئالىدۇ . ھازىر ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى 12 شەھەرنىڭ نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە تەسىس قىلىنغان شىنجاڭ سىنىپلىرىدا 2000 ئوقۇغۇچى ئوقۇماقتا . ئۇلار ئاتا - ئانىسى ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ ياشىماقتا . لېكىن ئۇلار بىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايدىغان مېھىر - مۇھەببەتتىن بەھرىمەن بولماقتا .

2000 - يىلى ئەسىر ئالمىشىش ئالدىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قوللاش ئۈچۈن ئىچكىرىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان 12 شەھەردىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلىپ ، ھەر يىلى ئاز دېگەندە 1000 ئوقۇغۇچى تەربىيىلەشنى قارار قىلدى . بۇ قارار شىنجاڭدىكى پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى خۇشال قىلىپلا قالماي ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىمۇ چەكسىز شاتلاندۇردى . شۇنىڭ بىلەن

بىر ۋاقىتتا ، شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلىنغان مەكتەپلەر قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ پارتىيە ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مەكتەپ مەسئۇللىرى بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەش دېمەككە ئاسان بولغىنى بىلەن ھەقىقىي تەلەپكە لايىق قىلىپ ئورۇنداشنىڭ ئۇنداق ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى .

«شىنجاڭ سىنىپىنى ياخشى باشقۇرۇپ ، شىنجاڭغا كېرەكلىك ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىش ئارقىلىق ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىمىز» . بۇ — بېيجىڭ ، تيەنجىن ، شاڭخەي قاتارلىق 12 شەھەردىكى پارتىيە ، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ، مائارىپ تارماقلىرى ۋە مەكتەپلەرنىڭ ئورتاق تونۇشى . ئۇلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن تاپشۇرغان بۇ ۋەزىپىنى شەرەپلىك سىياسىي بۇيرۇق دەپ قاراپ ، ئىدىيە جەھەتتە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى ، خىزمەت جەھەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى . رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، ياخشى مەكتەپلەرنى تاللاش ، مەخسۇس راسخوت ۋە ئادەم ئاجرىتىش قاتارلىق ئىشلارنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى .

«دۇنيادا ئەسلى يول يوق ئىدى ، يول ئادەملەر ماڭغاندىن كېيىن پەيدا بولغان» . 12 شەھەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلىنىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئىلگىرى مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ باقمىغان بولغاچقا ، يولنى قانداق ئېچىپ ، قانداق مېڭىشنى بىلەلمىگەندى . لېكىن ھەر جەھەتتىن قولايلىق ئىمكانىيەتلەر يارىتىپ بېرىلگەچكە ، شىنجاڭدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچكىرىدىكى تەرەققىي قىلغان 12 شە-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەردىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە كىرىش يولىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئوڭۇشلۇق ئېچىلدى.
«ئالاھىدە ئىش بولسا ئالاھىدە بېجىرىپ بېرىمىز، جىددىي ئىش بولسا جىددىي بېجىرىپ بېرىمىز.» بۇ — 12 شەھەردىكى ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىشـقا بەرگەن ۋەدىسى. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى خۇاڭيا ئوتتۇرا مەكتىپى 100 يىلدىن، گۇاڭجۇ شەھەرلىك 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، بېيجىڭ شەھىرى لۇخې ئوتتۇرا مەكتىپى، شاڭخەي شەھىرى چىباۋ ئوتتۇـرا مەكتىپى، سۇجۇ شەھىرى يېڭى شەھەر رايونلۇق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 50 يىلدىن ئارتۇق ئوقۇتۇش تارىخىغا ئىگە. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلكە بويىچە، بەزىلىرى شەھەر بويىچە نۇقتىلىق ئوتـتۇرا مەكتەپلەر. بۇ ئوتتۇرا مەكتەپلەر ماددىي جەھەتتە ئوقۇغۇـچىلارنى خاتىرجەم، تىرىشىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن مەبلىغىنى قىلچە ئايىمىدى. ھەتتا بەزىلىرى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا 100 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېـلىپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك، ئۆلگىلىك ياتاقلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلدى. شاڭخەي شەھىرى مىنخاڭ رايونىدىكى چىباۋ ئوتتۇرا مەكتىپى 17 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېـلىپ شىنجاڭ سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا يېڭىدىن ياتاق، مۇـسۇلمانچە ئاشخانا سېلىپ بەردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن مەخسۇس ئۈچ ماشىنا ئاجراتتى. ھەربىر ياتاقـقا ھاۋا تەڭشىگۈچ، مۇنچا ئورنىتىپ بەردى. بېيجىڭ لۇخې ئوتتۇرا مەكتىپى، خاڭجۇ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا قاراشلىق سەندۈن تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى، چىڭداۋ شەھىرى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا گۈلزارى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى، تيەنجىن شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپمۇ ھەممىدە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى ياخشى باشقۇرۇش، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بولغان

ئالاقىنى كۈچەيتىش ، شىنجاڭغا يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىشكە پايدىلىق ئىش بولسىلا ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا تىرىشىپ ، شىنجاڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ، يارامىلىق ئادەم بولۇپ تەربىيىلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى .

ماددىي جەھەتتە شەرت ـ شارائىت ھازىرلانغان بىلەن مەنىۋى جەھەتتە ئوقۇغۇچىلارنى تولۇق ئۇزۇقلاندۇرمىغاندا ، ئوقۇغۇچىلارنى يارامىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىرىش مۇمكىن بولمايتتى . 12 شەھەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلىنغان مەكتەپلەر شەھەرلىك پارتكوم ، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى تال-لاپ شىنجاڭ سىنىپى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقى ۋە سىنىپ مۇدىرلى-قى ، ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلەپ ، ئوقۇتقۇچىلاردىن ئوقۇتۇشتا تە-لەپكە لايىق بولۇپلا قالماستىن ، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ، مېھرىبان ، سەۋرچان ، كەسىپچان بولۇشىنى تەلەپ قىلدى . ئوقۇتقۇچىلارمۇ بۇ نۇقتىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بىلەن قاراپ ، شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆر-دى ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر رىشتە باغلاندى . چىڭداۋ شەھىرى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا گۈلزارى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىدە بىر ئۇيغۇر قىز ئوقۇغۇچىنى خەنزۇ ئايال ئوقۇتقۇچە-سى ئۆز بالىسىدەك قۇچاقلاپ يېتىپ ئۇخلاتقان تەسىرلىك ھېكا-يىنى شىنجاڭدا بىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس . بۇ مەكتەپتىكى خالى-غان بىر ئوقۇتقۇچىدىن سورىسىڭىز ، بۇ ئەھۋالنى ناھايىتى تولۇق سۆزلەپ بېرەلەيدۇ . بۇ ھەقتە مەكتەپ مۇدىرى مۇنداق دېدى : يېڭى كەلگەن پاتىگۈل ئىسىملىك ئوقۇغۇچىنىڭ سالامەتلىكى تازا ياخشى ئەمەس ئىكەن ، ئۇ ھەر كۈنى كېچىسى قارا بېسىۋېلىپ ئۇخلىيالماپتۇ ، بىر ئوقۇتقۇچىمىز بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ،

تاكى بۇ ئوقۇغۇچى كۆنۈپ ، قارا باسمايدىغان بولغانغا قەدەر ھەر كۈنى كېچىسى ئۇنى قۇچاقلاپ يېتىپ ئۇخلىتىپتۇ . مېنىڭچە ، پەقەت بالىنىڭ ئۆز ئانىسىلا بۇنداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ ، بۇ ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىتىمۇ باشقا ـ باشقا ، شۇڭا بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ شۇنچىلىك قىلىشىمۇ ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس .

8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ، ئوقۇغۇچىلار مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدىغان بىر كۈن . بۇ كۈنى شىنجاڭدىن پويىزغا ئولتۇرۇپ يولغا چىققان ئوقۇغۇچىلار ئۆزى ئوقۇيدىغان شەھەرگە يېتىپ كەلدى . يەرلىك پارتىيە ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ، مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ، مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار پويىز ئىستانسىسىغا چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى . ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن جايلار جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش ساقچىلىرىنىمۇ ئىشقا سالغانىدى . ئوقۇغۇچىلار چەت-ياقا جايلاردا ئالىي رەھبەرگە يول باشلاپ ماڭىدىغان بۇ ماشىنىلارنى ھەيرانلىق ئىچىدە كۆرۈپ كېتىۋاتقىنىدا بۇ رېئاللىققا ئىشەنمەي قېلىشتى . ئەلۋەتتە ، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئامان ـ ئېسەن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىدى . بۇ ھەقتىكى ھېكايىلەر ئاز ئەمەس . چىڭداۋ شەھىرى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا گۈلزارى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىلارنى تەشكىللەپ جىنەن شەھىرىگە بېرىپ ، شىنجاڭدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش جەريانىدا ، بىر ئوقۇتقۇچى باللار بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن پۇل ۋە مال ـ مۈلكىنى يوقىتىپ قويىدۇ ، مەكتەپ مۇدىرى ماجىپىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى :

بىز جىنەن شەھىرىگە بېرىپ باللارنى كۈتۈۋاتقاندا ، بىر

www.uyghurkitap.com

ئايال ئوقۇتقۇچى ۋوگزالدا باللارنىڭ يۈك ـ تاق ، سومكىلىرىنى ئېلىشىپ بېرىمەن دەپ ئۆزىنىڭ قول سومكىسىنى يەردىلا قويۇپ قويۇپتۇ ، باللارنى پويىزدىن تولۇق چۈشۈرۈپ بولۇپ ، ئەمدى ماڭايلى دەپ قارىسا ، سومكىسىنى باشقىلار ئېلىپ كېتىپتۇ ، بۇ سومكىدا ئۇنىڭ يانفونى ، نەق پۇلى ، پۇل ئامانەت چېكى ، بانكا كارتىسى قاتارلىق تەخمىنەن 5 ـ 6 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى نەرسىلىرى بار ئىكەن ، بىراق بۇ مۇئەللىم نەرسىلىرىنى يىتتۈ-رۈۋەتتىم ، دەپ ئومۇمىي كەيپىياتقا ھەرگىز تەسىر يەتكۈزمىدى ، ئەكسىچە ، چىڭداۋغا كەلگىچە باللار بىلەن ناخشا ئېيتىپ ، قىز-غىن پاراڭلىشىپ ، ناھايىتى خۇشال ـ خۇرام كەلدى .

بۇ 12 شەھەر ئىقتىسادىي جەھەتتە قانچىلىك تەرەققىي قىل-غىنى ، قانچىلىك زامانىۋى بولغىنى بىلەن ، يۇرتىدىن چىقىپ باقمىغان ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن يەنىلا يات يۇرت بولغاچقا ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇرغۇن تەرەپلەردە كۆنەلمەسلىكى تۇرغان گەپ . ئۇلارنىڭ يېڭى تۇرمۇش مۇھىتى ، يېڭى ئوقۇتۇش شارائىتىغا تېزدىن ماسلىشىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئاساسلىق زېھنىي ـ قۇۋۋىتىنى بۇ باللارغىلا قاراتتى . باللار ئاغرىپ قالسا دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتتى ، ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنغاندا ئاتا ـ ئانىسىدەك مېھرىبانلىق قىل-دى . بەزى باللار خەنزۇچە ئۆگىنىشتە خېلى قىيىنچىلىققا ئۇچ-رىدى ، ئوقۇتقۇچىلار بۇنداق ئەھۋالدا باللارغا سەۋرچانلىق بىلەن خەتمۇ خەت ، جۈملىمۇ جۈملە ئۆگەتتى . تۇرمۇشتا باللارنىڭ تامىقىدىن تارتىپ كىيىم ـ كېچىكىگىچە كۆڭۈل بۆلدى . دالىيەن 20 ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى شىنجاڭ سىنىپىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بىر مۇئەللىم ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى :

بۇ باللار بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن يولۇققان بىرىنچى

قىيىنچىلىق تىل قىيىنچىلىقى بولدى . بۇ باللارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى يېڭى كەلگەندە خەنزۇچىنى تۈزۈك سۆزلىيەلمەيتتى ، بىر يىل ئوقۇش ئارقىلىق هازىرقىدەك سۈرئەتتە سۆزلىسەم چۈشىنەلەيدىغان بولدى . خەنزۇ تىلى دەرسىدە باللار هەر كۈنى ئىككىدىن بولۇپ ئۆزئارا سۆزلىشىدۇ . چەت ئەل تىلى سەۋىيىسىمۇ ناهايىتى تېز ئۆستى . يېقىندا چەت ئەل تىلى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ ، بۇ باللارنىمۇ قاتناشتۇرغان ئىدۇق . ئىنگلىز تىلىنى يېرىم يىل ئۆگەنگەن بۇ باللار 3 - يىللىقتىن باشلاپلا ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگەن باللار بىلەن مۇسابىقىگە چۈشتى . نەتىجىدە بىر بالىمىز 1 - لىككە ئېرىشتى . 40 تىن ئارتۇق بالىنىڭ نەتىجىسى خېلىلا ياخشى چىقتى . باللار يېڭى كەلگەندە ماتېماتىكا ، فىزىكا ، خىمىيە دەرسلىرىدە قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەيتتى . يېقىندا ئېلىنغان ئىمتىهاندا غالىپجان ئىسىملىك ئوقۇغۇچىمىز 150 نومۇرلۇق ئىمتىهاندا 145 نومۇر ئالدى . قىسقىسى ، باللارنىڭ ئىلگىرىلىشى ناهايىتى تېز بولۇۋاتىدۇ .

شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلىنغان مەكتەپلەرنىڭ هەممىسىدە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئۇستاز بىلەن شاگىرتلىق مۇناسىۋەتتىن باشقا يەنە ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مېهىر - مۇھەببەت بارلىقىنى هېس قىلغىلى بولىدۇ . شاڭخەي چىباۋ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى چيۇ جۇڭخەي مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى ، شەهەرلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى ، ئۇ شىنجاڭ سىنىپىنى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن پۈتۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان . شاڭخەيدە قىش كۈنلىرى ئۆيلەر ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەنمەيتتى ، باللار شىنجاڭدىن كەلگەندىن كېيىن قىش كۈنلىرى ياتاقتا توڭلاپ كېتەتتى . چيۇ جۇڭخەي بۇ ئەهۋالنى كۆرۈپ ئويلىنىپ قالدى : هاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىپ بېرەي دېسە ، هاۋا تەڭشىگۈچ سېتىۋا-

لىدىغان پۇلدىن باشقا يەنە ھەر كۈنى 400 يۈەن توك پۇلى تۆلەشكە توغرا كېلەتتى. «مەكتەپنى ئىقتىسادىي جەھەتتە تو-لىتىپ، قويساقمۇ، بالىلارنى توڭلىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ.» چيۇ جۇڭخەي باشلىق مەكتەپ رەھبەرلىرى دەرھال 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ھەربىر ياتاقتا بىردىن ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىپ بەردى. شاڭخەي چىباۋ ئوتتۇرا مەكتىپى يېڭىدىن ئايرىم مۇسۇلمانچە ئاشخانا سالغان بولۇپ، يېڭى ئوقۇغۇچىلار كەلگىچە يېڭى ئاشخانىنى پۈتتۈرۈشكە توغرا كەلگەنىدى. مۇشۇنداق ئالدىراشچىلىقتا قېرىشقاندەك ماي بايرىمى يېتىپ كېلىپ، ئىشچىلار دەم ئالىدىغان بولۇپ قالدى. مەكتەپ قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ھەربىر ئىشچىنىڭ كۈندىلىكىگە 20 يۈەندىن پۇل قوشۇپ بەردى. بىر كۈنى ئۇ قۇرۇلۇش ئورنىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا پۈتىنى قايرىۋالىدۇ. ئۇ بىرنەچچە كۈنلا دەپ ئېلىپ، گەج بىلەن قاتۇرۇپ قويۇلغان پۈتىنى سۆرەپ يەنە مەكتەپكە كېلىدۇ. تەتىل قىلىپ كەتكەن 80 ئوقۇغۇچى بىلەن يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان 80 ئوقۇغۇچىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. چيۇ جۇڭخەي پۈتىنى سۆرەپ، ھاسىغا تايىنىپ ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن پويىز ئىستانسىسىغا چىقىدۇ. شىنجاڭدىن ئوقۇغۇچىلارغا مەسئۇل بولۇپ كەلگەن مۇكەررەم مۇئەللىم بىلەن ئوقۇغۇچىلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تەسىرلەنگىنىدىن كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالىدۇ.

شاڭخەي چىباۋ ئوتتۇرا مەكتىپىدە شيالىڭجۇ ئىسىملىك بىر مۇئەللىم بار، ئوقۇغۇچىلار بۇ مۇئەللىمنى ئانا دەپ چاقىرىشىدۇ. لېكىن ئىسمى جىسمىغا لايىق ئانا بولماق ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. شيا لىڭجۇ مۇئەللىم ئەسلى بۇ يىل پېنسىيىگە چىقماقچى ئىدى، لېكىن شىنجاڭ سىنىپىنى باشقۇرۇش ئۇزۇن يىل سىنىپ مۇدىرى بولغان بۇ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىغا موھتاج ئىدى. ئوقۇغۇ-

چىلارمۇ بۇ شاگىخەيلىك «ئانا»سىغا كۆنۈپ قالغاندى . شيا لىڭجۇ مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇستازى بولۇپلا قالماي يەنە ئۇلارنىڭ دوختۇرى ، كىمنىڭ بىر يېرى ئاغرىپ قالسا ئۇنى ئىزدەيدۇ . ھەر قېتىم ئوقۇغۇچىلار يېڭى كەلگەندە سۇ يەكلەپ بەدىنىگە بىر نەرسىلەر چىقىپ كېتىدۇ ، بەزىلىرىنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قالىدۇ . بۇنداق ۋاقىتلاردا شيالىڭجۇ مۇئەللىم ئۇلارنى داۋالايدۇ . بىر قېتىم بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچىغا جاراھەت چىقىپ قالىدۇ ، لېكىن دوختۇرغا بېرىشتىن خىجىل بولىدۇ ، بۇ ۋاقىتتا شيا لىڭجۇ مۇئەللىم بۇ ئوقۇغۇچىنى ئۆزى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىدۇ . لېكىن بۇ بالا ئىشتىنىنى زادىلا سالغىلى ئۇنىمايدۇ . شيا لىڭجۇ مۇئەللىم : «بۇنداق كېتىۋەرسەڭ ئۆگىنىشىڭگە تەسىر يېتىدۇ ، مەن سېنىڭ ئاپاڭدىنمۇ چوڭ ، شۇڭا مېنى ئۆز ئاپاڭدەك ئويلىساڭلا بولىدۇ» دەپ ، بۇ بالىنى ئىشتىنىنى سېلىشقا كۆندۈرىدۇ . شيا لىڭجۇ مۇئەللىم بالىلارغا دائىم تۇرمۇشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش ، قانداق قىلىپ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ تۇرىدۇ .

شىنجاڭدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارنىڭ ئاتا - ئانىلارچە مېھىر - مۇھەببىتىگە ئېرىشىپلا قالماي ، شۇ شەھەرلەردە ئولتۇرۇشلۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قېرىنداشلارچە مېھىر - شەپقىتىگىمۇ ئېرىشمەكتە . تيەنجىن شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ شىنجاڭ سىنىپىدا ئوقۇيدىغان ئىمام ئېلى ۋاسكېتبول ئويناۋېتىپ پۇتىنى قايرىۋالىدۇ . سىنىپ مۇدىرى ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي بەش قەۋەتلىك بىنادىن ئىمام غېنىنى يۈدۈپ چىقىپ - چۈشۈپ داۋالىتىدۇ . ئۆتكەن يىلى 11 - ئايدا تەييارلىق 2 - سىنىپتىكى غېنىجاننىڭ ئاپىسى تۇگەپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كېلىدۇ . ئاندىن ئايرىلىش بالا ئۈچۈن قانچىلىك ئازابلىق ئىش ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم .

www.uyghurkitap.com

مەكتەپ مەسئۇللىرىدىن تارتىپ ئوقۇتقۇچىلارغىچە غېنىجانغا تە-
سەللىي بېرىدۇ ھەم غېنىجاننىڭ ئاپىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلى-
رىغا قاتنىشىپ كېلىشى ئۈچۈن غېنىجاننى ئايروپىلان بىلەن
يولغا سېلىپ قويىدۇ .

خالىس شەپقەتتىن چەكسىز مۇھەببەت يانىدۇ . خاڭجۇ شە-
ھەرلىك پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا قاراشلىق سەندۇن تولۇق ئوت-
تۇرا مەكتىپىدىكى ۋۇ شىنخۇا مۇئەللىمنىڭ كېلى ياللۇغلىنىپ
ئۈنى پۈتۈپ قالىدۇ . لېكىن خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك
ئۈچۈن يەنىلا سىنىپقا كىرىپ دەرسنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ . بۇ
كۈنى بالىلار سىنىپقا مۇئەللىمنى كۆپ گەپ قىلدۇرماسلىق ئۈ-
چۈن ناھايىتى دىققەت بىلەن دەرس ئاڭلايدۇ . ئىلمدىكى چارۋىچى
ئائىلىسىدىن كەلگەن سۇمبات قەغەزنى كېسىپ ئىككى تۇتاش
يۈرەكنىڭ شەكلىنى چىقىرىپ ، ئۇنىڭغا «ياخشى ئادەمگە ياخشى-
لىق يانىدۇ ، مەڭگۈ سالامەت بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن» دەپ خەت
يېزىپ ، ۋۇ شىنخۇا مۇئەللىمگە بېرىدۇ . ۋۇ شىنخۇا مۇئەللىم
ھەر قېتىم بۇ قەغەز قىيمىغا قارىغىنىدا ۋۇجۇدىدىن بىر خىل
ئىللىق ئېقىم ئۆتكەندەك بولىدۇ .

بالىلارنىڭ بەختىيار چىرايى ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە
قولغا كەلتۈرگەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەلا نەتىجىلىرى
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇ-
قى ، يەرلىك پارتىيە ، ھۆكۈمەتلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ،
ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارنىڭ قان - تەرى بىلەن يۇغۇرۇلغان .
ئۇلارنىڭ تولۇپ تاشقان مېھىر - مۇھەببىتى شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقىگە ئاتالغان . شىنجاڭ بالىلىرى بۇ مۇھەببەتلىك
بىلىم بېغىدا بەختىيار ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى خاتىرجەم ئۆتكۈز-
مەكتە .

# يېڭى تەرەققىيات مۇساپىسىغا يۈزلەنگەن لوپنۇر

پەرھات يۇسۇپ

«لوپنۇر» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەر تەبىئىي هالدا هازىر قۇرۇپ چۆللۈككە ئايلىنىپ كەتكەن لوپنۇر كۆلىنى، شۇ كۆلنىڭ ئەتراپىدا ياشاپ، ئۆزگىچە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرگەن لوپنۇرلۇقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. لېكىن شۇ كۆلنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بىر ناھىيىنىڭمۇ بارلىقىنى بەزىبىر كىشىلەر ئانچە بىلىپ كەتمىسە كېرەك. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا جايلاشقان لوپنۇر ناھىيىسى يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بۇيان ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىقتىسادنى تېز سۈرئەتتە يۈكسەلدۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاپ، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى خېلى ئوبدان ئۆستۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان لوپنۇر ناھىيىسى يەنە ئۆزىنىڭ ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە بايلىق مۇھىتىدىن پايدىلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتنىڭ پارلاق كەلگۈسىنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلىپ تۇردى.

لوپنۇر ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، يەنى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي ياقىسىغا

جايلاشقان بولۇپ ، ئومۇمىي كۆلىمى 59 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ . ئومۇمىي نوپۇسى 100 مىڭدىن ئاشىدۇ . پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مەمۇرىي كۆلىمى ئەڭ چوڭ ناھىيىلەر-نىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . لوپنۇر ناھىيىسى ئۆزگىچە جۇغراپىيە-لىك مۇھىتقا ئىگە بولۇپ ، تەبىئىي بايلىقى ئىنتايىن مول . ناھىيە تەۋەسىدە ئېچىشقا بولىدىغان قاقاس يەر 3 مىليون 520 مىڭ مو بولۇپ ، بۇنىڭ 400 نەچچە مىڭ موسىدا بوز يەر ئېچى-لىپ بولدى . ئورمانلىق كۆلىمى 3 مىليون 860 مىڭ مو ، يايلاق كۆلىمى 15 مىليون 560 مىڭ مو بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1 مىليون مولۇق توغراقلىق دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدى-غان رايون . لوپنۇر ناھىيىسى چۈچۈك بۇيا ، لوپنۇر كەندىرىنىڭ ماكانى ، تېرىلغۇ كۆلىمى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ ، زۇلۇك تاش مىقدارى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي زاپاس مىقدارىنىڭ 93% ىنى ئىگىلەيدۇ . ئىسلاھات ئېلىپ بې-رىلغان ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان لوپنۇر ناھىيىسى پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۆزگىچە ئۈستۈنلۈك شەكىللەندۈرۈپ ، دۆلەت تەرىپىدىن «ئەلا سۈپەتلىك تاۋار پاختا بازا ناھىيىسى» قىلىپ بېكىتىلدى . لوپنۇر ناھىيىسى سانائەت ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇ-رۇشتىمۇ پاختا ، زۇلۇك تاش ، چۈچۈك بۇيا ، لوپنۇر كەندىرى قاتارلىق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بايلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئا-ساس قىلدى . مەھسۇلاتلىرى ئامېرىكا ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىر-لەشمىسىدىكى ئەللەر ، ياپونىيە ، شياڭگاڭ قاتارلىق 20 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندا سېتىلدى . لوپنۇر ناھىيىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ باشقىلاردا يوق ئەۋزەللىكىنى چىڭ تۇتۇش ، باش-قىلاردا بار ، ئۆزىدىمۇ بار ئۈستۈنلۈكنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇش پىكىر يولىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە يۈز-لەندى . يېقىندا لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە زاپاس مىقدارى ئىنتا-



www.uyghurkitap.com

يىن زور نېفىت ـ تەبىئىي گاز بايلىقىنىڭ بايقىلىشى — لوپنۇرنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ پارلاق ئىستىقبال ئېچىپ بەردى . لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جېلىل ناسىر مۇنداق دېدى : ھازىر ناھىيىمىزدە نېفىتلىك تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ ، دۆلىتىمىزدىكى تۆت چوڭ شىركەتنىڭ ھەممىسى تەۋەيىمىزگە كىردى ، بىزگە بېرىلگەن ئاخباراتتىن قارىغاندا ، بۇ نېفىتلىكنىڭ ئىستىقبالى ناھايىتى زور ئىكەن . ئەگەر ئۇلارنىڭ پەرىزى ، يەكۈنى ئەمەلىيەتتە دەلىللەنسە ، بۇگۈردىكى ، قارامايدىكى نېفىتلىك بۇنىڭ ئالدىدا ناھايىتى كىچىك بولۇپ قالىدىكەن . مۇشۇنداق بولغاندا بىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتىمىزغا ناھايىتى چوڭ پايدىلىق تەسىرى بولىدۇ . بۇ تېخى قېدىرىش باسقۇچىدا تۇرماقتا .

ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش يوللىرىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش — بۈگۈنكى كۈندە ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ئورتاق تونۇشى بولۇپ قالدى . لوپنۇر ناھىيىسىمۇ مول كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقى ، ئۆسۈملۈك بايلىقىنى ناھىيە ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە ساياھەتچىلىكنىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ راۋاجلاندۇردى . لوپنۇر — خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى غەربىي دىياردىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى . ناھىيە تەۋەسىدە نورغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلار بار . لوپنۇر كۆلى بويىدا ياشىغانلىقى سەۋەبىدىن لوپنۇرلۇقلار دەپ ئاتالغان بۇ زېمىندىكى كىشىلەرمۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئۆزگىچە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ، ئۆرپ - ئادىتىنى ، تىل ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈپ ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلگەن . لوپنۇر ناھىيىسى مۇشۇ ئاساستا لوپنۇرلۇقلار مەھەللىلىرى ، توغراقلىق ساياھىتى ، قۇملۇق ساياھىتى قاتارلىق ساياھەت تۈرلىرىنى يولغا قويۇپ ، كۆپلەپ ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ ، ساياھەتچىلىكنى ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەنە بىر يۈكسىلىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇردى .

ئىقتىسادنىڭ كۆپ مەنبەلىشىش يولىدا يۈكسىلىشكە ئەگىشىپ ، لوپنۇرنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىمۇ ماس قەدەمدە راۋاجلاندى . ئېلېكتىر قۇۋۋىتى ، قاتناش ، خەۋەرلىشىش ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى . يېزا يوللىرىنىڭ ھەممىسىگە ئاساسەن ئاسفالىت ياتقۇزۇلدى ، شەھەر – يېزىلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 28.36 % كە يەتتى ، رادىئو – تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 100 % كە يەتتى . سەھىيە ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ ، ھەممە يېزىلاردا شىپاخانا بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى . مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ ، تالىپ ھەسەنگە ئوخشاش يېڭى دەۋرنى كۈيلەيدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى تىپىك شەخسلەر بارلىققا كەلدى . لوپنۇر ناھىيىسىمۇ ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ «دۆلەت دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىلىك ناھىيە» ، «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پاكىزە ناھىيە» ۋە «پەن – تېخنىكا خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى .

ھازىر پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 603 مىليون يۈەنگە يېتىپ ، 1978 – يىلدىكىدىن 21.6 ھەسسە ئاشتى ، كەسىپ قۇرۇلمىسى تەدرىجىي مۇۋاپىقلىشىپ ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى . پۈتۈن ناھىيىدىكى دېھقان – چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىمۇ 1978 – يىلدىكى 82 يۈەندىن كۆپىيىپ 2422 يۈەنگە يېتىپ ، 20 نەچچە يىل جەريانىدا 28 ھەسسە ئاشتى . مانا مۇشۇ سان – سىپىرلارنى شۇ تەرەققىياتلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلى دېيىشكە بولىدۇ .

بىر رايوننىڭ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئەڭ تۈپ مەقسىتى — يەنىلا خەلقنى بېيىتىش ، خەلقنى خاتىرجەم ، باياشات

تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. تەرەققىياتتىن ئەمەلىي نەپكە ئېرىشكەن لوپنۇر خەلقىمۇ تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن خاتىرجەم تۇرمۇشتىن ھەقىقىي ھوزۇر ئېلىشقا باشلىدى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ناھىيىنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرىدا ئىنتايىن زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ناھىيىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى پىكىر يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا قويۇپ، ناھىيىنىڭ تەرەققىيات ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاپ ماڭدى. ئىشىنىمىزكى، يېڭى تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويغان لوپنۇرلۇقلار لوپنۇردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي زېمىندا تېخىمۇ شانلىق تەرەققىيات سەھىپىلىرىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىمۇ بەل قويۇۋەتمەي ئىلگىرىلەش

## — قورغاس چېگرا ئېغىزى توغرىسىدا

پەرھات يۇسۇپ

قورغاس چېگرا ئېغىزى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان، شىنجاڭدىكى ئەڭ بۇرۇن سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن چېگرا ئېغىزلىرىنىڭ بىرى. ئۇ سىرتقا رەسمىي ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى گۈللىنىش، ئاجىزلاش ۋە تەرەققىياتقا قايتا يۈزلىنىشتەك باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتى.

1983 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، تاقىۋېتىلگىنىگە 20 يىل بولغان قورغاس چېگرا ئېغىزى قايتىدىن ئېچىلىپ، ئىلگىرىكى ئاۋات مەنزىرە ئەسلىگە كەلدى، قورغاس ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، يەنە بىر مەمۇرچىلىق مەزگىلىگە قەدەم قويدى. ئىسلاھات، تەرەققىيات كۆيلىرى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ چوڭ چېگرا ئېغىزى بولغان بۇ زېمىندا ياڭرىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سودىگەرلەر بۇ يەر ئارقىلىق ئۆزلىرى ئۇزۇندىن بېرى تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقان جۇڭگوغا كىردى. جۇڭگو سودىگەرلىرىنىڭ بۇ يېڭى «يىپەك يولى»مۇ غەربكە سوزۇلۇپ، موسكۋاغىچە باردى. قورغاس چېگرا ئېغىزى ئىلگىرىكى قاقاس سايلىقتىن

هازىرقى ھەرخىل ئەسلىھەلىرى تولۇق زامانىۋى شەھەرگە ئايلان-
دى .

بىز غۇلجا شەھىرىدە ، ئۆز ۋندىن بىرى قورغاس چېگرا ئېغى-
زىدىن كىرىپ - چىقىپ سودىگەرلىك قىلىپ ، قورغاس چېگرا
ئېغىزى رايونىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆ-
رۈپ كەلگەن تۇرسۇن ھاجى ۋە ياسىن ھاجى ئاكا - ئۇكا ئىككىسى
بىلەن پاراڭلىشىپ قالدۇق . ئۇلار بۇرۇنقى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ
مۇنداق دېدى : «غۇلجا شەھىرىگە ، چىڭسىخوزىغا سېلىشتۇرغاندا
قورغاس چېگرا ئېغىزىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى ،
92 - يىلى بىز سودىگەرلىك قىلىپ يۈرگەن مەزگىللەردە قور-
غاس چېگرا ئېغىزى بىر چۆللۈك ئىدى ، بىنا ، يول دېگەندىن
ئەسەر يوق . ئىلگىرى پەقەت تاموژنىنىڭ بىرلا كېسەك ئۆيى
بولىدىغان ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەرەققىي قىلىپ ، ئۇ يەر
بىر شەھەرگە ئايلىنىپ قالدى . »

شۇنداق ، قورغاس چېگرا ئېغىزىنىڭ ھازىرقى مەنزىرىسىنى
كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتەن تەس .
بىز قورغاس چېگرا ئېغىزى رايونىدا رەتلىك سېلىنغان ئىشخانا
رايونى ، مال ساقلاش رايونى ، ئۇنىۋېرسال سودا رايونى ، تۇرمۇش
رايونى ، مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش رايونى ، چەت ئەل
سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش رايونى ، كۆكەرتىش رايونى قاتار-
لىق رايونلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق . شەھەر ئايلانما يولى پۈ-
تۈن لىنىيە بويىچە تۈتىشىپتۇ . پوُل - مۇئامىلە كارخانىلىرىمۇ
تەرەققىيات داۋامىدا تەدرىجىي زورىيىپ ، قىزغىن ، ئەلا سۈپەت-
لىك مۇلازىمىتى بىلەن چېگرا ئېغىزىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈرۈپ ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تىجارەتچىلەر ئارىسىدا
شۆھرەت قازىنىپتۇ . مۇلازىمەت ئىشلىرى ئۈچۈن سېلىنغان مېھ-
مانخانىلارمۇ كىشىلەرگە زامانىۋى تۇس بېرىپ تۇرىدىكەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىگىلىشىمىزچە ، سودا ئىشلىرى ئەڭ جانلانغان مەزگىللەر-
دە قورغاس چېگرا ئېغىزى «سودىگەرلەرنىڭ جەننىتى» دەپ ئاتال-
غان . كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ يەردە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇل-
لىنىپ ، بىر كېچىدىلا مىليونېرلارغا ئايلانغان . 1994 - يىلى
بىر يىلدىلا قورغاس چېگرا ئېغىزىدىن كىرىپ - چىققانلار 560
مىڭ ئادەم قېتىمغا ، ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 1
مىليون توننىدىن كۆپرەككە ، سودا سوممىسى 600 مىليون ئامې-
رىكا دوللىرىغا يەتكەن . ھازىرمۇ قورغاس چېگرا ئېغىزىدا گىر-
لەمچىلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پەرىدە خانىم ئەھۋال
تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى : «مېنىڭ بۇ يەردە تىجارەت قىلىۋاتقى-
نىمغا 12 يىل بولدى ، مەن دەسلەپتە سودىنى 300 سوم بىلەن
باشلىغان ، كېيىن سودىمىز ياخشىلىنىپ بىرنەچچە دۇكان ئاچ-
تۇق . بۇلتۇر بىر يىلنىڭ ئىچىدە 50 مىڭ يۈەن پايدا ئالدۇق ،
بۇ چېگرا ئېغىزىغا چىقىپ تىجارەت قىلغاندىن بۇيان ، ئائىلىمىز-
نىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولۇپ كەتتى ، بۇرۇن ھاراق
ئىچىپ ھېچ ئىش بىلەن چاتىقى بولمايدىغان يولدىشىممۇ بۇ سودى-
نىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ ، باشقا ئىشلارنى تاشلاپ مۇشۇ ئىشقا
كىرىشىپ كەتتى .»

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەن قورغاس چېگرا
ئېغىزىنىڭ تەرەققىياتىغا زور غەمخورلۇق قىلدى . 1990 - يىلى
كۈزدە ، يولداش جياڭ زېمىن قورغاس چېگرا ئېغىزىنى كۆزدىن
كەچۈردى ھەمدە بېغىشلىما يېزىپ بەردى . لى پېڭ ، جۇ رۇڭجى ،
لى رۇيخۇەن قاتارلىق يولداشلارمۇ كەينى - كەينىدىن قورغاس
چېگرا ئېغىزىغا باردى ، 2001 - يىلى يولداش خۇ جىنتاۋ يەنە
مەخسۇس قورغاس چېگرا ئېغىزىغا بېرىپ ، چېگرا سودا رايونىنى
كۆزدىن كەچۈردى . . قورغاس چېگرا ئېغىزىدىكىلەر پارتىيە-
نىڭ غەمخورلۇقى ، خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى ھەرگىز ئۇن-

تۈپ قالمىدى ، ئۇلار ئۇدا مەملىكەتلىك «مەدەنىي چېگرا ئېغىزى» ، «ئىلغار چېگرا ئېغىزى» ، مەملىكەتلىك كىچىك شەھەر - بازارلار قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ كەلدى .

بىراق ، ياخشى كۈنىمۇ يامىنى بولىدۇ دېگەندەك ، 90 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ، دۆلەت چېگرا رايونلار ھەققىدىكى تاشقى سىياسەتنى تەڭشەپ ، ئەسلىدە چېگرا رايونلارغا قارىتىلغان تاشقى سودىدا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقتىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتى مۇقىمسىز ، سودا پائالىيەتلىرى ئۆلچەمسىز بولغانلىقتىن ، قورغاس چېگرا ئېغىزىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى يىلمۇيىل تۆۋەنلەپ كەتتى . لېكىن قورغاس چېگرا ئېغىزىدىكىلەر بۇنىڭلىق بىلەن بەل قويۇۋەتمەيدى . ئۇلار بۇ خىل ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئۆزىنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ، بۇرۇنقى نوقۇل مۇلازىمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ ، خىرىسلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتلاندى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتمۇ ئۆز پەيتىدە قورغاس چېگرا ئېغىزىغا «يۇننەننىڭ جىگاۋ چېگرا سودا رايونىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش قېلىپى بويىچە ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق باشقۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىپ ، چېگرا ئېغىزىنىڭ ئىقتىساد - سودا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش »تىن ئىبارەت كەڭ سىياسەتنى بەردى . چېگرا ئېغىزىنى باشقۇرۇش كومىتېتى يەنە تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ مەبلەغ كىرگۈزۈپ ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ، سىرتقا يۈزلەنگەن پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىنى تېزلىكتە قۇرۇپ چىقىپ ، ئاخىرقى ھېساپتا قورغاس چېگرا ئېغىزىنى جۇڭگو بىلەن قازاقىستاننىڭ خادىملىرى ، ماددىي ئەشيالىرى ، ئۇچۇرلىرى توپلىشىدىغان -

تارقىلىدىغان مەركەز قىلىپ قوروۋپ چىقماقچى بولدى .
بۇ پەقەت قورغاس چېگرا ئېغىزىنىڭ ئۆتمۈشى ، بۈگۈنى ھەم كېلەچىكى ھەققىدىكى بىر كارتىنىدىنلا ئىبارەت . ئىشىنىمىز-كى ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان سودىنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلاش خاراكتېرىنىڭ كۈچىيىشى ، سودا بىلەن ساياھەتچىلىكنىڭ قوش تۈرتكىسى ئارقىسىدا ، قورغاس چېگرا ئېغىزى تېخىمۇ روناق تېپىپ ، تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەككە ئىگە بولىدۇ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەرىپەت بېغىدا شادلانسۇن قەلب

## —شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مائارىپ ئەھۋالى توغرىسىدا

پەرھات يۈسۈپ

مائارىپ — بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتكە نىسبەتەن ھەممە ئىشلارنىڭ ئاساسى، مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ، ھەممە كىشىنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسى ئۆسكەندىلا، باشقا ئىشلاردىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىدە كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىش بارلىققا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

«ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتالغان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىگە جايلاشقان كېرىيە ناھىيىسىدىكى يېشى 70 تىن ئاشقان يۈسۈپ بوۋاي بىكار ۋاقىتلىرىدا ئۆيى يېنىدىكى مەكتەپكە بېرىپ ئايلىنىپ چىقىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان. ھەر قېتىم بالىلارنىڭ دەرسخانىدىكى كىتاب ئوقۇغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىدا، ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرەيدۇ، يۈسۈپ بوۋاي بۇنىڭدىن ئۆز يۇرتىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى كۆرگەندەك بولىدۇ.

غۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار يەتتە ھەسسە ، ئوتتۇرا مەكتەپتى‑
كى ئوقۇغۇچىلار 838 ھەسسە كۆپىيىپ ، شىنجاڭدىكى ئاساسىي
مائارىپ كۆلىمى ئەڭ چوڭ ۋىلايەت بولۇپ قالدى .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىدىكى چەت ـ ياقا
چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەكتەپتە ئوقۇش ئىلگىرى چارۋىچىلار‑
نىڭ پەرزەنتلىرىگە نىسبەتەن بىر خىيال ئىدى . بۈگۈنكى كۈندە
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا 170 نەچچە ياتاقلىق مەكتەپ
بىپايان يايلاقنىڭ ھەممە يېرىگە تارالدى ، 5000 غا يېقىن ئوقۇت‑
قۇچى چارۋىچىلارنىڭ 70 مىڭدىن كۆپرەك پەرزەنتىگە بىلىم
بەرمەكتە . سۇ ، ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ ياشايدىغان قازاق چارۋى‑
چىلىرىنىڭ قەلبىگە ئىلىم نۇرى چېچىلماقتا .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئاساسىي مائارىپ كۈچەي‑
تىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش
ئىشلىرىمۇ كۈچەيتىلدى . ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى باشلان‑
غۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىدا لاياقەتلىك بو‑
لۇش نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئې‑
شىپ كەتتى ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارى‑
خىدا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 90% كە يېقىنلاشتى .

شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى — دۆلەتنىڭ
زور كۈچ بىلەن قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ ، بولۇپمۇ يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان ، دۆلەتنىڭ مائارىپ جەھەتتە نامراتلارنى يۆلەش
قۇرۇلۇشى ، نامرات رايونلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى
قاتارلىقلار شىنجاڭدا يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ، شىنجاڭنىڭ
مائارىپ ئىشلىرىغا زور مىقداردا مەبلەغ سېلىندى . شىنجاڭدىكى
نەچچە مىڭ مەكتەپنىڭ مەكتەپ ئۆيلىرى ، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلى‑
رى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ياخشىلاندى ، ئوقۇغۇچىلار خە‑
تەرلىك سىنىپلار بىلەن خوشلىشىپ ، كەڭرى ، ئازادە يېڭى سى‑

نىپلارغا كۆچۈپ كىردى ، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئول- تۇراقلاشقان نامرات رايونلارنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىدا تۈپتىن ياخشىلىنىش بولدى .

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خوتەن ناھىيىسىدىكى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ تىلغا ئېلىنسا ، خوتەندە ئۇنى بىلمەيدىغانلار ئاز بولۇشى مۇمكىن . 1937 - يىلى قۇرۇلغان بۇ مەكتەپ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەرقايسى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا تەرەققىي قىلىپ ئەسلىھەلىرى تولۇق ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى مۇكەممەل ، يىراق - يېقىندا نامى بار داڭلىق مەكتەپلەردىن بولۇپ قالدى . مەكتەپ مۇدىرى ئىمىن توختى ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى : «مەكتىپىمىز 1937 - يىلى 11 - ئايدا قۇرۇلغان ، ئەينى ۋاقىتتا بەش ئوقۇتقۇچى ، 200 لا ئوقۇغۇچى بار ئىكەن ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مەكتىپىمىزگە ناھايىتى كۆپ غەمخورلۇق قىلدى ، 1995 - يىلى مەركەز نامرات رايونلارغا سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش چاقىرىقىنى چىقارغاندىن كېيىن ، ئۇرۇمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ مەكتەپ بىناسى سېلىپ بەردى ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسكۇنىلىرىنى يېڭىلىدى . مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەكتەپنىڭ نامىمۇ «خوتەن ناھىيىسى تۆمۈر يول ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى . مەكتەپتە دەسلەپتە بەش ئوقۇتقۇچى ، 200 ئوقۇغۇچى بولغان بولسا ، 64 يىلدىن كېيىن يەنى 2002 - يىلىغا كەلگەندە ئومۇمىي ئوقۇغۇچى 1750 كە ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچى 122 گە يېتىپ ، ئازادلىقتىن بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا سەككىز ھەسسە كۆپەيدى ، ھەر يىلى مەكتەپكە 200 دىن 300 گىچە يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى جەھەتتىمۇ مەكتىپىمىز ناھىيە بويىچە خېلى يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ .

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ مەسئۇلى ئىچكىرىدىكى 12 شەھەردە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلىنغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى مەركەز شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 2000 ـ يىلدىن باشلاپ بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردا شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلدى. 2000 ـ يىلدىن باشلاپ بۇ سىنىپلارغا مىڭدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ھازىر، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئىچكىرىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتىدۇ، مەركەز ئىچكىرىگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنى ئويلىشىپ، بۇ يىلدىن باشلاپ 1540 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى بېكىتتى. مەركەز ئىچكىرى ئۆلكىلەردە شىنجاڭ سىنىپى ئېچىشنى ئۇزاق مۇددەتكىچە داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلدى.

باللار ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ كېلەچىكى، مائارىپ دۆلەتنىڭ جۇملىدىن مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئۇنۇمىمۇ ئاستا ـ ئاستا كۆرۈلۈشكە، پۈتۈن جەمئىيەتتە بىلىمنى قەدىرلەيدىغان، مائارىپنى قوللايدىغان كەيپىيات شەكىللىنىشكە باشلىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يېقىن كەلگۈسىدە شىنجاڭدىمۇ ئىلىم ـ پەننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىن ئورۇن ئالغان، شىنجاڭنى دۇنياغا تونۇتىدىغان زور تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرى بارلىققا كېلىدۇ.

# بارلىقىنى ئاجىزلارغا بېغىشلىغان خەلق ئىشلىرى كادىرى

پەرھات يۈسۈپ

«119» دېگەن بۇ سان تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەر دەرھال بۇ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ تېلېفون نومۇرى دەپ ئىنكاس بىلدۈ-رىدۇ. چۈنكى تېلېفون كۇنۇپكىسىدا بۇ سان بېسىلغان ھامان ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن يېتىپ كېلىپ، بارلىق ئامال - چارىلەر بىلەن خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى قوغدايدۇ، شۇ سەۋەبتىنمۇ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە بۇ سان ئۆزلە-رىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، بىرەر ئىشلارنى بىر تەرەپ قى-لىشقا ئاجىزلىق قىلغاندا ئۆزلىرىنى غەمدىن خالاس قىلىشنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بورتالا موڭغۇل ئوبلاستىدىمۇ بورتالا شەھىرىدىكى نامرات ئامما تەرىپىدىن «خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ 119 ى» دەپ ئاتالغان بىر ئاددىي خەلق ئىشلىرى كادىرى بار، ئۇ ھەر ۋاقىت ئاممىنىڭ غېمىنى يەپ، ئاممىنى ئالدىرىغان ئىشلارغا ئالدىراپ، قولىدىن كېلىشىچە ئاممىنى غەمدىن خالاس قىلىپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ماختىشىغا، قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولغان. ئۇ بولسىمۇ بورتالا شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ كادىرى ئابدۇۋە-لى ئايۇپ.

بۇ يىل 32 ياشقا كىرگەن ئابدۇۋەلى ئايۇپ 1990 - يىلى

www.uyghurkitap.com

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتى بورتالاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كىشىلەر ئاۋارىچىلىقى ئەڭ كۆپ ئىدارە دەپ قارايدىغان خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىغا تەقسىم قىلىنىدۇ . 1991 ـ يىلدىن باشلاپ بورتالا شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى ئەڭ ئېغىر ئەڭ قىيىن بولغان ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنىدۇ . ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان تۇنجى كۈندىن باشلاپلا ئۆز كۆڭلىدە لاياقەتلىك خەلق ئىشلىرى كەدىرى بولۇش ئىرادىسىنى تۇرغۇزىدۇ . ئابدۇۋەلى مۇنداق دەيدۇ : «مەن خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىغا كېلىپ ، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خىزمىتى قىيىنچىلىقتا قالغان جەمئىيەت-تىكى ئاممىغا ۋە نامرات ـ ئاجىزلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ، مەندە بۇ خىزمەتكە نىسبەتەن كۈچلۈك مېھىر ـ مۇھەببەت تۇغۇلدى ھەمدە بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئىرادىسىگە كەلدىم . كىچىكىمدىن دادامدىن ئالغان تەر-بىيەمۇ مېنى مۇشۇ خىزمەتنى ياخشى قىلىشقا ئۈندىدى ، داداممۇ ئەينى ۋاقىتلاردا قازاق مىللىتىدىن بولغان تۆت نامرات بالىنى بېقىۋېلىپ قاتارغا قوشقان .»

ئابدۇۋەلى شۇ نىيەت ۋە ئىرادە بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كېتىد-دۇ . 10 يىلدىن بۇيان ، ئۇ دائىم ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ ، ئاممىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلەپ تۇرىدۇ . 1996 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ، بورتالا شەھىرىدە نامراتلارنى يۆلەش ـ تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ ، رەھبەرلىك گۇرۇپ-پىسى ئىشخانىسى شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدا تەسىس قىلىنىدۇ . ئابدۇۋەلى كۈندىلىك خىزمەتلەرگە مەسئۇل قىلىنىد-دۇ . نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ، ئۇ پۈتۈن شەھەردىكى ئالتە يېزا ، بازار ، مەيدان ، 120 دېھقانچى-

لىق ـ چارۋىچىلىق كەنت ئەترىتىنى ئالا قويماي ئايلىنىپ چىـ
قىپ ، 2170 نەچچە نامرات ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ ، نامرات ئائىلىلەر ئارخىپىنى مۇكەممەل تۇرغۇزىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن ۋاز كېچىپ ، موتسىكلىت بىلەن 500 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ ، بورتالا شەھىرى تۇزۇپ چىققان نامراتلارنى يۆلەشكە ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئائىلىمۇ ئائىلە تەشۋىق قىلىدۇ .

بىر قېتىم خىزمەت داۋامىدا ئابدۇۋەلى چىندىل يېزىسىدا خالىدەم ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر نامرات ئايالنىڭ بارلىقىنى ، يولـ دىشى بالدۇر قازا قىلىپ كېتىپ كىچىك بالىسى بىلەن قالغانلىـ قىنى ، تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن قىيىن ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ئىگىـ لەيدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال خالىدەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇـ لۇشىغا ياردەم بېرىش قارارىغا كېلىدۇ . خالىدەمنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ ئالدى بىلەن نامراتلىقنىڭ سەۋەبىنى ئىزـ دەپ ، خالىدەم بىلەن باقمىچىلىق ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇـ لۇش پىلانىنى تۈزىدۇ . ئۇ شەخسىي نامى بىلەن كېپىللىك بېـ رىپ ، خالىدەمگە 3500 يۈەن قەرز ئېلىپ بېرىدۇ ، بۇنىڭغا خالىدەم ئۆزى قەرز ئالغان بىر قىسىم پۇللارنى قوشۇپ تۆت سۈت كالىسى سېتىۋالىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇۋەلى خالىدەمنىڭ ئۆيىگە پات ـ پات كېلىپ ، ئۇنىڭغا بەزى تېرىقچىلىق ـ باقمىچىـ لىق تېخنىكىسىنى ئۆگىتىپلا قالماي ، يەنە ئۇنى پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ .

خالىدەمنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى بارا ـ بارا ياخشىلىنىـ دۇ . 1998 ـ يىلى ئائىلىسىنىڭ كىرىمى 9600 يۈەنگە يېتىدۇ ، سۈت كالىسىنىڭ سۈتىدىنلا يىلىغا 5000 يۈەن كىرىم قىلىدۇ . 2000 ـ يىلى ، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2800 يۈەنگە يېتىدۇ . بۇرۇن چىرايىدىن غەمكىنلىك ئۈزۈلمەيدىغان

خالىدەمنىڭ چىرايىدىن ئەمدى كۆلكە يېغىپ تۇرىدىغان بولىد
ئابدۇۋەلى ئايۇپ دائىم : « مەن خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى
نىڭ كادىرى ، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى نامرات ئائىلىنىڭ ئائى
لىسىگە ئوخشايدۇ ، ئۇلار ئۇچۇن ھەقىقىي تۇردە ئەمەلىي ئىش
ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەندىلا ، ئۇلارنىڭ سىرداش دوستى بولغ
دىلا ، ئۇلارغا ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى يەتكۈزگىلى بولىدۇ
دەيدۇ .
ئۇ شۇنداق دەيدۇ ، ئەمەلىيەت داۋامىدىمۇ شۇنداق قىلىدۇ
1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كېچىسى ئابدۇۋەلى
نىڭ چاقىرغۇسى تۇيۇقسىز سايراپ كېتىدۇ . « بۇ كېچە
كىممۇ چاقىرغاندۇ ؟ » ئابدۇۋەلى ئورنىدىن تۇرۇپ چاقىرغۇسىغا
قارايدۇ ، چاقىرغۇدا : « تۇرسۇن ، جىددىي ئىشىم بار ، تې
تېلېفون قايتۇرۇڭ » . دېگەن خەتلەر كۆرۈنىدۇ . تۇرسۇن شاۋ
يىگېەن بازىرىدىكى بىر مېيىپ كىشى ئىدى . «ھازىر سەھەر
سائەت تۆت بولۇپ قالدى ، ئۇنىڭ نېمە ئىشى باردۇ ؟ يەنە كېلىپ
ئۆيىدە تېلېفونمۇ يوق ، قانداق قىلىش كېرەك ؟ نېمىلا بولمى
سۇن تېلېفون تېپىپ سوراپ باقاي » . ئابدۇۋەلى كىيىملىرىنى
كىيىپ ، مىڭ تەستە بىر بوتكىدا تېلېفون تېپىپ تېلېفون قايتۇ
رىدۇ .
— ۋەي ، تۇرسۇنما ، بۇ كېچىدە نېمە ئىشىڭىز بار ؟
— چاتاق بولدى ئۇكام ، ئايالىم بەك قاتتىق ئاغرىپ قالدى
مەنمۇ نېمە قىلارىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن ، بىر ياردەم قىلغان بول
سىڭىز . . .
— بولىدۇ ، ساقلاپ تۇرۇڭ ، ھازىرلا بارىمەن ، —
ئابدۇۋەلى تېلېفوننى قويۇپلا بىر كىرا ماشىنىسىنى توسۇپ
شەھەردىن 20 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۇرسۇننىڭ ئۆيى
گە بېرىپ ، بىمارنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىدۇ . يېنىدا نەق

پۇل بولمىغانلىقتىن ئۆزىنىڭ كىملىكى ۋە تۇرسۇننىڭ مېيىپلىق كىنىشكىسىنى قويۇپ، بىمارنى دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئەتىسى ئۆيىدىن 500 يۈەن ئېلىپ بېرىپ، تۇرسۇننىڭ ئايالىنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىش راسخودىنى تاپشۇرۇۋېتىدۇ، ئارقىدىن يەنە باشقا يوللار بىلەن تۇرسۇنغا 600 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ئېلىپ بېرىدۇ ھەمدە دوختۇرخانا بىلەن كېڭىشىپ، تۇرسۇننىڭ 200 يۈەن داۋالاش راسخودىنى كەچۈرۈم قىلغۇزىدۇ. تۇرسۇننىڭ ئايا-لى دوختۇرخانىدا ياتقان 12 كۈن ئىچىدە، ئابدۇۋەلى ئايالى بىلەن كۈندە دوختۇرخانىغا تاماق توشۇيدۇ. بىمارنىڭ سالامەتلىكى ئەس-لىگە كېلىپ دوختۇرخانىدىن چىققاندا، تۇرسۇن كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ: «سىز ئائىلىمىزنىڭ شەپقەتچىسى، بىز سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمىز...» دەيدۇ.

ئابدۇۋەلى ئايۇپنىڭ بۇنداق تەسىرلىك ھېكايىلىرى ناھايىتى نۇرغۇن. مەيلى قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەيەردە قىيىنچىلىق بولسا، ئۇنىڭ شۇ ۋىجدان گەۋدىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر كومپارتىيە ئەزاسى، كومپارتىيە ئەزاسى بولغان ئىكەنمەن، ھەممە ئىشتا ئالدىدا مېڭى-شىم كېرەك. مەيلى نامراتلارنى يۆلەش بولسۇن ياكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىدا بولسۇن، مەن شۇ ئەقىدە بويىچە ئىش قىلىمەن.»

1998 - يىلى ياز پەسلىدە، بورتالا شەھىرىنىڭ شاۋيىڭپەن بازىرىدا 40 نەچچە يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، زىيان ئىنتايىن زور بولىدۇ. شۇ كۈنى كەچ سائەت 11 دە ئابدۇۋەلى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئاپەت يۈز بەرگەن رايونغا يېتىپ بېرىپ، دەرھال ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ئاپەت ئەھۋالىنى تىزىملاش ئىشلى-رىغا كىرىشىپ كېتىدۇ، كېچىلەپ ئاپەت ئەھۋالى جەدۋىلىنى

رەتلەيدۇ . ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بەش قېتىم ئاپەتكە ئۇچرى-
غان رايون بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدا قاتناپ ، ئاپەتكە ئۇچرىغان
800 نەچچە كىشى ئۈچۈن يېمەكلىك سېتىۋالدۇ ، ئۈرۈمچىگە
بېرىپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش چېدىرى يۆتكەپ كېلىپ ، ئاپەتكە
ئۇچرىغان ئاممىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ .
ئاپەتكە ئۇچرىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئائىلە چېدىرغا كىرىپ
بولغاندىن كېيىن ، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز تىنىم تاپماي چېپىپ
يۈرگەن ئابدۇۋەلىنىڭ پۈتۈن بەدىنى بوشاپ ، ھوشسىزلىنىپ يەر-
گە يىقىلىدۇ ، ئۇ بەك ھېرىپ كەتكەنىدى . . .
ئاز سۆزلەش ، كۆپ ئىشلەش ، بەزىدە ھەتتا قىلغىنىنىمۇ
دېمەسلىك — ئابدۇۋەلىنىڭ ئۆزىگە قويغان تەلىپى . كۆپ يىللار-
دىن بۇيان ئۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بىر ئاساسىي قاتلام
خەلق ئىشلىرى كادىرىنىڭ كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىق رولىنى
جارى قىلدۇرۇپ كەلدى . ئۇ شۇ قىلغان ئىشلىرى بەدىلىگە 1997
ـ يىلدىن بۇيان ئۇدا ئوبلاست ، شەھەر بويىچە خەلق ئىشلىرى
خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىدۇ . بۇ يىل يەنە
ئاپتونوم رايون بويىچە «خەلق رازى بولغان دۆلەت مەمۇرى»
دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىدۇ . بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوب-
لاستلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ ھۆججەت تارقى-
تىپ ، پۈتۈن ئوبلاستتىكى دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ ئاپتونوم رايون
بويىچە «خەلق رازى بولغان دۆلەت مەمۇرى» ئابدۇۋەلى ئايۇپتىن
ئۆگىنىشى توغرىسىدا قارار چىقىرىدۇ .
شان ـ شەرەپ ئالدىدا ئابدۇۋەلى : «نەتىجىلەر پەقەت ئۆت
مۇشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ ، بۇندىن كېيىن داۋاملىق پارتىيىنىڭ
مېھىر ـ شەپقىتىنى ، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى نامرات ئاممى
غا يەتكۈزىمەن . پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ قېتىم ماڭا مۇشۇنداق
شان ـ شەرەپلەرنى بەردى . مەن بۇنداق شەرەپلەرنى ئالدىم دەپ



www.uyghurkitap.com

توختاپ قالسام بولمايدۇ ، مەن بىر پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىـ.
تىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ خىزمەتتىكى مەسئۇلىيىتىمنى تىرد.
شىپ ئادا قىلىپ ، نامراتلارغا ۋە يېتىم ـ يېسىرلارغا قۇربىمنىڭ
يېتىشىچە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ ، دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە
داۋا ، رەنجىگە شىپا بولۇشنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇپ بارىمەن»
دەيدۇ .

ئابدۇۋەلى ئايۇپ خىزمەتكە بولغان ئەنە شۇنداق ئۆزىنى بېـ.
غىشلاش روھى ۋە نامراتلارغا ، ئاجىزلارغا بولغان چوڭقۇر مېھىر
ـ مۇھەببىتى ئارقىلىق نامرات ، ئاجىزلارنىڭ كىچىك ئىشلىرىنىـ.
مۇ ئۆزىگە نىسبەتەن چوڭ ئىش دەپ بىلىپ ئىشلىدى ، ئۇ مۇشۇنـ.
داق ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىلەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ
مېھىر ـ شەپقىتىنى نامراتلارغا يەتكۈزدى . ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېـ.
رىشكەن ھەربىر كىشى ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىر
ۋاقىتتا ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكىمۇ رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايدۇ .
بىز بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىزكى ، ھەربىر ھۆكۈمەت
خادىمى ھەرقانداق ئىشتا خەلقنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ، ئۆزىنىڭ
ھۆكۈمەت خادىملىق بۇرچىنى بەجانىدىل ئادا قىلسىلا ، خەلق
ئۇنىڭغا تۆردىن ئورۇن بېرىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تارىم دەرياسى — شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئانا دەرياسى

## —تارىم دەرياسىنى ئۇنئۇچرسال تۈزەش قۇرۇلۇشى توغرىسىدا

پەرھات يۈسۈپ

تارىم دەرياسى — جۇڭگودىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى . ئۇ تارىختىن بۇيان شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئانا دەرياسى دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن . نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخىي جەريان داۋامىدا تارىم دەرياسى ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن ھەر مىللەت خەلقى بۇ دەريانىڭ ئابىھايات سۈيىدىن ئوزۇقلىنىپ ، شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان . ھالبۇكى ، تەبىئىي شارائىتنىڭ ناچارلى- شىشى تۈپەيلىدىن 1972 - يىلدىن كېيىن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا سۇ ئۈزۈلۈپ قىلىشقا باشلىدى ، 320 كىلومې- تىرلىق دەريا يولى قۇرۇپ كەتتى . بۇ ھال تارىم دەرياسى بويىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ ياشاش مۇھىتىغا بىۋا- سىتە تەسىر كۆرسەتتى . تارىم دەرياسىنىڭ يامانلىشىۋاتقان ئېكو- لوگىيىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەن ۋە جەمئى- يەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ كۆڭۈلۈك دىققىتىنى قوزغىدى گوۋۇيۈەن بۇ دەريانى ئوڭشاشنى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ ، غايەت زور مەبلەغ ئاجرىتىپ ، بۇ رايوننىڭ ئېكولو گىيىسىنى ئوڭشاشنى قارار قىلدى . 2001 - يىلى 3 - ئاينىڭ

بېشىدا زۆڭلى جۇ رۇڭجى گوۋۇيۇەن زۇڭلىلار ئىش بېجىرىش يىغىنىنى ئېچىپ، تارىم دەرياسىنى ئۈنۈمۈرسال تۈزەش لايىھە-سىنى تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن، تارىم دەرياسىنى تۈزەش قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلاندى.

بىز بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى لوپنۇر ناھىيە-سى تەۋەسىدىكى تارىم دەرياسى بويىدا 106 ياشلىق روزى سادىق بوۋاينى ئۇچراتتۇق، سۇنىڭ دەستىدىن ئۆمرىدە 50 نەچچە قېتىم ئۆي كۆچكەن روزى بوۋاي كومپارتىيىنىڭ بۇ دەريانى چوقۇم تۈزەيدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەنچ باغلاپ كەلگەنىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى تارىم دەرياسى بويىدا ياۋا توڭگۇز، يولۋاس قاتارلىق ھايۋانلار بار ئىدى، ھەممە يەر سۇ بىلەن قاپلانغان ئىدى، كېيىن بايلار ۋە بەزى بىر قىسىم ئاچكۆز كىشىلەر توغراقلارنى قالايمىقان كېسىپ، سۇنى باشقا ياققا باشلاپ مۇھىتى-نى بۇزغانلىقتىن سۇ قۇرۇپ كېتىپ، توغراقلىقلار چىرىپ كەت-تى، ئۈششاق دەرەخلەرمۇ قۇرۇپ كېتىپ، بۇ يەر چۆللۈككە ئايلاندى. سۇ كەلگەندىن كېيىن يەر - جاھان يېشىللىققا تولدى، پارتىيىنىڭ بۇ يەرگە غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن يەر - جاھان كۆكىرىپ، قۇرۇپ كەتكەن توغراقلار قايتا بىخ چىقاردى. بىز بۇ ئىشتىن بەك خۇشال بولدۇق، شۇڭا پارتىيىگە رەھمەت ئېيتى-مىز.»

مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجە-لىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسى-دا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تارىم دەرياسىغا ئۈچ قېتىم جىددىي سۇ يەتكۈزۈلدى. ئۆتكەن يىلىنىڭ بېشىدا، دۆلەت 10 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، تارىم دەرياسىنى ئۈنۈمۈر-سال تۈزەشكە ئىشلىتىپ، بەش يىل ۋاقىت ئىچىدە بۇ دەريانىڭ ئېكولوگىيىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلدى .

تارىم دەرياسىنى تۈزەش قۇرۇلۇشىغا ئىزچىل قاتنىشىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بايىنغولىن موڭغول ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇھەممەت ئېزىز مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى : «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقىتتىلا ، باش شۇجى جياڭ زېمىن غەربىي رايوننى ئېچىشتا ئالدى بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان . تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى تۈزەش ، ياخشىلاش ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، زۇڭلى جۇرۇڭجى ئۆزى بىۋاستە خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ ، بۇ خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇردى . تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن ئېقىمى بايىنغولىن ئوبلاستىدىن ئۆتىدۇ ، تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيىسى ياخشىلانسا ، ئوبلاستىمىزنىڭ ئومۇمىي ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئوبلاستلىق پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەننىڭ تارىم دەرياسىنى تۈزەش ئىستراتېگىيىسىگە ماسلىشىش ئۈچۈن بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . ئالدى بىلەن ئۈچ قېتىم تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولغان تېتما كۆلىگە سۇ باشلىدۇق . 30 يىلدىن بۇيان سۇ كۆرمىگەن تېتما كۆلىدە سۇ پەيدا بولدى ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى چۆللىشىپ كەتكەن جايلاردا ئوت - چۆپلەر ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى . »

بىز مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تارىم دەرياسى بويىدىكى رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىسىگە ئېلىپ كەلگەن ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق . قۇملۇققا يېقىن

جايلاردا قايتىدىن بىخلىغان توغراقلار ، پات - پات ئالدىمىزدىن شوڭغوپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قۇشلار كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇردى ، قۇملۇقنىڭ چېتىدە يەرنى پۈت بىلەن سەل مالتىلاپلا نەم يەرنى كۆردۇق . شۇ يەردىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، ھازىر يەرنى ئىككى - ئۈچ مېتىر كولىسىلا سۇ چىقىدىكەن ، بۇ خىل ئەھۋالنى بىرنەچچە يىل ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئى-كەن .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىدە دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ كۆچمە قۇملۇق ھېسابلىنىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقى بار بولۇپ ، بۇ قۇملۇق بۇ رايوننىڭ تەبىئىي شارائىتىنى ئىنتايىن ناچارلاشتۇ-رۇۋەتكەن . لېكىن ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن شىنجاڭ خەلقى پارچە - پارچە بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىپ ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن قېلىشمايدىغان تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان . خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يىپەك يولى تەكلىماكان چۆللۈ-كىدىن كېسىپ ئۆتكەن ، بۇ يەردە كىرورەن ۋەكىللىكىدىكى بىر مۇنچە شەھەر دۆلەتلىرى بارلىققا كەلگەن ، ئەينى ۋاقىتتىكى قەدى-مىي يولدا جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي ، ئىقتىساد - سودا پائالىيەتلىرى ئىنتايىن جانلانغان . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تارىم دەرياسىنىڭ بولغانلىقىدىن ، ئۇنىڭ ئەلۋەك سۈيىنىڭ خاسىيىتىدىن بولغان .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى تارىم دەرياسى ۋادىسىدا يېڭى مۆجىزىلەرنى ياراتتى . مەملىكىتى-مىزدىكى بۇ ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى مىسلىسىز ھاياتىي كۈچكە تولدى . شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدىكى كەڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن ، نەننىۋەننىڭ شەرەپلىك ئەن-

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر بىلەن ئاشنا بولۇش ئارىسى www.uyghurkitap.com

ئەنسىنى جارى قىلدۇرۇپ ، تارىمغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ ، تۇپ-لۇك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ، تېرىلغۇ يەر ئېچىپ ، چوڭ تىپتىكى دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇردى . ئەينى ۋاقىتتا يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىدىمۇ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۇەنىگە ئوخشاش زور يۈكسىلىشلەر بولدى .

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان ، كەينى - كەينىدىن مەملىكەتلىك مۇھىم تاۋار پاختا بازىسى ، نېفىت - خىمىيە سانائىتى بازىسى ، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇل-دى . بىر تۈركۈم زامانىۋى شەھەرلەر تارىم دەرياسى ۋادىسىدا قەد كۆتۈردى . بۇ يەردىكى نۇرغۇن دېھقانلار نامراتلىقتىن قۇتۇ-لۇپ ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى .

ھالبۇكى ، مۇشۇ مەزگىلدە يەنە سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلىلەرمۇ كېلىپ چىقتى . تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئىقتىسا-دىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئېكولوگىيىنى قوغداش مەسىلىسى كۆنسايىن كەسكىنلەشتى . ئېچىش جەريانىدا ، بوستان-لىقنىڭ ئەتراپىدىكى ئاجىز يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى ، تاقىر يەرلەرنىڭ كۆلىمى كۆپىيىپ كەتتى . قۇم تې-رىلغۇ يەرلەرگە قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كەلدى . بوستانلىق ئىگى-لىكى ئەندىزىسى سۇنىڭ تەرەققىياتتىكى ئىنتايىن مۇھىم رولىنى بەلگىلىدى . نوپۇس ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى-گە ئەگىشىپ ، سۇ بايلىقى بارغانسېرى كەمچىل بولۇپ ، ئېكولو-گىيىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئىشلەپچىقىرىش ، تۇرمۇشقا ئىشلى-تىلىش ئۈچۈن تارتىپ كېتىلدى . ئىلگىرى تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە كەڭ كەتكەن توغراقلىق جايلاشقان بولۇپ ، تەبى-ئىي يېشىل توساق شەكىللەندۈرۈپ ، «يېشىل كارىدور» دەپ ئاتالغانىدى . لېكىن سۇ كەمچىل بولۇش تۈپەيلىدىن چۆللۈكتىكى «ئۆلمەس دەرەخ» — توغراقنىڭ كۆلىمىمۇ تېز ئازىيىپ كەتتى .

مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى توغ-
راقلىق 50 - يىللاردىكى 810 مىڭ مودىن ئازىيىپ 1995 -
يىلى 110 مىڭ موغا چۈشۈپ قالغان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ،
تەكلىماكان چۆللۈكى بىلەن قۇمتاغ چۆللىكىمۇ تۇتىشىشقا يۈزلە-
نىپ ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىش-
لەپچىقىرىشىمۇ بىۋاستە تەسىرگە ئۇچرىغان .

تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ يا-
مانلىشىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ يۈك-
سەك ئېتىبارىنى قوزغىدى ، گوۋۇيۈەن تارىم دەرياسىنى تۈزەشنى
نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ ، زور مىقداردا مەخ-
سۇس مەبلەغ ئاجراتتى . مەركىزىي كومىتېتنىڭ قوللىشى شىن-
جاڭ خەلقىنىڭ ئىشەنچىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى .

ھازىر تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا سۇ يەتكۈزۈش ،
سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ياساش ، ۋادا رايونىدىكى بەش ۋىلايەت
- ئوبلاستتا سۇنى نورمىلىق ئىشلىتىش ، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئور-
مان ، ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈشكە قايتۇرۇش قاتارلىق ئالدىنقى
باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشلار چىڭ تۇتۇپ ئىشلەنمەكتە . تارىم دەريا-
سىنى تۈزەش قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن ، جەنۇبىي شىنجاڭدى-
كى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىدا ،
كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇ-
شىدا زور رول ئوينايدۇ .

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى ، تارىم دەرياسى مۇشۇنداق ئوڭ-
شاش سۈرئىتى بىلەن پات ئارىدا چوقۇم ئەسلى قىياپىتىگە قايى-
تىپ ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ راۋان ئېقىم ھاسىل قىلىپ ، يېڭى
ئەسىردە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ نامايان قىلىپ ، شىن-
جاڭ خەلقىنىڭ ئانا دەرياسى بولۇش بۇرچىنى ھەقىقىي يوسۇندا
ئادا قىلالايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ ياشاۋاتقان شىنجاڭ خەلقى

## پەرھات يۈسۈپ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شى-
مال چېگرىسىغا جايلاشقان ، سىرتتىكىلەرنىڭ نەزەرىدىكى سىر-
لىق ماكان . ئىلگىرى تەشۋىقات ، ئالاقە قاتارلىق جەھەتلەردىكى
خىزمەتلەرنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن ، ئىچكىرىدىكى بەزى كىشى-
لەر شىنجاڭدا قوغۇن - تاۋۇز ، ناخشا - ئۇسسۇلدىن باشقا نەرسە
يوقتەك ، كىشىلەر يەنىلا ناھايىتى قالاق ھالەتتە ياشايدىغاندەك
ھېس قىلىپ كەلگەنىدى . ئىچكىرىدە ئوقۇش ، خىزمەت قىلىش
جەريانىدا بىزدىن : «شىنجاڭ پۈتۈنلەي قۇملۇق ئىكەن ، شىنجاڭ-
لىقلار قانداق ئۆيدە ياشايدۇ ؟» ، «شىنجاڭلىقلارمۇ بىزگە ئوخ-
شاش داڭلىق ماركىلىق مودا كىيىملەرنى كىيەلەمدۇ ؟» ، «شىن-
جاڭدا كىشىلەر نېمە يەيدۇ ؟» دېگەندەك ئەخمىقانە سوئاللارنى
سورىغانلارمۇ بولغانىدى . بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار ئەگەر شىنجاڭغا
بېرىپ قالسا ، ئۆزلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى نادانلارچە سورىغان
سوئاللىرىدىن خىجىللىق ھېس قىلىشى مۇمكىن . چۈنكى ، ئۇلار
شىنجاڭدا ئاسمان - پەلەك قەد كۆتۈرگەن بىنالارنى ، ئاۋات
كوچىلارنى ، شۇ كوچىلاردا ئەڭ يېڭى مودا كىيىملەرنى كىيىپ
كېتىۋاتقان كېلىشكەن قىز - يىگىتلەرنى كۆرىدۇ . شىنجاڭ
خەلقى مانا مۇشۇنداق يېڭى دەۋردە ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى

ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا دەۋرگە لايىق تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، يېڭى تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىزھار قىلماقتا.

شىنجاڭنىڭ دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مول بايلىقى، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل زېمىنى بار، شىنجاڭ خەلقى ئىشچان، ئەقىللىق خەلق. تارىختىن بېرى مۇشۇ مۇنبەت زېمىندا ياشاپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ھەقىقىي تۇردە ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭى - يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئۆزىنىڭ ئەجرى بەدىلىگە ئىلگىرىكى قالاق تۇرمۇشلاردىن ئۈزلۈكسىز ھالقىپ، مول مەزمۇنلۇق يېڭى تۇرمۇشقا قاراپ ئۈزلۈكسىز يۈرۈش قىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئۈرۈمچى شەھىرىگە بارسىڭىز ئىچكىرىدىكى چوڭ شەھەرلەر بىلەن پەرقلەنمەيدىغان مەنزىرە كۆزىڭىزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ، سودا سارايلىرىنىڭ پوكەيلىرى ھەرقايسى جايلاردىن كىرگۈزۈلگەن تۈرلۈك ماللار بىلەن تولغان بولۇپ، پوكەي ئالدىدىن مال سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، دېھقانچىلىق ماھسۇلاتلىرى سودا بازارلىرىدا ئۇن، گۆش، ماي، تۇخۇم، كۆكتات قاتارلىق تاۋارلار بېسىلىپ تۇرىدۇ. دېڭىزدىن ئەڭ يىراق بۇ شەھەردىمۇ دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى ھەر ۋاقىت تاپقىلى بولىدۇ، قەدەمدە بىر مېھمانخانا، رېستوران، تانسىخانىلار ئۇچراپ تۇرىدۇ، بىر كۈنلۈك ئىشتىن ھېرىپ قايتقان كىشىلەر كەچلىرى مانا مۇشۇ سورۇنلاردا مېزىلىك تائاملار بىلەن غىزالىنىپ، ھەر مىللەت ناخشا - ئۇسسۇللىرىدىن ھوزۇر ئېلىپ، ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ. ھازىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە 20

قەۋەتتىن ئاشىدىغان ئىمارەت يۈزدىن كۆپرەككە يەتكەن . تۈرال
ئۆي رايونلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىپ ، كۆپىنچە ماللار
پۈتمەي تۇرۇپلا سېتىلىپ تۈگەيدىغان بولغان . ھازىر تۇرمۇش
باياشات ياشاۋاتقان شەھەر ئاھالىلىرى يەنە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرى
دىن پايدىلىنىپ ئىچكىرىگە بېرىپ ياكى چەت ئەلگە چىقىپ
ساياھەت قىلىشقا ئادەتلەنمەكتە .

چەت – ياقىغا جايلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىمۇ ھە
مىللەت ئاممىسى ئۆزىنىڭ ئىشچان قولى بىلەن ئوخشاشلا كىشى
نى مەپتۇن قىلىدىغان يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشتى . خوتەن ۋىلايىتى
قاراقاش ناھىيىسى كۆيا يېزىسى داخان كەنتىدىكى دېھقان باران
قۇربان دەسلەپتە ئۇرۇمچىدە قاسساپلىق قىلىپ ، پۇل تاپقاندىن
كېيىن يۇرتىغا قايتىپ بورداقچىلىق قىلىپ ، نەچچە يۈز تۇياق
كالىغا ، نەچچە مىڭ تۇياق قويغا ئىگە ، يىراق – يېقىندا نامى
بار بايلاردىن بولۇپ قالدى ، لېكىن 20 نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ
ئۇششاق – چۈشەك ئىشلار بىلەن ئاران جان باقىدىغانلاردىن
ئىدى . ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : «مەن 80 – يىلغىچە دېھقان
چىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ، ئائىلىمىز كەمبەغەل ئىدى ، شۇ
سەۋەبتىنمۇ ساۋاتسىز قالغان ، كېيىن پارتىيە سىياسەتنى كەڭ
قويۇۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇرۇمچىگە چىقىپ قاسساپلىق قىلدىم .
كېيىن مۇشۇ مەھەللىدىكى قۇلۇم – قوشنا ، ئۇرۇق – تۇغقانلار –
نىڭ بالىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ مۇشۇ ئىشقا كىرىشتۇرۇپ قوي –
دۇم ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى ، ئۇلارنىڭ ئالدىنىڭ
ھازىر بىر مىليوندىن پۇلى بار . مەن بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن مالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن ، ھۆكۈمەتمۇ ناھايىتى
قوللاپ بېرىۋاتىدۇ ، ھازىر مېنىڭ ئۇرۇمچى ، خوتەندە زېمىنىم
بار .»

دۆلەت نۇقتىلىق يار – يۆلەك بولىدىغان نامرات ناھىيە —

قاراقاشتا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بارات قۇربانغا ئوخشاش ھەم دېھقانچىلىق ، ھەم سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ، مال - مۈلكى مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن باياشات ئائىلىلەر بارلىققا كەلدى ، ئۇلار بېيىپ باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشكەندە ، ئەتراپىدىكى نامرات يۇرتداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى ، تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ئۇلارغا ياردەم بېرىپ ، يۇرتداشلىرىنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى قوشماقتا .

قەشقەر شەھىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان رايونلارنىڭ بىرى . مىللىي ئۇسلۇبتىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى كۆزنىڭىزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ ، مىللىي ئۆرپ - ئادەت خېلىلا قويۇق . لېكىن ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا ، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىمۇ بۇ قەدىمىي شەھەرگە ئاستا - ئاستا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى . قەشقەرنىڭ كەچرى - ئازادە ئاسفالت يوللىرىدا مودا كىيىملەرنى كىيگەن ئۇيغۇر قىزلىرى موتسىكلىت مىنىپ يېنىڭىزدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ ، يول بويىدىكى بىليارد ئۈستەللىرى ھامان توپ - توپ ياشلارنى جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ ، ھەرخىل يېڭى تىپتىكى ، ئەمدىلا بازارغا سېلىنغان يانفونلار بىلەن كوچىدا سۆزلىشىپ كېتىۋاتقانلار كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ . كەچ كىرگەندە رەڭدار چىراقلىرى چاقناپ تۇرغان رېستوران ، تانسىخانىلاردا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا زامانىۋى ناخشىلارنى ئېيتىۋاتقان ناخشىچىنىڭ كۆيگە جۆر بولۇپ جۈپ - جۈپى بىلەن تانسىغا چۈشكەن كىشىلەر ، تورخانىلاردا كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، يىراق - يىراق جايلاردىكى دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان باللار سىزگە يېڭىچە تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ . قەشقەر شەھىرى مانا مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، كەڭ قورساقلىق بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىپ ، ئەنئەنىد-

www.uyghurkitap.com

ۋى مەدەنىيەت بىلەن ئىسلاھات تۈرتكىسىدە مەيدانغا كەلگەن زامانىۋى مەدەنىيەت گىرەلىشىپ كەتكەن يېڭى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلماقتا .

ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئەڭ يېڭى تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىستېمال بۇيۇملىرىمۇ مىللىي ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن - كاسىپلىرىنىڭ ئائىلىلىرىدە پەيدا بولۇپ ، تۇرمۇشقا يېڭى مەنا ئاتا قىلماقتا . ئۇلار زامانىۋى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىغا ئېلىپ كەلگەن قولايلىقلىرىدىن بەكمۇ سۆيۈنمەكتە .

دۆڭقوتان يېزىسى — بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىغا يىراق يېزىلارنىڭ بىرى ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، بۇ يېزا لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ساياھەتچىلىكنى يولغا قويۇپ ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى ، يېزىنىڭ تۈرلۈك ئەسلىھەلىرىمۇ تولۇقلىنىپ باردى ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىمۇ خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى . دۆڭقوتان يېزىسىنىڭ ئۆزىدە بىر ئۆمۈر ياشىغان ، تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان 106 ياشلىق روزى سادىق بوۋاي ھازىرقى تۇرمۇشىدىن تولىمۇ رازى . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «سىلەر ئۆزۈڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر ، يېزىمىز ھازىر ناھايىتى ئاۋاتلىشىپ كەتتى ، مەن دائىم مۇشۇ يەردىكى بۇرادەرلەرگە : ھازىرقى تۇرمۇشنى قەدىرلەيلى دەپ تۇرىمەن ، چۈنكى ، بىز ئاشۇ كونا زاماندىن ئۆتكەنلەر ، بۇرۇنقى ئەھۋالنى ياخشى بىلىمىز . مەسىلەن ، ئاشۇ ۋاقىتلاردا بىز ئادەتتىكى مېۋە بولغان ئالمىنى قارا شەھەردىن ئېلىپ كېلەتتۇق ، ھازىر ھەرخىل مېۋىلەر كوچىلاردا تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ . ئۆزۈڭلارمۇ كۆردۈڭلار ، يېزىمىزدا دوختۇرخانا بار ، زۇكام بولۇپ قالساقمۇ دوختۇرلار ئۆيە-

مىزگە كېلىپ داۋالاپ ساقايتىپ قويۇپ كېتىدۇ. بۇ نېمىدېگەن مەمۇرچىلىق؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن پارتىيىگە رەھمەت ئېيتىدمەن.

بىر ئەسىردىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۆمرىنىڭ زور كۆپ قىسىم ۋاقىتلىرىدا تۇرمۇشنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرمىگەن روزى سادىق بوۋاي مۇشۇنداق دېيىشكە تامامەن ھەقلىق، چۈنكى ئۇ ھازىر ھەقىقىي بەختىيار تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى چوڭ چارۋىچىلىق رايونى، ئۇزۇن مەزگىللەردىن بۇيان «سۇ - ئوت قوغلىشىپ يۈرۈپ ياشاش» چارۋىچىلارنى ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدىن يىراقتا قالدۇرغانىدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 نەچچە يىل جەريانىدا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يېتەكلىشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى، چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش، يېرىم مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا غايەت زور يېڭىلىقلار بارلىققا كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە، تەڭرىتېغىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان چارۋىچىلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىش نۇقتىلىرىدىمۇ ئىسسىق ئۆيلەردە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان چارۋىچىلارنى، پۇختا قوتانلاردا يايراۋاتقان چارۋىچىلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەڭ بۇرۇن ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلىغان جايلارنىڭ بىرى، بۇ ئوبلاستنىڭ ئارشاڭ ناھىيىسىدىكى ھۆكۈمەت يېڭىدىن سېلىپ بەرگەن ئولتۇراقلىشىش نۇقتىسىغا ئەمدىلا كۆچۈپ كىرگەن موڭغۇل چارۋىچى تۇرسىن شۇنىڭدىن باشلاپ يېڭى تۇرمۇش يولىغا ماڭىدىغانلىقىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىن ھېچ شۈبھىلەنمەيتتى . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «بۇرۇن تاغدىكى ۋاقىتلاردا بىزنىڭ ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىز ئاجىز ئىدى ، ئاپەت بولغاندا چارۋىلار تۇركۇم - تۇركۇملەپ ئۆلۈپ كېتەتتى ، بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ ، چۈنكى ، بۇ يەردە ئىسسىق قوتانلارنى سىلىنىۋالدۇق . ئىقتىسادىي كىرىم جەھەتتىمۇ بىزگە ياخشى بولدى ، بۇرۇن بىر تۇياق چارۋىنى 200 يۈەنگە ساتاتتۇق ، ھازىر 250يۈەنگە ساتقىلى بولىدۇ ،پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى .»

شىنجاڭنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىكى بۇ تەرەققىياتلار ئاسان قولغا كەلگەن ئەمەس . ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەننىڭ توغرا سىياسەت - تەدبىرلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى . شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىش بولۇپ ، ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچ بارغانسېرى ئاشتى ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى داۋاملىق ئۆسۈپ 7433 يۈەنگە يېتىپ ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1980 - يىلدىكىدىن ئۈچ قاتلاش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى . خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدە كىيىنىش - تويۇنۇشتىن ھاللىق سەۋىيىگە ئۆتۈشتەك تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش ئومۇمىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى . يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن % 8.8 ، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى يىلىغا % 7.3 ، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى يىلىغا % 1.8 ئاشتى .

جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ ، جەمئىيەت تەرەق-
قىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ مۇناسىپ
هالدا ئۆسۈپ بارىدۇ . شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقى بەختىيار
تۇرمۇشقا قاراپ يۈرۈش قىلىش يولىدا تېخى تۇنجى قەدەمنى
باستى . بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇساپە تېخى ئۇزۇن . ئىشىنىمىز-
كى ، هاللىق تۇرمۇشنىڭ هالاۋىتىنى كۆرۈشكە باشلىغان شىن-
جاڭدىكى هەر مىللەت خەلقى چوقۇم تېخىمۇ زور غەيرەت -
شىجائەت بىلەن كەلگۈسى نىشانغا قاراپ زەپەر مارشى ياڭرىتىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# گۈللىنىۋاتقان ئالاتاۋ ئېغىزى

## — ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا

پەرھات يۈسۈپ

ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزى — ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسىم رايونىدىكى بىردىنبىر تۆمۈر يول بىلەن تاشيولدا تەڭ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك چېگرا ئېغىزى. ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزى دۆلەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1990 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلغان. شۇنىڭدىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا قىسقىغىنە 10 نەچچە يىل ئىچىدە ئىلگىرىكى قاقاس ئالاتاۋ ئېغىزىدا زامانىۋى شەھەر پەيدا بولدى ھەمدە بۇ ئېغىز ئۆزىنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى بارغانسېرى كىشىلەرگە نامايان قىلماقتا.

1990 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ئالاتاۋ ئېغىزىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە تۆمۈر يولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى كۆۋرۈكىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈتتۈرۈلگەنلىكى جاكارلاندى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئىلگىرى ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان قاقاس ئالاتاۋ ئېغىزىدا بىر زامانىۋى يېڭى شەھەر قەد كۆتۈرۈپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ تورلۇك ئالاقە ئىشلىرىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى، ئىلگىرى كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلىپلا توختاپ قالغان

ئمش رىئاللىققا ئايلاندى.
ئالاتاۋ ئېغىزى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىگە جايلاشقان. ئىلگىرى ئالاتاۋ دېگەن سۆز چۆل - جەزىرە، قۇم - بوران دېگەن سۆزلەر بىلەن باراۋەر ئىدى، بۇ يەردە 50 - يىللاردا قۇرۇلغان بىر ھاۋارايى پونكىتى ۋە بىر چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدىن باشقا، ئەتراپتىكى يۈز كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە ئادىمىزاتنىڭ ئىزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئالاتاۋ ئېغىزىنىڭ ئۆتكەن يىللاردىكى ھاۋارايى ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، ئالاتاۋ رايونىدا ھەر يىلى تەخمىنەن 133 كۈندىن 164 كۈنگىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سەككىز بالدىن يۇقىرى شامال چىقىدىكەن، بۇ يەرنىڭ ياز پەسلىدە چىدىغۇسىز قۇرۇق ئىسسىق، قىش پەسلىدە سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇق بولىدىكەن، تېمپېراتۇرا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 44.2 سىلتسىيە گرادۇسقا، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا نۆلدىن تۆۋەن 37 گرادۇسقا يېتىدىكەن. بۇرۇن بۇ يەردە ئادەم ياشىماق تۇگۇل ئادەتتە كېلىدىغانلارمۇ يوق دېيەرلىك ئىكەن.
ھەر مىللەت قۇرۇلۇشچىلىرى مانا مۇشۇنداق مۇشكۈل شارائىتتا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئالاتاۋ ئېغىزىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سالدى.
ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزى باشقۇرۇش كومىتېتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى جۇ جيەنفېڭ يېڭى سېلىنغان ئىشخانا بىناسىدىكى ھەشەمەتلىك ئىشخانىسىدا مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، بۇرۇنقى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «بۇرۇن بىزنىڭ بۇ يەردە ئىشخانىمىز، يېتىپ - قوپىدىغان جايىمىز گەمە ئىدى، بەزىدە قاتتىق شامال چىقىپ كەتسە، شامالنىڭ دەستىدىن خىزمەت قىلىش، دەم ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، كېيىن كېسەك ئۆيلەرگە كۆچتۇق، ھازىر مانا سىلەر كۆرۈپ ئولتۇرغان بۇ يېڭى

www.uyghurkitap.com

بىناغا كۆچتۇق ، ھازىر خىزمەت بولسۇن ياكى تۇرمۇش ئەسلىھە-
لىرى بولسۇن ھەممىسى تولۇق ، مېنىڭچە ، بىزنىڭ خىزمەتچىلە-
رىمىز بۇرۇن تارتقان جاپاسىغا مۇناسىپ مۇشۇنداق شارائىتتىن
بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق .»

مانا مۇشۇنداق جاپالىق شارائىتتا ، ئالاتاۋ ئېغىزىدىكى ئىگە-
لىك ياراتقۇچىلار قان - تەر تۆكۈپ ، ئادىمىزاتسىز چۆل -
جەزىرىدە زامانىۋى يېڭى شەھەر بەرپا قىلىپ ، ئالاتاۋ ئېغىزىنى
ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى
كۆۋرۈكىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئالدىنقى سەپ قارا-
ۋۇلخانىسىغا ئايلاندۇردى .

ھازىر ئالاتاۋ ئېغىزىغا قەدەم باسسىڭىز ، كەڭرى يوللار ،
قاتار - قاتار سېلىنغان بىنالار ، ئالدىراش ئىمپورت - ئېكسپورت
ئىشلىرىنى بېجىرىۋاتقانلار ، زامانىۋى تۇسكە تولغان شەھەر كۆزد-
ىڭىزگە چېلىقىدۇ .

ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزى پۈتتۈرۈلگەندىن كېيىن ، دۆلەتنىڭ
چېگرا ئېغىزىدا تۇرۇشلۇق ئالاقىدار تارماقلىرىغا ، چېگرا مۇداپى-
ئە قىسمىنىڭ خاتىرجەم خىزمەت قىلىشىغا ياخشى مۇھىت يارد-
ىتىپ بېرىپلا قالماستىن ، ئۇلارنىڭ دۆلەتكە قوشقان تۆھپىسى
بارغانسېرى كۆپ بولدى . 1991 - يىلى ئىش باشلىغاندىن تارتىپ
2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىغان
مال جەمئىي 22 مىليون 916 مىڭ توننىغا ، دۆلەتكە تاپشۇرغان
تاموژنا بېجى ۋە ۋاكالىتەن يىغقان باج 4 مىليارد 840 مىليون
يۈەنگە يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە 2001 - يىللىق مال ئۆتكۈزۈش
مىقدارى 5 مىليون 90 مىڭ توننىغا يەتتى . مال ئۆتكۈزۈش
مىقدارى جەھەتتە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى چېگرا ئېغىزلى-
رىنىڭ ئومۇمىي مال ئۆتكۈزۈش مىقدارىنىڭ % 90 تىدىن ئار-
تۇقراقىنى ئىگىلەپ ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئوخشاش چېگرا ئې-

غىزلىرى ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى ، ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 59% تىنى ئىگىلىدى .

ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇنىڭغا قاراشلىق مالىيە - ئىقتىساد ، سەھىيە ، سۇ ئىشلىرى ، ئورمانچىلىق ، رادىئو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق تارماقلارمۇ كەينى - كەينىدىن قۇرۇلۇپ ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى . هازىر ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇس 8000 دىن ئېشىپ كەتتى . سىرتقى جايلاردىن كېلىپ بۇ يەرگە مەبلەغ سېلىۋاتقان شىركەتلەرمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى . ئىلگىرى هاۋانىڭ دەستىدىن تۇرغىلى بولمايدىغان بۇ يەرنىڭ مۇهىتىدىمۇ تەرەققىياتقا بېقىپ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى ، بىز ئالاتاۋ ئېغىزىغا بېرىش يولىدا ئىلگىرى قۇرۇپ كېتىشكە ئازلا قالغان ئېبنۇر كۆلىدىمۇ قايتا سۇ دولقۇنلىرى مەۋج ئۇرۇپ ، سۇنىڭ تۆمۈر يول بويلىرىغىچە سىڭىپ چىققانلىقىنى كۆردۇق . «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە ، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەن-دەك ، ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزىدىكىلەر بۇ بىپايان قاقاس سايلىقنى ئۆزگەرتىش ، يېشىللىققا ئايلاندۇرۇش يولىدا قاتتىق بوران - چاپقۇنلارغىمۇ پىسەنت قىلماي ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق بۈگۈنكىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى .

ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جۇ جيەنفېڭ ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا توخ-تىلىپ مۇنداق دېدى : «مەن ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدىن ئىنتايىن ئۈمىدۋارمەن ، ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزىنىڭ ئاساسى دۆلەت 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان تۆمۈر يول . بۇ تۆمۈر يولنىڭ پىلاندىكى يۈك ئۆتكۈزۈش مىقدارى 3

مىليون 500 مىڭ توننا ئىدى ، كېيىن چېگرا سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى ، دۆلەت بۇنى كۆزدە تۇتۇپ ، بۇ يىل 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئالاتاۋ ۋوگزالىنى ئۆزگەرتىپ ، يۈك ئۆتكۈزۈش مىقدارىنى 8 مىليون توننىدىن 10 مىليون توننىغىچە يەتكۈزۈشنى قارار قىلدى ، بۇ قۇرۇلۇش پۈتتۈرۈلگەندىن كېيىن . ئالاتاۋ ئېغىزىنىڭ تەرەققىياتى يەنە بىر يېڭى پەللىگە يۈكسىلىدۇ .»

شۇنداق ، دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ، ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزىنىڭ تەرەققىياتى چوقۇم تېزلىشىدۇ . ئىشىنىمىزكى ، يېقىن كەلگۈسىدە ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزى 10 نەچچە يىللىق تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەكۈنلەپ ، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ۋە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دولقۇنىدا ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ ، ۋەتەنىمىزنىڭ گۈللەپ روناق تېپىشى ئۈچۈن تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ .



www.uyghurkitap.com

# بازار ئىگىلىكىگە ئاتلانغان دېھقانلار

گۈلباھار غوپۇر

تاۋار ئىگىلىكىدىن بازار ئىگىلىكىگە قاراپ بۇرۇلۇش ياسىلىۋاتقان پەيتتە، ئېشىندا ئەمگەك كۈچلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىرى دۇچ كېلىۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۆزۈندىن بۇيان دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىش، دېھقانچىلىققا تايىنىپ دېھقانلارنى بېيىتىش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن، بىر مەزگىل 3 ـ كەسىپنى يولغا قويۇشقا سەل قارالغاندى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار پەقەت تېرىلغۇ يەرگىلا قاراشلىق بولۇپ قېلىپ، باشقا قوشۇمچە كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا شارائىت يار بەرمەي، ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈكسىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىلاردا نوپۇس كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز، تەبىئىي ئاپەتلەر كۆپ، تېخنىكا كەمچىل بولۇشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دېھقانچىلىقتىن ئېلىنىدىغان مەھسۇلات ئۆزىنىڭ قورسىقىغا ئاران يېتىدىغان، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ قورساق تويغۇزۇشىغىمۇ يەتمەي، يەنە بىر يىلى ھوسۇل ئالغىچە قۇتقۇزۇش ئاشلىقى بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان ھالەت شەكىللەنگەنىدى. بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئەمەس، كىيىنىش ـ تويۇنۇش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە

www.uyghurkitap.com

قىلغىلى بولمايتتى . شۇڭا ، ئېشىندا ئەمگەك كۈچلىرى مەسىلە-
سى ئويلاشمىسا بولمايدىغان جىددىي مەسىلىگە ئايلاندى . ئىسلا-
ھات ئېلىپ بېرىلغان ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ، بولۇپمۇ
پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن دېھقانلارنىڭ كۆز قارىشىدا
تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سانائەتلىشىش قەدىمى
سانائەتتە تەرەققىي تاپقان ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئاستا . يېزا - بازار
كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى شىنجاڭنىڭ يەر مەيدانى ، نوپۇسى-
غا سېلىشتۇرغاندا تېز يۈكسەلدى دېگىلى بولمايتتى . بۇنداق
ئەھۋالدا يېزا - بازارلاردىكى ئېشىندا ئەمگەك كۈچلىرىگە ئىش
تېپىپ بېرىش قىيىن ئىدى . شۇ سەۋەبتىن ئۆز يېزىلىرىدا دېھقان-
چىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلاردىن باشقا ئېشىندا ئەم-
گەك كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى چوڭ - ئوتتۇرا شەھەرلەرگە ،
ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ، قانۇنلۇق
تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ
بېيىشى يېزىلاردىكى ئېشىندا ئەمگەك كۈچلىرىگە ئىش تېپىپ
بېرىشنىڭ بىر يولى بولۇپ قالغانىدى .

پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسىتىنىڭ تەڭشىلىشى-
گە ئەگىشىپ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بىر قىسىم
ۋىلايەت ، شەھەر ، ناھىيە رەھبەرلىرى يېزىلاردىكى ئېشىندا ئەم-
گەك كۈچلىرىگە ئىش تېپىپ بېرىشنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتى-
پىگە كىرگۈزدى . مەن ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ
مۇخبىرى گۈلمىرە سەمەت بىلەن بىرگە بۇ يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان ، قومۇل ۋىلايەتلىرىدە مۇخ-
بىرلىق قىلدىم . بۇ مەزگىلدە بىر قىسىم يېزا - بازارلارنىڭ
ئېشىندا ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاش-
تۇرۇپ ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەنلىكى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى

تارتتى .

قۇمۇل ۋىلايىتىدە قوغۇن ماكانى دەپ نام ئالغان بوغاز يېزىسىدا ئېتىزلىقتا قوغۇن پەرۋىش قىلىۋاتقان دېھقان توختاشىخان ۋە ئۇنىڭ يولدىشى ئەسەت سۇلايمان بىلەن پاراڭلىشىۋاتقىنىمىزدا ، بىر يانفوننىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . قارىساق ئەسەت سۇلايمانغا تېخى پىشمىغان قوغۇننى دىگۇرلىشىش ھەققىدە كەلگەن تېلېفون ئىكەن .

ئىلگىرى دېھقانلارمۇ يېنىغا چاقىرغۇ ، يانفونلارنى ئېسىپ ئېتىزلىقتا ئىشلەيدىغان بولۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان ئىدۇق . بۇ ھالەتنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندىن كېيىن دېھقانلىرىمىزدىن تولىمۇ سۆيۈندۇق . دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرسەك پاكىز ، ئازادە ئۆيلەردە زامانىۋى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق ئىكەن . بۇ يېزىدا دېھقانلارنىڭ بېيىشىغا سەۋەبچى بولغان ئاساسلىق ئامىل — يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قۇمۇل قوغۇنىنىڭ داڭلىق بولۇش ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى چوڭ - ئوتتۇرا شەھەرلەر بىلەن توختاملىشىپ ، يېزىدىكى پاراسەتلىك دېھقانلارنى بۇ جايلارغا ئۆز يېزىسىدىكى دېھقانلار تېرىغان قوغۇننى سېتىشقا ئەۋەتكەن . قوغۇن پىشىشى بىلەن تەڭ بىر تۇركۇم دېھقانلار قوغۇنلارنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ساتقان . قۇمۇل شەھىرى بوغاز يېزىسىنىڭ باشلىقى سەمەت ئېلى دېھقانلارنى سىرتقا چىقىرىش تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

«بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى باشقا يېزىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ . بىز ئەمگەك كۈچلىرىنى ئاساسي جەھەتتىن قوغۇن ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىمىز . يېزىمىزدا دېھقانلاردىن چىققان 42 سودىگىرىمىز بار . ھەر يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى ئاراتۇرك ناھىيىسىنىڭ قوغۇنلىرىنى مۇشۇ 42 كىشى ئىچكى ئۆلكىلەرگە سېتىپ

www.uyghurkitap.com

چىقىرىدۇ . شۇنداق بولغاندا ، بىر دېھقان بەش ئادەمنى ئېلىپ چىقسا ، 42 دېھقان 200 دەك ئادەمنى ئېلىپ چىقىپ ئىشلىتى دۇ . ئېشىندا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سىرتقا چىقىش مەسىلىسىد بىر كىشى يىلىغا بەش تۈمەندىن يەتتە تۈمەنگىچە كىرىم قىلىدۇ بىزنىڭ يېزىمىزنىڭ قوغۇنى بۇ يېزىدا سېتىلمايدۇ . ئاساسى جەھەتتىن شېنجېن ، جۇخەي ، شياڭگاڭ ، شاڭخەي ، چىڭخەي ياپونىيىلەرگە توشۇلىدۇ . شۇڭا بىزنىڭ بۇ قوغۇنلىرىمىزدا ئاسا سي جەھەتتىن كۆلەم ھاسىل قىلىنغان . قۇمۇل تەۋەسىدە بوغاز نىڭ قوغۇننى سېتىش بىزگە تەسرەك . بۇ قوغۇنلار 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرى پىشىدۇ . 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈندىن 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرىگىچە شۇ شەھەرلەرگە ئېلىپ كېتىلىدۇ . بەزىدە بىز ئۆزىمىزمۇ يېيەلمەي قالىمىز .

ئىگىلىشىمىزچە ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ بوغاز يېزىسىدا ئې- تىزلىقتىكى قوغۇنلارنىڭ %60 تىن كۆپرەكى پىشماي تۇرۇپلا سېتىلىپ بولغان . شۇنىڭغا ئوخشاش قۇمۇل شەھىرىنىڭ راھەت- باغ يېزىسى ۋە قارا دۆۋە يېزىسىمۇ قۇمۇل چىلىنىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ سېتىپ ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلە- غان . تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ بېيىغان دېھقانلار پىكاپلارنىمۇ سې- تىۋالغان .

تۇرپان ۋىلايىتىدە ئېلىپ بارغان زىيارىتىمىزدە شۇنى ھېس قىلدۇقكى ، نۇرغۇن يېزا ئاھالىلىرى دېھقانچىلىقتىن باشقا مۇلا- زىمەت ساھەسىگە يۆتكەلگەن . دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سايا- ھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كېلىۋاتقان تۇرپان شەھىرىنىڭ بىزلىق ساياھەت مەنزىرە رايونىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇزۇمچىلىك يېزىسىنىڭ دېھقانلىرى ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىپ ، ئۈزۈمچىلىك تى- جارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي ، ساياھەت بۇيۇملىرى تىجارى- تى ، ئائىلە ساياھىتى ، يېمەك ـ ئىچمەك تىجارىتى قاتارلىق كۆپ

خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۇرمۇشىنى كۈندىن - كۈنگە بېيىتقان. چاتقال يېزىسىدا كان ئاچقان ئابدۇرېھىم ھەسەن ئۆزى بېيىپلا قالماي، يەنە بۇ يېزىدىكى مىڭدىن ئارتۇق ئېشىندا ئەمگەك كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرغان.

بىر قىسىم دېھقانلار بۇنىڭغىلا قاراپ ئولتۇرماي، ئۆزلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەرخىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتمەكتە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدىن چىققان دېھقانلار ئۈرۈمچى، قاراماي، كۈيتۇن، سانجى، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردا قاسساپلىق، گىلەمچىلىك، گەزلىمىچىلىك ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ چىقىش يولىنى تاپتى، ئۇلار ئۆز ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپلا قالماي، يەنە ئۆز يېزىسىدىكى دېھقانلارنىمۇ يېتەكلەپ، نامرات دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ئەڭ چوڭ «بەيگە مەيدانى»دا ھەر كۈنى نۇرغۇن كالا، قوي، تۆگىلەر سويۇلۇپ سېتىلىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ بازاردىلا تۇرلۇك ئىش - ئوقەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قاراقاشلىق بىرنەچچە مىڭ كىشى بار. قاراقاش ناھىيىسى كۇيا يېزىسى داخان كەنتىدىن بارات قۇربان بۇ يولدا ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

ئۇ ئىلگىرى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كۇيا يېزىسىدىكى نامرات دېھقان ئىدى. كېيىن يۇرتىدىن چىقىپ تىجارەت قىلىپ پۇل تاپتى. پۇل تاپقاندىن كېيىن يەنە ئۆز يۇرتىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ تەلىپى بىلەن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ نامراتلارنى يۆلىدى. ئۇ پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغان دېھقانلارنىڭ بازارغا يۈزلىنىپ ئىگىلىك يارىتىشىنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى.

هازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان پىلانلىق ئىگىلىك بازار ئىگىلىكىگە قاراپ بۇرۇلۇش ياسىدى، بۇنىڭ بىلەن نوپۇسى كۆپ، تېرىلغۇ يېرى ئاز نۇرغۇن جايلار ئىچىدە ئەمگەك كۈچلىرى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش — دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ توگۈنى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. چۈنكى يېزىلاردىكى ئېشىندا ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا، بازارغا يۈزلەندۈرمىگەندە، دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ھازىر شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت تارماقلىرى يېزىلاردىكى ئېشىندا ئەمگەك كۈچلىرىنى ھەرخىل يوللار بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا. يېڭى زاماندا يېڭى كۆزقاراش تىكلىگەن دېھقانلار ئۆز يېزىسىدىكى يەردىن نان تېپىپ يېگىلى بولۇپلا قالماستىن، باشقا جايلاردىنمۇ نان چىقىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قانۇنلۇق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتمەكتە.

# تەقدىر تەدبىرگە باغلىق

گۈلباھار غوپۇر

نىياز سوپى قۇمۇل شەھىرى ئەتراپى يېزىسىدىكى نامرات دېھقان ئىدى. نىياز سوپىنىڭ تۆت بالىسى بولۇپ، تەرەكىبى يۇقىرى دەپ ئايرىلغانلىقتىن، بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقىمۇ قۇربى يەتمىگەنىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سىياسەت ئوڭشىلىپ، دېھقانلار يەرگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا تىرىكچىلىك قىلىدىغان بولدى.

ئەمەت بالىلارنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، دادىسىغا ياردەملىشىپ قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا ئىشلەيتتى. بىر كۈنى ئۇ مەلۇم قۇرۇلۇش ئورنىغا ياغاچ زاۋۇتىدىن ياغاچ توشۇۋېتىپ توك ھەرىسىنى كۆرۈپ قالدى، توك ھەرىسى ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ئۇ توك ھەرىسىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى كۆزەتتى. قۇمۇل شەھىرىدە پەقەت ئۈچلا ئورۇندا ياغاچچىلىق كارخانىسى بارلىقىنى بىلىپ، بىر توك ھەرىسى سېتىۋېلىپ، بۇ ئارقىلىق پۇل تېپىش ھەققىدە دادىسىغا مەسلىھەت سالدى. ئوغلىنىڭ ئەقلىدىن سۆيۈنگەن دادا ئىككى يىل كىراكەشلىك قىلىپ تاپقان 1400 يۈەن پۇلىنى چىقاردى. لېكىن بۇنچىلىك پۇلغا توك ھەرىسى سېتىۋالالمايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بانكا بىلەن ئالاقىلىشىپ بانكىدىن 10 مىڭ يۈەن قەرز ئالدى، قالغىنىنى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست

- بۇرادەرلىرىدىن ئارىيەت ئالدى ، شۇنداق قىلىپ 17 مىڭ يۈەن پۇل تەييارلاپ بىر توك ھەرىسى سېتىۋالدى .

توك ھەرىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى . ياغاچ تىلدۇرۇشقا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى چوڭ بولۇپ ، توك ھەرىسى ئۆزىنىڭ كارامىتىنى تازا كۆرسىتىۋاتاتتى . ئىش باشلاپ 40 كۈن بولغانىدى ، دادا - بالا ئىككىيلەن ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدەكلا ياغاچ تىلىۋاتاتتى . ئوغۇل ياغاچنى كۆتۈرۈپ ئىتتىرىپ ، قىسىلىپ قالغان ياغاچنى ئېلىۋەتمەكچى بولۇپ قولىنى ئۇزىتىشىغا نەچچە موللاق ئېتىپ يەرگە يىقىلدى . ئوقىدىن چىقىپ كەتكەن ھەرىمۇ بىر تەرەپتە پىرقىراپ ياتاتتى . ئوغۇل ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ياغاچنى ئالماقچى بولدى - يۇ ، قولىغا قاراپ قېتىپلا قالدى . قول بىغىشىدا يوق ئىدى . توك ھەرىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان دادا نەچچە سىكۇنت ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئەھۋاللارغا ئىشەنگۈسى كەلمەي قاراپ تۇراتتى . دادا قولنى كۆرۈپ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى - دە ، يۈگۈرۈپ بېرىپ يەردە ياتقان قولنى ئالدى ۋە : «ماشىنا ، ماشىنا» دەپ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىۋەتتى .

ئېگىسىدىن ئايرىلغان قول قۇمۇل ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىكى دوختۇرلارنىڭ ياردىمىدە مۇز چوكا ساقلايدىغان ساندۇققا سېلىنىپ ، شۇ كۈنىلا ئۈرۈمچىگە ماڭدۇرۇلدى . 28 - ماي ئەتىگەندە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى دوختۇرخانا قۇمۇلدىن كەلگەن تېلېفون بويىچە ئوپېراتسىيە تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ قويغان بولۇپ ، ئۇلار يېتىپ بارغان ھامان قولنى ئۇلاشقا كىرىشتى ۋە «قول مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇلاندى» دەپ ئاتا - بالىنى خۇش قىلدى . ئىككى ھەپتە ۋاقىت ئۆتتى . قول بارماقلىرىدا قان پەيدا بولۇشقا باشلىدى . لېكىن قول بىغىشىنىڭ ئاستى ياللۇغلىنىپ قالغانلىقتىن ، قولنى كېسىۋېتىش زۆرۈرلە-

كى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 19 كۈندىن كېيىن ھەرە كېسىۋەتكەن جايىنىڭ تۆت سانتىمېتىر ئۈستىدىن كېسىپ تاشلىنىپ، مەڭگۇلۈك مېيىپلىقى يەنە بىر قېتىم قەيت قىلىنىدى. ئەمدىلا 20 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بالا ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى. ئاران ئۈچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇيالىغان، نامراتلىق دەستىدىن 10 يېشىدىن باشلاپ خەقلەرنىڭ قوي - كالىلىرىنى باققان، 14 يېشىدىن باشلاپ ئەتراپتىنىڭ يەرلىرىگە ئوغۇت توشۇغان، ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا دادىسى بىلەن شەھەردىكى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا قۇم - شېغىل، خىش توشۇپ، قەھرىتان قىشلاردىمۇ، تومۇز ئىسسىقتىمۇ ۋايسىمىغان ئىدى. ئەمدى بىر قولىدىن ئايرىلىپ ۋايساپ ياتاتتى. ئۇ گۈزەل تۇرمۇش، پارلاق ئىستىقبال توغرىسىدا نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلارنى قىلغان ئەمەسمىدى؟!

تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن دادا ئوغلىنىڭ كۈندىن - كۈنگە سولغۇن بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، دوختۇرلاردىن پۈتمۇ - قولىمۇ يوق بىر مېيىپ كىشىنى ئەمەتنىڭ ياتىقىغا يۆتكەپ قويۇشنى ئۆتۈندى. دادا بۇ مېيىپ كىشىنى كۆرسىتىپ، ئوغلىنىڭ بۇ ئادەمدىن تەلەيلىك ئىكەنلىكىنى، ئوغۇل بالىنىڭ چىداملىق، غەيرەتلىك بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ نەسىھەت قىلدى.

ئوغلىنىڭ قىسمىتىگە چىدىمىغان دادا 5000 يۈەن پۇل جەملەپ ئۇنى سودىگەرلەرگە قوشۇپ نەنجىڭغا سۈنئىي قول سالدۇرۇش ئۈچۈن يولغا سالدى. ئەمەت نىياز بىرقانچە شەھەرنى ئايلىنىپ كۆزى ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرىكەتلەنمەس قولنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

«پىتنىڭ ئاچچىقىدا جاپاننى ئوتقا سالغىلى بولمايدۇ» دېگەندەك، توك ھەرىنى ئەمەت نىيازنىڭ قولىنى كېسىۋەتتىڭ دەپ تاشلىۋەتكىلى بولمىدى. تۇرمۇش ئۇنداق قىلىشقا يول قويمايد-

www.uyghurkitap.com

تى. ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن توك ھەرىسىنىڭ تېخنىكىسىنى پىششىق ئىگىلىدى، سودىدا ئادىل بولۇپ، خېرىدارلارغا سەممىي مۇئامىلە قىلدى، قۇمۇل شەھىرىدىكى خېرىدارلارنى ئۆزىگە قاراتتى. نەتىجىدە تىجارەت كىرىمى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ باردى. 1985 ـ يىلى ئەمەت نىياز توي قىلغان كۈنى مەملىكەتلىك «ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى.

شۇنداق قىلىپ ئارىدىن بەش ـ ئالتە يىل ۋاقىت ئۆتتى. 1991 ـ يىلى دادىسى بالا ـ چاقىلىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ كېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئۇ شۇ چاغنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى:

«شۇ ۋاقىتتا ھەممە قەرزلىرىمىزنى چىقىرىۋېتىپ قولۇمدا 13 تۈمەندىن ئارتۇق پۇل بار ئىدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز ھەج ـ تاۋاپ قىلغۇدەك پۇل ئېپقېلىپ، قالغىنىنى تۆت بالا، ئىككى نەۋرەمگە 9000 يۈەندىن بۆلۈپ بەردىم. بۇ بالا مېيىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا 10 مىڭ يۈەن پۇل ۋە قولۇڭ مۇشۇنىڭدا كېسىلدى، ئەمدى مۇشۇنىڭ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ ئىلگىرىلەپ باق دەپ توك ھەرىنى بەردىم.»

ئەمەت نىياز شۇ كۈندىن باشلاپ مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەشكە كىرىشتى. سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ جاپالىق ئىشلىدى. «جاپانىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەندەك، ئەمەت نىياز تارتقان جاپاسىنىڭ مېۋىسىنى كۆردى. ئۆز ئالدىغا ئىشلەپ تۇنجى يىلىلا 7000 يۈەن پايدا ئالدى. كېيىنكى يىلى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىت بازىسى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. ئەمەت نىياز بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، قۇمۇلدىكى ھاجەتمەنلەرگە مۇلازىمەت قىلغاندىن سىرت، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن ياغاچ يۆتكەپ ئەكىلىپ ساتتى. شۇنىڭ بىلەن سودىسى يۇرۇشۇپ تېزلا روناق تاپقان ئەمەت نىياز ئىككى يىل ئىچىدىلا 270 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنىڭ ئېگىسى بولۇپ

قالدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 220 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ 640 كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتا ئىككى قەۋەتلىك بىر يۇرۇش ئۆي سالدى . غۇلجا قاتارلىق جايلاردىن ياغاچ يۆتكەپ سېتىپ ، 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 860 مىڭ يۈەن پايدىنى قولغا كەلتۈردى . ئۇ دائىم تېخىمۇ چوڭراق ئىشلارنى قىلىشنى ئويلايتتى . ئۇ مۇنداق دېدى :

«بىر كۈنى كەنت ئىشخانىسىغا كىرسەم ، غەلىتە بىر نەرسە-لەرنى يېيىپ قويۇپتۇ . بۇ قۇرۇلۇشنى قانداق سالىسىلەر دېسەم ، خەرىتىنى ئۈچ قەۋەت سىزدۇردۇق ، ئىككى قەۋەت سالىمىز دې-دى . ئۇنداق بولسا مەبلەغنى مەن چىقىرىمەن ، دېدىم . ئۇلار سەن 53 تۈمەن چىقىرىسەن ، بىز 30 تۈمەن چىقىرىمىز دېدى ، ئۇنداق-تا قانداق قىلىسىلەر دېسەم ، مۇشۇ دۇكاننىڭ تەكتىنى بېرىمىز ، ئارقىدىكى مەيداننى بېرىمىز دېدى ،مەن شۇنىڭغا قوشۇلدۇم . »

ئەمەت نىياز چوڭقۇر ئويلاندى . مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ ھۆججەتلەرنى تېپىپ ، قۇرۇلۇش مۇتەخەسسىسلىرىدىن مەسلىھەت سورىدى . دادىسى بىلەن پىكىرلىشىپ ، كۆڭلىدە بىر ئېنىق سان تۇرغۇزغاندىن كېيىن يۇقىرى ئاق يەر كەنتى بىلەن توختاملى-شىپ ، جەمئىي 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالىدىغان ، 2570 كۋادرات مېتىرلىق كەنت ئاھالىلار كومىتېتى بىناسىنىڭ 1200 كۋادرات مېتىر قىسمىنى ئۆز ئىگىدارلىقىغا ئالىدىغان بولدى . 2000 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بۇ قۇرۇلۇش سۈپەتلىك پۈتتۈ-رۈلدى . ئەمەت نىياز ئۆزىگە تەۋە بۆلەكلەرنى دۇكان قىلىپ كىرىم قىلىش يولىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى .

قومۇل شەھىرى دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ، شە-ھەر قۇرۇلۇشىنىڭ دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ بارماقتا ئىدى . شۇڭا بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىل-گەن ئىدى . ئەمەت نىياز دادىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، كەنتتە

تۇرالغۇ ئۆي بىناسى سېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

بىناكارلىق ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭغا مەلۇم نەزەرىيىۋى بىلىم ۋە ئەمەلىي تەجرىبە كېرەك، مەبلەغ كۆپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوپەتتىن مەسىلە چىقسا، بىراقلا ۋەيران بولىدىغان گەپ. لېكىن شەھەر قۇرۇلۇشى كېڭىيىۋاتاتتى. قومۇل شەھىرى «خاتىرجەم ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويغاندىن كېيىن، تۇرالغۇ ئۆيگە بولغان ئېھتىياج بارغانسېرى ئېشىپ بارماقتا ئىدى. يېڭى يوللار ياسىلىپ، كونا يوللار كېڭەيتىلىۋاتاتتى. ھازىرقى كارخانىنىڭ ئورنىمۇ يول بويىغا كېلىپ قالغان بولۇپ، يولنى يەنە كېڭەيتىشكە توغرا كەلسە، كارخانا ئورنىمۇ يولغا كىرىپ كېتەتتى. پۇرسەتمۇ، خىرىسمۇ بار ئىدى.

قومۇل ۋىلايىتى ۋە شەھىرىنىڭ مەدەت بېرىشى، شەھەر ئەتراپى يېزىسى ۋە يۇقىرى ئاق يەر كەنتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئەمەت نىياز 3270 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئالتە قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىنى پۈتتۈردى. بۇ يۇقىرى ئاق يەر كەنتى تارىخىدىكى تۇنجى ئائىلىلىكلەر بىناسى بولۇپ قالدى. بىنا پۈتۈپ سوپەت تەكشۈرۈش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. ئۆيلەر پۈتۈنلەي سېتىلىپ، قومۇل شەھىرىدىكى ئاھالىلەرمۇ، يۇقىرى ئاق يەر كەنتىدىكى دېھقانلارمۇ بۇ ئازادە ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى.

2001 - يىلى 9 - ئايدا ئەمەت نىياز دادىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كەسپىي چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇپ، ياغاچ يۆتكەش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئۆي - مۈلۈك تىجارىتى بىرگەۋدە قىلىنغان سودا يولىغا ماڭدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۇرۇمچىدىن يېنىپ كېلىپ ئىچكىرىگە باردىم. ئىچكىرىنىمۇ كۆرۈپ باقتىم، چوڭ زاۋۇتلارغا قارىسام ئىدىيەمدىن ئۆتتى. ئەمدى،

مېيىپ بولسامۇ كاللىمىز ساق بولغاندىكىن بىر غەيرەت قىلىپ باقايلى دەپ تۇتـۇش قىلـىپ ، بىـر باشـقا ئېلـىپ چىقـىپ كەتتۇق .»

تەقدىر تەدبىرگە باغلىق . ئەمەت نىياز تەقدىرنى قىسمەت بىلەن بىر قولىدىن ئايرىلىپ مېيىپ بولۇپ قالدى . لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن تەقدىرگە تەن بېرىپ قاراپ ئولتۇرمىدى . پارتىيە ، هۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ، ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ئۆزى نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ، نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ ئىگىلىك يارىتىپ ، يۇقىرى ئاق يەر كەنتىدىكى مىليونېرغا ئايلاندى . ئەمەت نىياز ئۆزى بېيىغاندا نامراتلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى ، چۈنكى ، ئۇ نامراتلىقنىڭ قاتتىقلىقىنى بىلەتتى . مېيىپلارنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى ، چۈنكى ، ئۇ مېيىپلارنى چۈشىنەتتى . 1993 ـ يىلدىن باشلاپ هەر يىلى كەنتتىكى مېيىپلار ۋە نامراتلارغا نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلىپ تۇردى . شەهەرلىك مېيىپلار پاراۋانلىق زاۋۇتىغا 13 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ياغاچ ماتېرىياللىرى ياردەم بەردى . يۇقىرى ئاق يەر كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپىگە جەمئىي 20 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇم ۋە پۇل ئىئانە قىلدى . هازىرغىچە ئۇنىڭ مائارىپ ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىئانە قىلغان پۇلى ۋە ماددىي بۇيۇمىنىڭ قىممىتى 140 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى . مېيىپ بولۇشىغا قارىماي دۆلەتكە يەنە 45 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى . ئۆز شىركىتىگە جەمئىي 11 مېيىپنى ئورۇنلاشتۇردى . ئەمەت نىيازنىڭ تۈرتكىسىدە يۇقىرى ئاق يەر كەنتى قومۇل شەهىرىنىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرى پىششىقلاپ ئىشلەش ـ توپ تارقىتىش بازىرىغا ئايلاندى ، ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە بىر قىسىم دېهقانلار بازارغا يۈزلىنىپ ، ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرماقتا . هازىر ئۇنىڭ مۇقىم مەبلىغى

4 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن ، ئايلانما مەبلىغى 1 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى . ئەمەت نىياز سېلىنغان 2 ـ 3 ـ ئائىلىلىكلەر بىناسىمۇ پۈتۈش ئالدىدا تۇرماقتا .
هازىر بۇ ساخاۋەتلىك كارخانىچىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش يولى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە . ئەل ـ يۇرتقا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلغان قەتئىي ئىرادىلىك بۇ مېيىپ كارخانىچى ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ، غەيرەت ـ شىجائىتى بىلەن يەنە نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇسى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاتەش ماكاندا ئالەمچە ئۆزگىرىش

گۈلباھار غوپۇر

تۇرپان ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭنى، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى. تۇرپاننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تۇرپان شەھىرى، پىچان ناھىيىسى، توقسۇن ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 31 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 560 مىڭ نوپۇس پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلماقتا.

1949 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىمۇ ئازادلىققا ئېرىشتى. 1950 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە بۇ ئۈچ ناھىيە دىخۇاغا، يەنى ھازىرقى ئۈرۈمچىگە قاراشلىق ناھىيە قىلىندى. 1958 ـ يىلدىن 1969 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە قىلىپ بېكىتىلدى. 1970 ـ يىلدىن 1974 ـ يىلغىچە تۇرپان بىلەن توقسۇن ئۈرۈمچىگە، پىچان قۇمۇل ۋىلايىتىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1975 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايىتى قۇرۇلۇپ، تۇرپان، توقسۇن، پىچان ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. تۇرپانلىقلار 50 نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى بىرخىل بولۇش، خەلقنىڭ

تۇرمۇشى تۆۋەن بولۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ ، ئىشلەپچىقىرىش يىلدىن - يىلغا تەرەققىي قىلغان ، ئىقتىسادى يىلدىن - يىلغا گۈللەنگەن ، خەلق تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلانغان يېڭى تۇرپاننى بارلىققا كەلتۈردى .

مەن كىچىك ۋاقتىلىرىمدا چوڭلارنىڭ : «تۇرپانغا بېرىپ قۇمغا كۆمۈلۈپ كەلدىم . شۇڭا بۇ يىل قىشچە پۇتۇم ئاغرىمىدى» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغان . كېيىن چوڭ بولۇپ بىلسەم ، تۇرپاندا مانا شۇنداق ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن رىماتىزىم كېسەللى داۋالىنىدىكەن . خىزمەتكە چىقىپ تەشكىلنىڭ تەقسىماتى بويىچە يۇرتىمىزدىن 3500 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بېيجىڭدا خىزمەت قىلدىم . قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ، ئىسسىقلىقى ، شېرىن ئۈزۈمى بىلەن داڭلىق بۇ ئوت يۇرتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى قېرىنداش مىللەتلەر تەلپۈنىدىغان جەلپكار ماكان ئىكەنلىكىنى بىلدىم . دۇنيانى شىنجاڭغا ، شىنجاڭنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا چەت ئەللىكلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى بولغان بۇ زېمىننى بىر كۆرۈشكە تەشنا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم .

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئاپتوبۇس بىلەن تۇرپانغا سەككىز سائەتتە بارغان ئىدۇق . بۈگۈنكى كۈندە تېز سۈرئەتلىك تاشيول ياسىلىپ ، ئىككى سائەتكە قالمايلا بارغىلى بولىدىكەن . مەيلى تېز سۈرئەتلىك تاشيول بولسۇن ياكى تۆمۈر يول بولسۇن ، تۇرپانغا بېرىش ناھايىتى قولايلىق بولۇپ كېتىپتۇ .

ئاپرېل ئېيى ، ئۈرۈمچىدە ھاۋا سوغۇق بولغىنى بىلەن تۇرپاننىڭ ھاۋاسى خېلىلا ئىسسىپ قالغان بولۇپ ، تۇرپان شەھىرىنىڭ ساپ ھاۋاسى ، پاكىز ، ئازادە يوللىرى ، رەتلىك سېلىنغان ئاپئاق ئىمارەتلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى . چوڭ شەھەرلەردە كۆپكۆك ئاسماننى تولۇق كۆرۈش داۋاملىق نېسىپ

بولىدىغان ئىش ئەمەس، لېكىن تۇرپاننىڭ كۆپكۆك ئاسمىنىغا قاراپ كۆڭلۈم ئېچىلىپلا قالدى.

تۇرپانغا كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلىشىم كېرەك. تۇرپانغا بېرىپ 2 - كۈنى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئابلا قاسىمنى مەخسۇس زىيارەت قىلدىم. ئابلا قاسىم ۋىلايەت ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى تۇرپاننىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىدىن باشلىدى:

«تۇرپاننىڭ ھاۋا كىلىماتى ئالاھىدە، بايلىقى مول بولۇپ، ئۈچ چوڭ بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە. بىرىنچىسى، قۇياش نۇرى ئىسسىقلىق بايلىقى تولۇق بولۇپ، ئۈزۈم، قوغۇن، ئۈزۈن تالالىق پاختا قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ماس كېلىدۇ. تۇرپان شىنجاڭدىكى داڭلىق مېۋە - چېۋە ماكانلىرىنىڭ بىرى، ئىككىنچىسى، كان بايلىقى مول بولۇپ، ھازىرغىچە نېفىت، تەبىئىي گاز، ئالتۇن، تۆمۈر، كۆمۈر، گرانىت تاش قاتارلىق 50 نەچچە خىل كان بايلىقى زاپىسى ئېنىقلاندى، بايلىقلارنىڭ زاپىسى كۆپ، سۈپىتى يۇقىرى بولۇپ، بىر يەر ئاستى بايلىقى توپلاشقان تەبىئىي ئويمانلىق. ئۈچىنچىسى، ساياھەتچىلىك بايلىقى مول بولۇپ، ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرىگە، قويۇق مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە ئىگە بولغان قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم بىر شەھەر. 189 ئورۇندا مەدەنىي يادىكارلىق بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە ئورۇن مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدۇ، 23 ئورۇن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى ۋىلايىتىمىز مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىل يولغا قويۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەس-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تمن چىلەك تۇرۇپ ، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىپ ، يول ئېچىشنى ئىلگىرىلەپ ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ ، دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغان پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، تەرەققىيات بىرىنچى دېگەن ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى تېز راۋاجلاندۇرۇشنى قولغا كەلتۈردى .

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يەتتە مىليارد 154 مىليون يۈەن بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.1% ئاشتى . يەرلىك مالىيە كىرىمى 440 مىليون يۈەنگە يېتىپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13.72% ئاشتى . دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 2557 يۈەنگە يېتىپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 203 يۈەن ئاشتى . كۈتۈۋېلىنغان ئىچكى تاشقى - ساياھەتچى بىر مىليون 300 مىڭغا يېتىپ ، ساياھەتچىلىك كىرىمى 325 مىليون يۈەنگە يەتتى .»

تۇرپاندىكى ئايدىڭ كۆل دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن بولۇپ ، جۇڭگو بويىچە ئەڭ تۆۋەن ، دۇنيادىمۇ ئىئوردانىيىنىڭ ئۆلۈك دېڭىزىدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، تۇرپان يەنە جۇڭگو بويىچە ئەڭ ئىسسىق جاي . پۈتۈن يىلدا تېمپېراتۇرا 40 گرادۇستىن ئاشىدىغان ۋاقىت 40 كۈندىن ئاشىدۇ . تېمپېراتۇرا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 49.6 گرادۇسقا چىققان ۋاقىتلارمۇ بولغان . ياز كۈنلىرى يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى دائىم 50 گرادۇستىن ئېشىپ كېتىدۇ . كىشىلەر تۇرپاندا تۇخۇمنى قۇمغا كۆمۈپ قويسا ، خېمىرنى تامغا چاپلىسا پىشىدۇ ، دېيىشىدۇ . شۇڭا ، بۇ يەرنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق

ئوت يۇرتى دېيىشكە بولىدۇ .

لېكىن بۇ ئوت ئادەمنى چوغنىڭ ئوتىدەك كۆيدۈرگىنى بىلەن ، مۇھەببەت ئوتىدەك ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ . تۇرپان ئاشۇنداق ئىسسىقى بىلەن ئۆلۈمگە داۋا ، ئاغرىققا شىپا قىلىدۇ . ياز كۈنلىرى كۈن نۇرىدا قىزىغان قۇم بىلەن داۋالاش تۇرپاننىڭ ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ ، ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە . مەن تۇرپانغا بارغان ۋاقىت قىشنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقى ئاخىرلىشىپ ، باھار يېتىپ كەلگەن ۋاقىت بولغاچقا ، ئوتتەك قىزىغان قۇمغا كۆمۈلۈپ كېسەل داۋالاۋاتقان سېھىرلىك مەنزىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم . شۇنداقتىمۇ قۇم بىلەن كېسەل داۋالاشقا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ بىلىش مەقسىتىدە تۇرپان ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى نىياز ئاكىنى زىيارەت قىلدىم :

«قۇم بىلەن داۋالاش مەملىكەت بويىچە بىزنىڭ دوختۇرخانىنىڭ بىر ئالاھىدە داۋالاش تۈرى ، — دەپ باشلىدى نىياز ئاكا سۆزىنى ،— بۇ داۋالاش ئادەتتە 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ . قۇم بىلەن داۋالاش ساناتورىيىسىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 34 مو ، قۇم دۆۋىسىنىڭ كۆلىمى 346 مو بولۇپ ، ھەر يىلى مەملىتىكىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن كېسەللەر كېلىپ داۋالىنىدۇ . ئاساسلىق داۋالىنىدىغان كېسەللەر رىماتىزىم ، رىماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى ، ئاشقازان ياللۇغى ، ئاستا خاراكتېرلىك كاناي ياللۇغى ، يۇقىرى قان بېسىمى قاتارلىق كېسەللەردۇر . بىر قېتىملىق داۋالاش مۇددىتى 15 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ . بۇ كېسەللەر داۋالىنىش جەريانىدا ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئامىللارنىڭ تەسىرىدە كېسەل ساقىيىدۇ : بىرىنچى ، تۇرپاننىڭ قۇياش نۇرى چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن ، كۈننىڭ ئىسسىقلىق گرادۇسى يۇقىرى . ئىككىنچى ، كېسەللەر قۇمغا كۆمۈلگەندىن كېيىن قۇمنىڭ بېسى-

مى ئارقىلىق پۈتۈن بەدەندىكى ھەرقايسى پەللىلەرنى ئۇۋىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ ، بۇنىڭ كېسەللەرنى ساقايتىشتا چوڭ رولى بار . يەنە قۇمدا ماگېنىتلىق مېنېرال ئېلېمېنتلار كۆپ بولۇپ ، بۇمۇ كېسەللەرنى داۋالاشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ .

قۇمغا چۈشۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كېسەللەر دوختۇرخانىمىزغا كېلىپ سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈشى ، سالامەتلىكى لايىق بولغانلىرى دەسلەپتە ماسلىشىشى ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇمغا چۈشۈشى لازىم . قۇمغا ھەر كۈنى شىنجاڭ ۋاقتى سائەت بىردىن تۆتكىچە چۈشسە بولىدۇ . قۇمغا چۈشكەندىن كېيىن داۋاملىق ئۇسسۇلۇق ئىچىشى ، ئاقسىل قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى يەپ تۇرۇشى لازىم . قۇمغا چۈشۈش جەريانىدا ئەگەر بېشى قېيىش ، ئىچى ئېلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە دەرھال قۇمدىن چىقىپ ، سايە جايغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېلىشى ، قايناقسۇ ئىچىشى ، ئېغىرراق بولسا دوختۇرغا كۆرۈنۈشى لازىم..

ھەر يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىدىغان بىمارلار ئون مىڭغا يېتىدۇ . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شىمالىي شىنجاڭدىن ، يەنى كان رايونلىرىدا ، نېفىتتە ئىشلىگەن ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياشىغانلار بىر ئاز كۆپرەك . جەنۇبىي جۇڭگودىكى ھۆل جايدا ياشىغان كىشىلەرمۇ كېلىپ تۇرىدۇ .»

تورپان ئوت يۇرتى بولۇپلا قالماستىن يەنە ئۈزۈم يۇرتى . تورپاننىڭ شەھەر ئىچىدىكى يوللار ئۈزۈم بارىڭى بىلەن بېزەلگەن . يېزىلاردىكى ئېتىزلىقلار ئۈزۈم بىلەن كۆكەرتىلگەن . دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى ئۈزۈم بىلەن ئورالغان . شەھەرمۇ ئۈزۈم ، ئادەممۇ ئۈزۈم بىلەن ياشىنىغان . تورپان ئۈزۈمى مەرۋايىتتىن سۈزۈك ، ناۋاتتىن تاتلىق ، تۈرى كۆپ بولۇپ ، تۈرى 100 خىلدىن ئاشىدىكەن . ئۈزۈم تورپاننىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىدىغان



www.uyghurkitap.com

يەنە بىر جەلپكار نۇقتىسىغا ئايلانغان . يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇزۇم كارىدورى ، ئۇزۇم باغچىسى ، ئۇزۇم مۇزېيى قۇرۇپ ، كىشلەرنىڭ ساياھەت قىلىشىغا ئېچىۋەتكەن . تەبىئەت تۇرپانغا ئىسسىقنى بېرىپ بولۇپ ، ئادەملىرىنى ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتمىسۇن دەپ ئۈزۈمنىمۇ قوشۇپ بەرگەن ئىكەن .

تۇرپاننىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكىدىن باشقا يەنە ، تۇرپاننىڭ كىشلەرنى جەلپ قىلىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بار . ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ تارىخى ۋە مول مەدەنىي مىراسى . شۋېتسىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس ئالىم گۇننار ياررىڭ : «تۇرپان دۇنيادىكى ئەڭ باي ئۇستى ئوچۇق ئاسارە ئەتىقە مۇزېيىنىڭ بىرى» دېگەنىدى . «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى كېلىنكات : «بۇ ئالەمدە ھېچقانداق بوستانلىق مەدەنىيەت جەھەتتە تۇرپاندەك باي ئەمەس . ئادەمنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى تۇرپاننىڭ مەدەنىيىتى خەلقئارا خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى» دەپ يازغانىدى . ئايلار ئۆتۈپ ، يىللار ئۆتۈپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ، تۇرپانشۇناسلىق بىر خەلقئارا ئىلىمگە ئايلانماقتا . «تۇرپان» دېگەن بۇ سۆز مەلۇم بىرخىل خەلقئارا تۇس ئالماقتا . شۇڭا ، تۇرپان ساياھەتچىلىك جەھەتتە ئالاھىدە بىر ئۇستۇنلۇكنى شەكىللەندۇرمەكتە .

يېقىنقى يىللاردا تۇرپان ساياھەتچىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسەتتى . ئۇقۇشمىزچە ، ئۆتكەن يىلى 10 ـ ئايدا باشلانغان ساياھەت قۇرۇلۇشىغا 250 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان . تۇرپاننىڭ كارىزى ، ئائىلە ساياھەتچىلىكى تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىكىدىكى يەنە بىر جەلپكار نۇقتىسىغا ئايلانغان .

تۇرپان قەدىمي مەدەنىيىتى بىلەن دۇنيانى ئۆزىگە جەلپ قىلدى . ئۈزۈمى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە تونۇلدى . ئەمدى

www.uyghurkitap.com

تۇرپان يەر ئاستى بايلىقىنى ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى نۇقتىسىغا ئايلاندۇردى . ئېنىقلىنىشىچە ، تۇرپاندا 65 خىل كان مەھسۇلاتى بايقالغان . بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت بايلىقى 1 مىليارد 575 مىليون توننىغا ، تەبىئىي گاز ئومۇمىي مىقدارى 365 مىليارد كۇب مېترغا يېتىدىكەن . ھازىر تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 3 مىليون توننىغا يېتىپتۇ . ئۆتكەن يىلى 1 مىليون 550 مىڭ توننا نېفىت ، 1 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز تارتىلغان .

تۇرپان ۋىلايىتى 10 ـ بەش يىللىق پىلانىدا «ئۈزۈمنى تايانچ قىلىپ بىرىنچى كەسىپنىڭ سەرخىللىشىشىنى كۈچەيتىش ، نېفىت-تەبىئىي گازنى باشلامچى قىلىپ كان ئېچىش ۋە كان مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى تېزلىتىش ، دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قەدىمىنى تېزلىتىپ ، ئىككىنچى كەسىپنى زورايتىش»نى تەرەققىيات فاڭجېنى قىلىپ بېكىتتى . غەربىي دىيارنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بۇ ئاتەش ماكان پارتىيىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ ، تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ ، ئالەمچە ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگۈسى .

# قايتا گۈللىنىش يولىغا ماڭغان داۋانچىڭ

گۈزەلنۇر روزى، بەختىيار تۇردى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ 80 كىلومېتىر ئەتراپىدا ماڭساق، تەڭرىتېغى ئېتىكىدىكى يېشىللىققا پۈركەنگەن ئاجايىپ گۈزەل بىر جايغا يېتىپ بارىمىز. ئۇ بولسىمۇ «داۋانچىڭ» دېگەن ناخشا بىلەن جاھانغا تونۇلغان داۋانچىڭ بازىرىدۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، داۋانچىڭ خەلقى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئۆزىنىڭ «داۋانچىڭ» دېگەن داڭلىق نامىغا يارىشا يېڭى - يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىزدىنىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان تەرەققىيات يولىنى تېپىپ چىقتى.

«داۋانچىڭنىڭ يولى قاتتىق، تاۋۇزى بەك تاتلىق، داۋانچىڭدا بىر يارىم بار قەمبەرخان ئاتلىق...» ئۇيغۇرلارنىڭ بەزمىلىرىدە ئۆزۈندىن بۇيان ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان شوخ ھەم يېقىملىق بۇ ناخشا داۋانچىڭنى كىشىلەرگە ئۆزلۈكسىز تونۇتۇپ كەلدى. ناخشىدىكى تەسۋىرلەر تۈركۈم - تۈركۈم ساياھەتچىلەرنى يىراق جايلاردىن بۇ يەرگە كېلىشكە جەلپ قىلدى. ئۇلار پەقەت داۋانچىڭنىڭ قاتتىق يوللىرىدا مېڭىپ بېقىشقا، تاتلىق تاۋۇزلىرىنى تېتىپ بېقىشقا، قەمبەرخاندەك چىرايلىق قىزلىرىنى كۆرۈپ بېقىشقا كەلگەنلەر ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىز داۋانچىڭنىڭ ھازىرقى يېڭى مەنزىرىسىنى كۆرۈش ئۈنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن جامائەتچىلىككە تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە ئۈرۈمچىدىن داۋانچىڭغا قاراپ يول ئالدۇق . بىز يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول بىلەن 40 مىنۇت ئىچىدە داۋانچىڭ بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق . ئەپسۇس ، داۋانچىڭ بازىرىدا بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك ئاۋات مەنزىرە كۆرۈنمەيتتى . شۇ ھامان ھەممىمىز ھەيران بولۇپ ، بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇق .

داۋانچىڭ بازىرى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا قاتناش باشلىنىشتىن بۇرۇن ، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاشيول قاتنىشىدا چوقۇم بېسىپ ئۆتىدىغان مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن . بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا بېرىپ ـ كېلىدىغان ماشىنىلار چوقۇم بۇ ئۆتەڭدە توختىماي قالمايتتى . ئۆز ۋاقتىدا داۋانچىڭ سودا بازىرى ناھايىتى ئاۋات بولۇپ ، پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق ئىدى . بۇ يەردىكى تىجارەتچىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن كىشىلەر ئالىدىغان نەرسىسىنى قايسى تىجارەتچىدىن ئېلىشىنى بىلەلمەي قالاتتى . بۇ يەرگە كەلگەنلەر ئەلۋەتتە داۋانچىڭنىڭ داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان دادۇرنى ئالماي كەتمەيتتى . شۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۆز ۋاقتىدا بۇ بازارنىڭ بىر كۈنلۈك تىجارەت سوممىسى 50 ـ 60 مىڭ يۈەنگە يېتىدىكەن .

يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن ، نۇرغۇن ماشىنىلار داۋانچىڭ بازىرىغا كىرمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان بولغان . بۇنىڭ بىلەن داۋانچىڭغا كېلىپ ـ كېتىدىغانلار ئازلاپ ، بازارنىڭ ئاۋاتلىقى يوقاپ ، بۇ يەردىكى تىجارەتچىلەرنىڭ تىجارىتى تەدرىجىي كاساتلىشىشقا يۈزلەنگەن . بىز زىيارەت جەريانىدا داۋانچىڭ بازىرىنى ئايلانغاچ شۇ يەردە ئۇزاقتىن بېرى ئاشخانا ئېچە-

ۋاتقان زەينەپخان ھەدە بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالدۇق. ئۇ بىزگە: «مەن بۇ يەردە ئاشخانا ئېچىۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. بۇرۇن بۇ ئاشخانا شۇنداق ئاۋات ئىدى، بولۇپمۇ چۈشتە تاماق يېگىلى كەلگەن ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بەزىلەر ئۆرە تۇرۇپلا تاماق يەپ كېتەتتى. ھازىر بولسا سىلەر كۆرگەندەك، تۇزۇك سودا يوق» دېدى.

دېمىسىمۇ ئاشخانىدا بىزدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. بازاردىمۇ تۇزۇك ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئىچكىرىدىن داۋانچىڭنىڭ نامىنى ئاڭلاپ كەلگەنلەرمۇ داۋانچىڭنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپلا مەيۈسلەنگەن ھالدا بۇ يەردىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان.

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت داۋانچىڭنى ئۆزىنىڭ داڭلىق نامىغا لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، داۋانچىڭنى قۇتقۇزۇپ قېلىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەينى يىللاردا داۋانچىڭ نەنسەن كان رايونىغا قارايتتى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت داۋانچىڭنىڭ ئورنىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن نەنسەن كان رايونى بىلەن داۋانچىڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، نەنسەن كان رايونلۇق ھۆكۈمەتنى ئېۋىرغولدىن داۋانچىڭغا يۆتكەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا «داۋانچىڭ رايونى» دەپ نام بەردى. بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى داۋانچىڭ رايونى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ — شەھەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، ساياھەتچىلىكتە داڭلىق، ئىقتىسادتا كۈچلۈك بولۇش پىلانىغا ئاساسەن يولغا قويغان، داۋانچىڭنىڭ ئاۋات مەنزىرىسىنى قايتا نامايان قىلىشتىكى زور تەدبىرى ئىدى.

ھازىر داۋانچىڭ رايونىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 5000 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھەر رايونىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ. يېقىندا تىيانشان چارۋىچىلىق مەيدانى، ئۇلانباي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەھەللە كومىتېتى ، نەنسەن كان رايونىغا قاراشلىق ئىككى مەھەللە كومىتېتى يەنى شەرق شاملى مەھەللە كومىتېتى بىلەن ئېۋىرغول مەھەللە كومىتېتى «داۋانچىڭ رايونى»غا قوشۇۋېتىلدى . بۇنىڭ بىلەن بۇ يېڭى رايوننىڭ ئاھالىسى 44 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى . داۋانچىڭ رايونى ھازىر ساياھەتچىلىك ، سانائەت، دېھقانچىلىق تەڭ راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ئۆزىگە خاس ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى .

داۋانچىڭ رايونى — ئۈرۈمچى شەھىرى ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ، ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىككە ، تەبىئىي مۇھىت بايلىقىغا ئىگە رايون .

داۋانچىڭ رايونىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ ساياھەتچىلىك بايلىقى ئىنتايىن مول . ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جيەنلىڭ داۋانچىڭنىڭ ئۆزىدە بار بولغان تەبىئىي بايلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

«يىراق ـ يېقىنغا داڭقى كەتكەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى ‹داۋانچىڭ› ، داۋانچىڭ رايونى ئۇچۇن ھەقىقەتەن تۈگىمەس بايلىق . چۈنكى بۇ ناخشا داۋانچىڭنى ھەممىگە تونۇتۇپ ، داۋانچىڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم بىر تەشۋىقات قورالى بولۇپ قالدى .

داۋانچىڭ رايونىدا ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان شامال كۈچى بىلەن توك تارقىتىش ئىستانسىسى بار . دېمەك ، داۋانچىڭنىڭ شاملىمۇ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، بىر يىلنىڭ 161 كۈنىدە يەتتە بالدىن يۇقىرى شامال چىقىپ تۇرىدۇ . بۇ شامال كۈچى ئېنېرگىيىسى شەھەرنى ئۈزلۈكسىز ھالدا توك بىلەن تەمىنلەيدۇ .

بۇ رايوندا تاتلىق سۇ كۆلى بىلەن تۇزلۇق سۇ كۆلى تەڭ

مەۋجۇت . يەنخۇ كۆلى بولسا تۇزلۇق سۇ كۆلى ، سەيسۇۋپۇ كۆلى بولسا تاتلىق سۇ كۆلى . بۇ ئىككى كۆلدىن پايدىلىنىپ باقمىچىلىق ۋە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋانچىڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىنتايىن پايدىلىق .

بۇ رايوندا كەڭ كەتكەن ساسلىقلار بار . بۇنداق ساسلىق يالغۇز داۋانچىڭ ئەتراپىدىلا ئەمەس ، بەلكى شەرقىي جىلغا ۋە غەربىي جىرالاردىمۇ بار بولۇپ ، بۇنداق پايانسىز ئوتلاقلاردا قوي - كالىلار بېقىلىدۇ . بۇلار بۇ يەرنىڭ چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ئەۋزەللىك بولۇپلا قالماي ، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈپ ھاۋانى ساپلاشتۇرۇشتىكى تەبىئىي بايلىق ھېسابلىنىدۇ .

داۋانچىڭ رايونىدا يەنە خىلمۇخىل ياۋايى ھايۋانلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ . ھازىر دېلۇڭ شىركىتى 1300 كۋادرات كىلومېتىر يەرنى ئايرىپ ، خەلقئارا ئېكولوگىيە رايونى قۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ . بۇنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ، ئوتلاق ۋە چىملىقلارنى شۇنداقلا نەم يەرلەرنى ساقلاپ قېلىشتا رولى ئىنتايىن چوڭ .

تەڭرى تېغىنىڭ بوغدا چوققىسى مۇشۇ داۋانچىڭ رايونىغا جايلاشقان بولغاچقا ، دېلۇڭ شىركىتى بۇ رايوندا بىر ئېكسپېدىتسىيە ساياھەتچىلىكىنى يولغا قويماقچى بولۇۋاتىدۇ . بۇ يەردە يەنە تاڭ سۇلالىسىدىن قالغان شەھەر خارابىسىمۇ بار . ئۇنىڭدىن باشقا داۋانچىڭنىڭ بىر قىسىم يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە يېمەكلىكلىرىمۇ بار ، يەنى سەيۇۋپۇنىڭ چوڭ تاۋاقلىق توخۇ قورۇمىسى ، داۋانچىڭنىڭ «داۋانچىڭ قىزى ، ماركىلىق دادۇرى ، قېتىق قاتارلىق يەرلىك يېمەكلىكلىرىمۇ خېلى داڭلىق . بۇلارمۇ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ» .

بىز يۇقىرىقىدەك مول تەبىئىي بايلىقلارنىڭ داۋانچىڭ رايونىنىڭ بىر ئەۋزەللىكى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق ھەمدە بەزى قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ساياھەت نۇقتىلىرىغا بېرىپ ، ئۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق . بۇلارنىڭ ھەممىسى داۋانچىڭنىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى گۈزەل ئىستىقبالىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىپ بەردى .

مەركەز غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىدىكى ئالدىنقى سەپكە ئايلاندۇردى . يېقىندا ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش ، ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان داۋانچىڭ رايونى ئۆزىگە خاس ساياھەت بايلىقى ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق نامى بىلەن بۇ ئىستراتېگىيىدە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولدى .

داۋانچىڭ تەبىئىي مۇھىت ھەمدە جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتە ئالغاندىمۇ جەنۇب بىلەن شىمالنى ئايرىيدىغان چېگرا . ئۇنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئىسسىقلىقتا نامى بار تۇرپاندىن 8 ـ 15 سېلسىيە گرادۇس ، ئۈرۈمچىدىن 5 ـ 8 سېلسىيە گرادۇس تۆۋەن . يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ، شەھەرلىك پارتكوم ، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى داۋانچىڭدا ئالاھىدىلىكى بولغان ساياھەتچىلىكنى ئاساس قىلغان ھالدا داۋانچىڭ بازىرىنى شىمالغا قاراپ كېڭەيتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ، ئۆزىگە خاس ساياھەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە شەھەر بازىرى قۇرۇپ چىقىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى .

زىيارەت جەريانىدا ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونلۇق

پارتكومنىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جيەنلىڭ داۋانچىڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات پىلانى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «گەرچە داۋانچىڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۇنىڭ نامىغا تازا ماس كەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان رايون بولغاچقا، يوشۇرۇن كۈچى زور.

بىرىنچىدىن، بىز داۋانچىڭنى ئۈرۈمچىنىڭ ساياھەتچىلىكىدىكى مىللىي رايون ئالاھىدىلىكىگە، ئۈرۈمچى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ساياھەتچىلىك نۇقتىسىغا ئايلاندۇرماقچى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ يەرنىڭ 1 ـ، 2 ـ كەسىپمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە. بىز 1 ـ، 2 ـ كەسىپلەرنى ساياھەتچىلىكنى چۆرىدىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇشنى پىلانلاۋاتىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىز بۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى، سۇ، ئوتلاق، نەملىك بايلىقى، شاماللىق ـ سالقىن بولۇش ئەۋزەللىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، دەم ئالىدىغان ئارامگاھ ساياھەتچىلىكىنى راۋاجلاندۇرماقچى بولۇۋاتىمىز. كەلگۈسى تۆت ـ بەش يىل ئىچىدە داۋانچىڭ رايونىمىز كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا يېڭىچە قىياپەت بىلەن نامايان بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەشەنچىمىز كامىل ھەم شۇنداق قىلىشقا قەتئىي ئىرادىمىز بار.

ئىككىنچىدىن، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىمۇ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن. چۈنكى، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ يەردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئانچە ياخشىلىنىپ كېتەلمىگەن. شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ زور قارارىنىڭ بىر مەنىسى داۋانچىڭنى رايون قىلىپ قۇرۇش، ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاخىرقى ھېسابتا داۋانچىڭ رايونىدىكى خەلق-

ىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا تۇرتكە بولۇشتىن ئىبارەت
شۇڭا ، خەلق ئاممىسىمۇ بۇ يەرنىڭ رايون بولۇپ قۇرۇلغانلىقى-
دىن ناھايىتى خۇرسەن بولماقتا ۋە ئىشەنچكە تولماقتا .
يىغىپ ئېيتقاندا ، داۋانچىڭ سۇ ، ئوتلاق ساياھەت بايلىقى
مول ، كەلگۈسى ئىستىقبالى پارلاق ، ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرغان
رايون . بىز ئالدىن كۆرەرلىكتە ئىگە ئىختىساسلىق كارخانىچى-
لارنىڭ داۋانچىڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشىنى قىزغىن قارشى
ئالىمىز . رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارنى پۈتۈن
كۈچى بىلەن قوللايدۇ .»
بىز زىيارەت جەريانىدا داۋانچىڭ رايونى قۇرۇلغان نەچچە
ئايدىن بۇيان ، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئىنتايىن مۇقىم بولۇپ
كەلگەنلىكىنى ، شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى
رايوننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور سىياسەت - تەدبىرلەرنى تۈ-
زۈپ ، داۋانچىڭنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق «تاۋۇزى تاتلىق»
جاي قىلىپ قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق .
داۋانچىڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ھەر دەرى-
جىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قول تۇتى-
شىپ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ، داۋانچىڭ رايونىنى پات
ئارىدا ئىقتىساد ۋە ساياھەتچىلىكتە يۈكسەلگەن ، جاھانغا پۇر كەت-
كەن نامى بىلەن ماسلاشقان گۈزەل ماكان قىلىپ قۇرۇپ چىققۇ-
سى .

# ئىسلاھات داۋامىدا يۈكسىلىۋاتقان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى

دىلدار مۇھەممەت رېھىم

ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئەنئەنىۋى نەزەرىيىسى ۋە تەبىئىي دورى-
لىرى بىلەن كېسەل داۋالاش — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون-
لۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدى-
لىكى . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەل ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن تېبابەت
مەدەنىيىتى باشقا مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئوخشاش قۇتقۇزۇۋېلى-
نىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ قەدىمىي
رېتسىپلىرى رەتلىنىش ، قېزىلىش ئارقىلىق شىنجاڭدا شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنى
باشلامچى قىلغان مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە داۋالاش - سەھىيە
ئىشلىرى بارلىققا كەلدى ۋە زورىيىشقا باشلىدى .

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ زور كۆچ بىلەن قوللىشى ۋە غەم-
خورلۇق قىلىشى بىلەن قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم را-
يونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى 1989 - يىلىدىن
بۇيان ھۆكۈمەت مالىيەسىگە تايىنىپ كىچىكلىكتىن زورىيىپ ،
داۋالاش ، دورىگەرلىك ، تەتقىقات بىرلەشتۈرۈلگەن مىللىي ئالا-
ھىدىلىككە ئىگە مۇكەممەل دوختۇرخانىغا ئايلاندى . بۇ دوختۇرخا-
نا ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ پارلاق نۇرىدا كۆنسېرى تەرەققىي
قىلىپ ، يېڭى ئەسىردە ئۆزىنىڭ يېڭى باھارىنى كۈتۈۋالدى . بۇ

جەرياندا بۇ دوختۇرخانا ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ دورىگەرلىك نەزەرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى قېزىش، رەتلەش، گۈللەندۈرۈش، يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ يېڭى كارتىنىسىنى ئاچتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئەۋزەل پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدا 232 كەسپىي خادىم، 150 كېسەل كارۋىتى، چوڭ تىپتىكى ئىككى ئامبۇلاتورىيە، ئىككى كېسەل كۆرۈش – داۋالاش پونكىتى بار بولۇپ، دوختۇرخانىنىڭ مۇقىم مۈلكى 42 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ دوختۇرخانا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تېرە كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى، لابراتورىيە بۆلۈمى، رېنتېگىن بۆلۈمى، دورىگەرلىك بۆلۈمى قاتارلىق تېخنىكىلىق ۋە كلىنىكىلىق بۆلۈمدىن 14 نى تەسىس قىلىپ، كېسەل كۆرۈش، داۋالاش ئەسلىھەلىرىنى بارغانسېرى مۇتىزىملاشتۇردى. نۆۋەتتە بۇ دوختۇرخانا چوڭ تىپتىكى زامانىۋى ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا بولۇشقا قاراپ دادىل قەدەم تاشلىماقتا. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى قۇرۇلغاندىن ھازىرغىچە بىمارلارنى كېسەل ئازابىدىن قۇتقۇزۇشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى بىلىپ، ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىپ كەلدى. 2001 – يىلى بۇ دوختۇرخانا كۈتۈۋالغان كېسەل 57 مىڭ ئادەم – قېتىمغا،

بالنىستتا مۇنتىزىم يېتىپ داۋالانغانلار 1450 ئادەم - قېتىمغا يېتىپ ، يىللىق كەسپىي كىرىمنى 8 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى . بۇ جەرياندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى كۆپ ئۇچرايدىغان ۋە دائىم قوزغىلىدىغان كېسەللىكلەرنى نۇقتىلىق داۋالاش بىلەن بىرگە يەنە ئىچكى كېسەللىكلەر ، تېرە كېسەللىكلىرى ، سۆڭەك كېسەللىكلىرى ۋە فىزىكىلىق داۋالاش جەھەتتە ئەۋزەللىك يېتىلدۈرۈپ ، مەخسۇسلاشقان داۋالاشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى . دورا ياساش ۋە ئىشلەش جەھەتتە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىلىرى ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى .

مەملىكەتلىك ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە خىزمىتى يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن ، شىنجاڭدىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتنىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلدى . بىمارلارغا ۋە بازارغا يۈزلىنىش ، ھۆكۈمەت مالىيە جەھەتتە نۇقتىلىق يۆلەشتىن تەدرىجىي بازار ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈزلىنىش — سەھىيە ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىدى . ئۇسكۇنە جەھەتتە غەرب تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىلىرىغا يەتمەيدىغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى ئىسلاھاتنىڭ رىقابەت ۋە خىرىسلىرىنى كۆتۈۋېلىشتا بازار ئارقىلىق قۇدرەت تېپىش يولىنى تاللىدى . ئىسلاھات ئارقىلىق بازارغا يۈزلىنىش ، ئۆز - ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا يەنىلا ئۆز ئەۋزەللىكىگە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى . ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ ئەۋزەللىكى دەل ئۇنىڭ تەبىئىي ، زەھەرسىز دورىلىرى بىلەن جاھىل خاراكتېرلىك سوزۇلما كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئالاھىدىلىكىدە ئىدى . غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دولقۇنىغا ئەگىشىپ ، دورىگەرلىك ساھەسى تەبىئىي ، زەھەرسىز ، يېشىل ئىستېمال دورىلىرىنى ئېچىشقا يۈزلەندى . بۇ ئۇيغۇر تېبابەتچى-

ئۇيغۇر كىتاب بىكىتى www.uyghurkitap.com

لىك دوختۇرخانىسىغا ئۆز ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلىش يۈرۈشتى ئېلىپ كەلدى . قالاقلىق — ئۇيغۇر تېبابىتى ئەمەس ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئەنئەنىۋى نەزەرىيىسى بىلەن ئىلغار پەن - تېخنىكىنى بىرلەشتۈرۈش — تەرەققىياتنىڭ ، قەد كۆتۈرۈشنىڭ ئۇنۇملۇك يولى . مانا مۇشۇ ئىدىيىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى 2002 - يىلىدىن باشلاپ باشقۇرۇش جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، داۋالاش بىلەن دورا ئىشلەپچىقىرىشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىش ، ئەنئەنە ۋە ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە پەن تەتقىقاتى ئارقىلىق ئۇيغۇر تېبابىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتەك ئىسلاھات يولىغا ماڭدى .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى ئىچكى جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە ، دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش مۇھىتىنى ياخشىلاشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى . ئۇلار مەبلەغ جىددىي ، كەسپىي خىراجەت قىس بولۇش سەۋەبىدىن دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش مۇھىتى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، يېقىندا يەرگە بىنا تېگىشىش تەدبىرىنى يولغا قويۇپ ، ئۆي - زېمىن سودىگەرلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ، دوختۇرخانىنىڭ بىر قىسىم بوش يېرىنى 250 كارىۋات سىغىدىغان زامانىۋى بالنىست بىناسى سېلىپ بېرىش شەرتى بىلەن ئۆي - زېمىن سودىگەرلىرىگە ئۆتۈنۈپ بەردى . بۇ بىنا 2003 - يىلى پۈتۈپ ، دوختۇرخانىنىڭ كارىۋات قىس بولۇش ، ئەسلىھەلىرى كونا بولۇش قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنىدۇ .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ رىقابەتتە قەد كۆتۈرۈش ، ئۇيغۇر تېبابىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى ئىسلاھات تەدبىرلىرى بازار ئەمەلى-

يىتىمنى ئاساس قىلغان ، پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇشقا جۈرئەت قىلـ-
غان ، يېڭىلىق يارىتىش گەۋدىلەندۈرۈلگەن تەدبىر بولۇپ ، بۇ
تەدبىرلەر ئارقىلىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر
تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ شىنجاڭدىن ھالقىپ ، ئىچكىرى
ئۆلكىلەرگە ۋە چەت ئەللەرگە مۇلازىمەت قىلىش ئارزۇسى شۇنىڭـ-
دەك ئۇيغۇر تېبابىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش نىشانى تەدرىجىي
ئەمەلگە ئاشقۇسى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى

# مۇزتاغ ئاتا ئېتىكىدىكى يېڭى ئۆزگىرىش

## — تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە زىيارەت

دىلدار مۇھەممەت رېھىم

ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ غەربىي قىسمىدىكى پامىر ئېگىزلىكىدە «تاغلارنىڭ بوۋىسى» دەپ ئاتالغان مەشھۇر مۇز تاغ ئاتا چوققىسى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. كۆك سۆيگەن بۇ مەغرۇر چوققا دېڭىز يۈزىدىن 7546 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، يىلبويى قېلىن قار - مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. كۆز چاقنىتىدىغان ئاسما مۇزلار ھاسىل قىلغان ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەر ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. قار - مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان قىيان سۇلار دەريالارنى ھاسىل قىلىپ، سۈرەتتەك تاغ جىلغىلىرىدا ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ. سۇ مەنبەسى مول بۇ گۈزەل جىلغىلاردا باتۇر، ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل تاجىك چارۋىچىلىرى ئولتۇراقلاشقان.

ئېلىمىز تاجىكلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بۇ گۈزەل زېمىندا 1954 - يىلى 17 - سېنتەبىردە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى دۇنياغا كەلدى. شۇندىن كېيىن تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قوللىشى، ياردەم بېرىشى، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەل-

قىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، يېرىم ئەسىرگە يېقىن جاپالىق ئىگىلىك يارىتىشى ئارقىسىدا، كۆككە تاقىشىپ تۇرىدىغان مۇزتاغ ئاتا باغرىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىر كېلىدىغان پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىغە جايلاشقان، ئېلىمىز بويىچە ئۈچ دۆلەت بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان بىردىنبىر ئاپتونوم ناھىيە. ئېلىمىزدىكى 50 مىڭدىن كۆپرەك تاجىكنىڭ 80 % تىن كۆپرەكى ئولتۇراقلاشقان تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى-نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئېگىز، ئەتراپى يىل بويى قېلىن قار - مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغانلىقتىن تەبىئىي شارائىتى ئىنتا-يىن ناچار بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ نامرات ناھىيىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تاشقورغان ناھىيىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ناھە-يىنىڭ شارائىتى ۋە تاجىكلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ناچار ئىدى، ئىقتىساد، سەھىيە، مائارىپ، قاتناش، خەۋەرلىشىش ئىشلىرى-دىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى گاۋ جيەنۇبى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىنى ئەسلەپ مۇن-داق دېدى: «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ناھىيىنىڭ شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، قاتناش، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، مائارىپ ئىشلىرى ئىنتايىن قالاق ئىدى. بولۇپمۇ قاتناش ئىنتايىن ناچار ۋە قولايسىز بولۇپ، قەشقەردىن تاشقورغانغا ئات - تۆگىلەرگە مىنىپ يېرىم ئايدىن بىر ئايغىچە ۋاقىتتا ئاران يېتىپ بارغىلى بولاتتى. تۇرمۇشقا جىددىي كېرەكلىك بۇيۇملار ۋە ماددىي ئەشيالارنى تاشقورغانغا يۆتكەش ناھايىتى قىيىن ۋە جاپالىق ئىدى. توك يوق دېيەرلىك بولۇپ، بۇ يەردىكى خەلق ئاساسەن جىن چىراغ، شام ياقاتتى.

ماﺋارىپ ئىشلىرى بەكلا ئارقىدا ئىدى. 1954 ـ يىلى ناھىيە بويىچە پەقەت بىرلا باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈچ تەربىيىلەش ئورنى بار ئىدى. ماﺋارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچى 38 كىشى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان بالىلار مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدى. داۋالاش شارائىتىمۇ ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، ناھىيىدە ئاران ئۈچ نەپەر داۋالاش خادىمى پەقەت ئادەتتىكى كېسەللەرنىلا كۆرەلەيتتى، ھەتتا ئاسما ئوكۇلنىمۇ سالالمايتتى.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغان 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ناھىيىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ناھىيىنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا باشتىن ـ ئاخىر كۈچ چىقىرىپ كەلدى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ جاپالىق ئىشلەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەش ئاساسىدا ناھىيىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا، ساياھەتچىلىكنى تۇتقا قىلغان ھالدا كۆپ خىل ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتتى. 2001 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 50 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن 10 ھەسسە ئاشتى. ناھىيە بويىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 430 مىڭ موغا يەتتى. يىللىق ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 5253 توننىغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 240 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 710 يۈەنگە يەتتى. دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخ-



www.uyghurkitap.com

شىلاندى . يەرلىك مالىيە كىرىمىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى . 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان تاجىكلارنىڭ ئىقتىسادى سىجىل ، ساغلام راۋاجلاندى . ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى . دېھقان ـ چارۋىچىلار ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق ئۇسۇلى بىلەن خوشلىشىپ ، مۇقىم ۋە ئاپتوماتىك تېرىقچىلىق قىلىش دەۋرىگە تەدرىجىي قەدەم قويدى . يېرىم ئەسىر ۋاقىتتىن بۇيان ئاپتونوم ناھىيىنىڭ قاتناش-ترانس-پورت ، خەۋەرلىشىش ، ئېلېكتر كۈچى قاتارلىق ئاساسىي مۇئەس-سەسە قۇرۇلۇشى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ ، ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ تېخىمۇ ياخشىلاندى . ناھىيە بويىچە تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىگە يول ئۆتاشتۇرۇلدى . ناھىيىنىڭ خەۋەرلىشىش ئىشلىرىمۇ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى . ھازىر ئوپتېكىلىق توركابىل قۇرۇلۇشى ئەمەل-لىيلىشىش باسقۇچىدا تۇرماقتا . دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ داۋال-نىش ئىشلىرى ئۈزۈلۈكسىز ياخشىلاندى . رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرىمۇ ئۈچقاندەك راۋاجلىنىپ ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى % 85 كە يەتتى . 1994 ـ يىلى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان توك بىلەن تەمىنلەش ئاساسىي جەھەتتىن نورمال بولدى . ھازىر ناھىيىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەلىرىنى ، ناھىيە يوللىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىش ۋە مەدەنىيەت پائالىيىتى مەركىزى قۇرۇش ئىشلىرى جىددىي ئىش-لەنمەكتە . مەدەنىيەت ، ساياھەت ، سودا كوچىسى قۇرۇش ، ناھى-يە مۇھىتىنى ياخشىلاش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش ، تاجىك مىللىتى-نىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان باغچە سېلىش ، دۇنيا دەرىجىلىك مۇز تاغ باغچىسى ياساش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارمۇ ئېلىپ بېرىلماقتا .

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى پەن ـ مائارىپ ئىشلىرىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. 1954 ـ يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە پەقەت بىرلا باشلانغۇچ مەكتەپ بولغان بولسا، ھازىر تۇرلۇك مەكتەپتىن ئالتىسى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىدىن 644 ى بار بولدى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 6800 دىن ئاشتى. باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى، تولۇقسىز ئوتتۇرىغا كىرىش نىسبىتى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى % 90 تىن ئاشتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتمۇ % 80 تىن كۆپرەككە يەتتى. ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومغا چىقىش نىسبىتىمۇ يىلدىن ـ يىلغا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئوقۇتۇش سەۋىيىسى بىلەن ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. ساپا مائارىپىمۇ يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش شارائىتىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 1954 ـ يىلى بىر دوختۇرخانا، ئىككى دوختۇر بولغان بولسا، ھازىر ناھىيە بويىچە دوختۇرخانا، ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى، يۇقۇملۇق كېسەللىكتىن مۇداپىئەلىنىش پونكىتى بولۇپ جەمئىي 16 سى، كەسپىي ساقلىقنى ساقلاش خادىملىرىدىن 224 ى، كېسەل كارۋىتىدىن 168 ى بار بولدى. يېزا ـ بازارلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ساقلىقنى ساقلاش پونكىتلىرى قۇرۇلدى. دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كېسەل كۆرسىتىش ئىشلىرى قىيىن بولۇش مەسىلىسى ئاساسەن ھەل قىلىندى.

مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ بىر قەدەر تېز بولدى. ئاپتونوم ناھىيىنىڭ مول مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاممىۋى مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىشلىرى ئىنتايىن جانلىق ئېلىپ بېرىلدى. ھەرقايسى يېزىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەترەتلىرى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى كۆپ

قېتىم شاڭخەي ، شېنجېن ، سىچۇەنلەرگە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر ، پاكىستان قاتارلىق دۆلەت ۋە رايون- لارغا بېرىپ ئويۇن قويۇپ ، خەلقئارادا ۋە دۆلەت ئىچىدە شۆھرەت قازاندى . قوتاز سوقۇشتۇرۇش ، ئات بەيگىسى ، مىللىيچە چېلى- شىش قاتارلىق مىللىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى جانلىق ئېلىپ بېرىلدى .

سەلتەنەتلىك نەتىجە — پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ توغرا سىياسى- تى ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپالىق تىرىش- چانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق قولغا كەلدى .

1949 - يىلى ئازادلىقنىڭ تاڭ نۇرى بۇ خىلۋەت ماكانغا ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرىنى چاچقاندىن بۇيان ، تاجىك مىللىتى جۇڭ- گودىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا سىياسىي جەھەتتە ھۆرلۈككە ئېرىشتى . يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تاجىكلارنىڭ تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئىشلىرى ۋە تاجىك كادىرلارنى تەربىيىلەش ، ئۆستۈرۈش ئىشلى- رىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى .

ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر ئىتتىپاق- لىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەر- دى . ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى بىلەن پارتىيىنىڭ مىل- لىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، مىللەتلەر مۇناسى- ۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىش- لىرىنى ئىلگىرى سۈردى . تاجىك مىللىتى باشقا قېرىنداش مىل- لەتلەر بىلەن ئىتتىپاق ، ئىناق ئۆتۈپ ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى- دە چىڭ تۇرۇپ ، تۇرلۇك شەكىلدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھە- رىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ كەلدى .

خالىس تۆھپە يارىتىش روھى ۋە ۋەتەننى سۆيۈپ چېگرىنى

ساقلاشتەك شەرەپلىك ئەنئەننى تولۇق جارى قىلدۇردى. 50 يىلدىن بۇيان 888 يېرىم كىلومېتىر چېگرا لىنىيىسىدە بىر تەرەپتىن چارۋا بېقىپ ، بىر تەرەپتىن چېگرىنى ساقلاپ ، قورال تۇتمىغان ، ئىش ھەققى ئالمىغان ، ھەربىي فورما كىيمىگەن چېگ-را مۇداپىئە قوشۇنىغا ئايلاندى . ئوغرىلىقچە سىرتقا قاچقان 100 دىن ئارتۇق جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈردى . مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە تۇرلۇك دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ چېگرىدىكى بۇزغۇنچىلىق ھە-رىكەتلىرىگە كۈچلۈك زەربە بېرىپ ، چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداپ ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى .

ناھىيە بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە سىياسىي جەھەتتە مۇ-قىم بولغان ، ئىقتىساد گۈللەنگەن ، جەمئىيەت تېز تەرەققىي قى-لىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان ، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەملەن-گەن ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان ، خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى .

يېڭى ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى . تاجىكلارمۇ تەرەققىيات تارىخىدا يېڭى بىر پۇرسەتكە ئىگە بولدى . ئۇلار پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىل ئەمە-لىيلەشتۈرۈپ ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ ، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ ، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش-نى چۆرىدىگەن ھالدا ساياھەتچىلىك بىلەن كانچىلىق ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈپ ، چېگرا ئېغىزىغا جايلاشقانلىقتەك ئۈستۈنلۈكىدىن

تولۇق پايدىلىنىپ ، يەككە ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلان-
دۇرۇپ ، مۇزتاغ ئاتا ئېتىكىدە ئەسىرلەردىن بېرى بولۇپ باقمى-
غان يېڭىلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، دەۋر تەرەققىياتىغا ماس-
لاشقان باي ، گۈزەل يېڭى تاشقورغان قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماق-
تا .

تۈمەن مىڭ يىللاردىن بېرى بۇ زېمىندىن نەزەرىنى ئۈزمەي
كېلىۋاتقان مۇزتاغ ئاتا چوققىسى كەلگۈسىدە كۆز ئالدىدا بولمىد-
غان يېڭىلىقلار ۋە ئۆزگىرىشلەردىن شادلىنىپ ، يېڭى دەۋرنىڭ
شاراپىتىدە تېخىمۇ جۇلالانغۇسى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يىپەك يولىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت

## — قەشقەر شەھىرىگە زىيارەت

دىلدار مۇھەممەت رىھىم

ئەسىرلەردىن بېرى «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتىلىپ ، ئۆزىدىنىڭ مول بايلىقى ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە شانلىق مەدەنىيىتى ، ئۆزگىچە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن جاھانغا تونۇلغان قەشقەر «قەدىمىي يىپەك يولىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت» دەپ داڭق چىقارغان خاسىيەتلىك ماكان .

قەشقەر — ئەل ئىچىدە «شىنجاڭغا كەلگەندە ، قەشقەرنى كۆرمىسە شىنجاڭغا كەلگەندەك بولمايدۇ» دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن مەشھۇر تارىخىي يۇرت . قەشقەردە ھەقىقەتەنمۇ ئۆزگىچە خاسلىق ، مىللىي پۇراق قويۇق بولۇپ ، مەشھۇر تارىخىي ئىزلار ، توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئۇيغۇر قەۋمىنىڭ ئەنئەنىۋى ، يەرلىك ئۆرپ - ئادەتلىرى ، يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيەتلىرى ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ، گۈزەل سەيلىگاھلىرى بۇ زېمىنغا قەدەم باسقان ھەربىر كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئاجايىپ مەستخۇش ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمدۈرمەي قالمايدۇ .

قەشقەر شەھىرى يېرىم ئەسىرلىك مۇساپىسىدە جۇڭگو كوم-پارتىيىسىدىن ئىبارەت پاتماس قۇياش تەپتىدە چولپان كەبى نۇر-

لىنىپ ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ياڭراق مېلودىيەلىرىگە جۆر بولۇپ ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان شادلىق كۈيلىرىنى پۈتۈن ئالەمگە ياڭرىتىپ ، پارتىيىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە «يىپەك يولىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت» دېگەن بۇ پەخىرلىك نامىنى تېخىمۇ جۇلالىتىپ پۈتۈن دۇنياغا تونۇتۇش يولىدا غايەت زور جاسارەت ۋە شىجائەت بىلەن تىرىشماقتا .

دوستۇم ، شۇ تاپتا قەلبىڭىزدە قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي زېمىننىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئىستىكى قوزغىلىۋاتقاندۇ - ھە ؟ !

شەرقتە تارىم ۋادىسى ، غەربتە پامىر ئېگىزلىكى بىلەن توتاش چوڭ قورۇقلۇق كىلىماتىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغقا مەنسۇپ ، تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلغان قەشقەر — ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى ، قەدىمىي يىپەك يولىدىكى كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان نۇرلۇق مەرۋايىت دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە . بۇ قەدىمىي شەھەر ئازادلىقنىڭ تاڭ نۇرىنى كۈتۈۋالغان يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ، شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ ، شەھەرنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى .

1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قەدىمىي شەھەر قەشقەر ئازادلىقنىڭ تاڭ نۇرىنى كۈتۈۋالدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ قەدىمىي شەھەر تارىخىدا يېڭى دەۋر باشلاندى . مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى 1952 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئەينى چاغدا كونا شەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب بىكىتى
www.uyghurkitap.com

قەشقەرنى كونا شەھەر ناھىيىسىدىن ئايرىپ چىقىپ شەھەر قىلىش قورۇشنى رەسمىي تەستىقلىدى . 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قەشقەر رەسمىي شەھەر بولۇپ قورۇلدى . شۇنىڭدىن باشلاپ شەھەردىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ ، غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ ، قەشقەر شەھىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى . 50 يىلدىن بېرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى . بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان شەھەرنىڭ قىياپىتىگە يىلمۇيىل تۈس قوشۇلۇپ، يېڭى تەرەققىياتلار بولدى . خەلق ئىگىلىكى سىجىل تەرەققىي قىلىپ ، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى يەنىمۇ زورىيىپ ، خەلق تۇرمۇشى يەنىمۇ ياخشىلاندى .

1952 ـ يىلى قەشقەرنىڭ سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 949 مىڭ يۈەن بولغان بولسا ، 2001 ـ يىلىغا كەلگەندە 470 مىليون يۈەنگە يېتىپ 18 ھەسسە كۆپەيدى ، شۇنداقلا 2001 ـ يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 325 مىليون يۈەنگە يېتىپ ، تۇنجى قېتىم 1 مىليارد يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى . شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 5062 يۈەنگە ، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1927 يۈەنگە يېتىپ ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى داۋاملىق ئۆستى . شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك كۈچىيىپ ، قەشقەر شەھىرىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى .

قەشقەر شەھىرىنىڭ شەھەر كۆلىمى 1952 ـ يىلىدىكى 5 .2 كۋادرات كىلومېتىردىن كېڭىيىپ ، 192 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 76 .8 ھەسسە كېڭەيتىلدى ، نوپۇس 36 مىڭدىن كۆپىيىپ 343 مىڭغا يەتتى .

شەھەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرى ئالغا سىلجىتىلدى . ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى خېلى زور بولۇپ ، ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ، داۋالاش سۇغۇرتىسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى ، پۈتۈن شەھەرنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى بارغانسېرى كېڭىيىپ «ئىككىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش» خىزمىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى .

ھەممىمىزگە مەلۇم ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تىلغا ئېلىنسا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا قەشقەر نامايان بولىدۇ . مانا مۇشۇ مۇقەددەس جايدا «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىنىڭ ئاپتورى ، ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ، پەيلاسوپ ، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى ، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى دۇنياغا كۆز ئاچقان ۋە ئىلىم تەھسىل قىلغان . قەشقەر شەھىرىنىڭ پەن ـ مائارىپ ئىشلىرى ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقى ئارقىسىدا تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى . قەشقەردە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، ئاخبارات ـ نەشرىيات ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى ۋە باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا ، ئالىي مائارىپنى ، ئۇنىۋېرسال مائارىپ ھەم مەخسۇس مائارىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ قاتلاملىق مۇكەممەل مائارىپ سىستېمىسى بارلىققا كېلىپ ، قەشقەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە مەدەنىيەت جەھەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىكى كۆزنەكلىك ئورنى تېخىمۇ گەۋدىلەندى .

پارتىيىنىڭ مىللەت ، دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئاساسى ۋە كاپالىتى . ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى ۋە ۋەكىلى بولغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەمەليي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مىللەت ، دىن سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى . بۇ سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق تەرەققىي قىلىش ، ئورتاق گۈللىنىش ، ئورتاق ئالغا بېسىش يولىغا قاراپ مېڭىپ ، تۈرلۈك ئىشلاردا خېلى زور تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈردى .

شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مىللەت ، دىن خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ ، باراۋەرلىك ، ئىتتىپاقلىق ، ئۆزئارا ياردەملىشىش ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ ، «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ ، ھەرقايسى مىللەتلەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ئۈچ ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسىنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇردى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ ، دىنىي باشقۇرۇشقا ئائىت «بىر پىكىر ، سەككىز تۈزۈم»نى يولغا قويۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ماسلىشىشقا پائال يېتەكلەپ ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى توسۇپ ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان بۆل-

گۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە كۈچلۈك زەربە بېرىپ، شەھەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش جەھەتتە ئاساس خاراكتېرلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.
قەشقەر شەھىرى 1981 - يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە جەمئىي 21 قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەرەققىيات تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شەھەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى بارلىققا كەلتۈردى. دىنىي زاتلارمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، دىندىن پايدىلىنىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، بۇ جەھەتتە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى.
قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن سىياسىي ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى بارلىققا كەلدى. ھازىر قەشقەر شەھىرى بويىچە رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدىكى ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىدى. بۇ كادىرلار ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يۇكسەلدۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتلەردە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.
قەشقەر شەھىرىنىڭ سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىمۇ ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايلاندۇرۇش تېزلىتىلدى . مەدەنىيەت ، تەنتەربىيە ئىشلىرى ئۈز-لۈكسىز راۋاجلاندى . بىر تۈركۈم خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سانائەت كارخانىلىرى تېز باش كۆتۈرۈپ ، شەھەر ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكىگە ئايلاندى .

قەشقەر شەھىرى يەنە پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ ، يېزا پەن - تېخنىكا قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى . پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش ، پەن - تېخنىكا ھەپتىلىكى ، قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇپ ، شەھەر ئەتراپى يېزىلىرىغا قارىتىلغان پەن - تېخنىكىنىڭ سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى . ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى . دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى مۇقىم ئۆستۈرۈپ ، يېزىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلەتتى .

قەشقەر «9 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە ئارقا - ئارقىدىن زور خۇشاللىقلارنى كۈتۈۋالدى . 1999 - يىلى 12 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ كورلىدىن قەشقەرغىچە بولغان بۆلىكىدە قاتناش باشلاندى . يېڭى قەشقەر خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ ئاۋىئاتسىيە قاتنىشى باشلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا ۋە باشقىلار .

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى قەشقەرگە كەم تېپىلىدىغان تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى . بۇنىڭ بىلەن شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شەھەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى پۈتكۈل شەھەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ ،

يۇقىرى ئۆلچەملىك پىلان تۈزۈش ، يۇقىرى ئۆلچەملىك قۇرۇلۇش قىلىش ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ ، شەھەر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاشنى تۈرلۈك ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ، ئىشلارنى پائال پىلانلاپ ، ئىنچىكە تەشكىللەپ ، شەھەر قىياپىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە يوللارنى ئۆزگەرتىپ ياساشقا 870 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى . بۇ — قەشقەر شەھىرى قۇرۇلغاندىن تارتىپ «8 - بەش يىللىق پىلان»نىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 43 يىلدا سېلىنغان مەبلەغنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ كېلىدۇ . ھازىر پۈتۈن شەھەردىكى 192 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە 29 يول ئۆزگەرتىپ ياسالدى ، شەھەر بويىچە يېڭىدىن كۆكەرتىلگەن كۆلەم 600 گېكتارغا يەتتى .

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قەشقەر شەھىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى . 50 يىلدىن بۇيان ، مەركەزدىكى رەھبەرلەر كۆپ قېتىم قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، بۇ قەدىمىي چېگرا شەھەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى . يېقىندا دۆلەت قەشقەر شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 670 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى ، مەركەزنىڭ كۆپلەپ ياردەم بېرىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا ، ھازىر قەشقەرنىڭ كونا قىياپىتى يېڭىلاندى . شەھەرنىڭ يۇرۇشلەشكەن مۇلازىمەت ئىقتىدارى كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللىشىپ باردى ، قەشقەر شەھىرىنىڭ قىياپىتى يىلمۇ يىل يېڭىلىنىپ ، رەتلىك سېلىنغان زامانىۋى بىنالار ھەممىلا يەردە قەد كۆتۈرۈپ ، ئاھالىلارنىڭ كۆركەم تۇرالغۇ ئۆيلىرى بىلەن گىرەلىشىپ ، شەھەر ھۆسنىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشتى . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ،

قەشقەر شەھىرىنى چېگرىداش دۆلەتلەرگە ئېچىۋېتىش نەتىجىسىدە شەھەر ـ بازارلار تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ، بازار سودىسى تېخىمۇ قىززىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىكى مۇھىم خەلقئارالىق سودا شەھىرىنىڭ ئەندىزىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى.

ھازىر قەشقەر شەھىرى مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىدىغان ساياھەتچىلەر، سودىگەرلەر، مېھمانلارنى جەلپ قىلىپ، ئوبوروتنى جانلاندۇرماقتا.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، قەشقەر شەھەر بولۇپ قۇرۇلغان يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە، شەھەرنىڭ كونا قىياپىتى تۈپتىن يېڭىلىنىپ، ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلغۇدەك بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئىسلاھات، مۇقىملىق، تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، «ئىككى مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا تۈزۈلمىنى يېڭىلاپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، زامانىۋى شەھەرنىڭ رامكىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى.

ھازىر قەشقەردىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما پارتىيەنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، بۇ ئانا دىيارنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشماقتا ۋە ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە.

# جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان خوتەن مائارىپى

قۇربانىنىسا جاپپار

ھەممىگە مەلۇمكى، مائارىپ — بىر دۆلەتنىڭ ياكى بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىشى، گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى. مائارىپقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ياكى سەل قارايدىغان دۆلەتنىڭ ياكى مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى: «پەن ۋە مائارىپقا تايىنىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مائارىپ ئىشلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىمۇ يېقىنقى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدە، مائارىپ ئىشلىرىنى كۈچلۈك قوللاپ، خوتەننىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا يېڭى - يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەرنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇق قىلىشى، قوللىشى، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە كەڭ مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا،

www.uyghurkitap.com

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلىنىپ ، ئادەتتىكى مائارىپ ، چوڭلار مائارىپى ، كەسپىي مائارىپ ۋە ئالىي مائارىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان مائارىپ سىستېمىسى تەدرىجىي شەكىللەندى . ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ، شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتى «مائارىپ ئىسلاھاتى» توغرىسىدا كۆرسەتمە تارقىتىپ ، جايلارنىڭ كونا مائارىپ تۈزۈلمىسىنى پىلانلىق ، باسقۇچلۇق ھالدا ئىسلاھ قىلىشنى ، «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» ئاچقان مەكتەپلەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى قارار قىلدى . بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كونا مائارىپ تۈزۈلمىسى ، تۈرلۈك ئەمىر - پەرمانلىرى ، دەرسلىك ، ئوقۇتۇش ، مەكتەپ باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى . 1951 - يىلى 12 - ئايدا ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى «ناھىيىلىك خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» باشقۇرغان 182 باشلانغۇچ مەكتەپ ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ ، سوتسىيالىستىك يېڭى مائارىپ تۈزۈمى بەرپا قىلىندى . 1966 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە داۋاملاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئازادلىقتىن كېيىنكى 17 يىلدا قولغا كەلگەن مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقىرىپ ، مائارىپنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى .

1978 - يىلى 11 - ئايدا ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىلىپ ، مائارىپ خىزمىتىدىكى قالايمىقانچىلىق ئوڭشىلىپ ، مائارىپ راۋاجلىنىش ئىزىغا سېلىندى ، مائارىپ ئىسلاھاتى پەيدىنپەي قانات يايدۇرۇلدى . 1992 - يىلى 10 - ئايدا چاقىرىلغان پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىدا : «مائارىپنى ئالدىن راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق

ۋە پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى تېرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم . بۇ ، ئېلىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ توپ پىلانى» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن ، خوتەننىڭ ئاساسىي مائارىپى پەيلانلىق ، باسقۇچلۇق ھالدا يولغا قويۇلۇپ ، باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى . ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ، چوڭلار مائارىپى ئۈچقاندەك راۋاجلاندى . يېزا ئاساسىي مائارىپىدا جايلار مەسئۇل بولۇش ، دەرىجە بويىچە مەكتەپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى . ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ ، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان يېڭى كەيپىيات شەكىللەندى . بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ، مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىگە قەدەم قويدى .

ھازىر خوتەن ۋىلايىتىدە ھەر خىل ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردىن 1100 ى بار ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 366 مىڭغا ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 19 مىڭغا يېتىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى ئىككى بولۇپ ، ئوقۇغۇچى 1020 گە ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 163 كە يېتىدۇ . چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئىككى بولۇپ ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 72 گە ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 15 كە يېتىدۇ . ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى بەش بولۇپ ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 3648 گە ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 411 گە يېتىدۇ . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر 12 بولۇپ ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 7354 كە يېتىدۇ . كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر توققۇز بولۇپ ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 3177 گە ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

237 گە يېتمىدۇ .

خوتەندىكى ھەرخىل مەكتەپلەر ئىچىدە تەرەققىياتى ئەڭ تېز ، كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغانلار باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ ، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 895 ى بار ، ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇلغان ، ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 95.4 % گە يېتىدۇ . ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ جۈملىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن 140 ى بولۇپ ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 62.5 % گە يېتىدۇ .

خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى يالقۇن قادىر خوتەننىڭ ھازىرقى مائارىپ ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى :

«خوتەن ۋىلايىتى دۆلەت نۇقتىلىق يار - يۆلەك بولىدىغان نامرات ۋىلايەت ، ۋىلايىتىمىزدە ھازىر 50 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئائىلە ، 225 مىڭدىن ئارتۇق نامرات نوپۇس بار ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە كىيىش - تويۇش مەسىلىسى ھەل بولمىغان ئومۇمىي نامرات ئائىلىنىڭ 50 % ى خوتەندە ، خوتەننىڭ نامرات بولۇپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ بىرى ، خوتەن ۋىلايىتىدە ئادەم كۆپ ، سۇ قىس ، يەر ئاز ، تەبىئىي شارائىتى ناچار . بۇنىڭدىن باشقا ، خوتەن ۋىلايىتىدە پۈتكۈل ئاھالىنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن ، ئىختىساسلىق خادىملار كەمچىل بولۇش مەسىلىسى خوتەننىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرغان ئاساسلىق ئامىل .

ئازادلىقتىن ئىلگىرى خوتەن ۋىلايىتىدە بىرمۇ ئالىي مەكتەپ ، بىرمۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ يوق ئىدى ، پەقەت بىرلا تولۇقسىز پېداگوگىكا مەكتىپى ، 140 نەچچە باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى . ئازادلىقتىن كېيىن ، بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش

يولغا قويۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، ۋىلايىتىمىزدىكى كەڭ مائارىپ خىزمەتچىلىرى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ۋىلايىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. مەسىلەن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، مەركەزنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىلىق، ئىككى ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى، بىر تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، بىر ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتى، بەش ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى قۇرۇلدى، ۋىلايەت بويىچە ئادەم بار جايلارنىڭ ھەممىسىدە مەكتەپ بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يەنى، چەت ـ يىراق كەنتلەردىمۇ باشلانغۇچ مەكتەپلەر بار بولدى. ھازىر خوتەن ۋىلايىتى بويىچە 1 مىليون 680 مىڭ ئاھالە بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھەرخىل مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى 360 مىڭدىن، ئوقۇتقۇچى 20 مىڭدىن ئاشىدۇ. دېمەك، پۈتۈن ئاھالىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ھەرخىل مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى، دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى شۇنىڭدەك دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، مەكتەپلەر يېڭىلاندى، مەكتەپلەرنىڭ سانى كۆپەيدى، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 95% كە يەتتى، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىش نىسبىتى 62% كە يەتتى. ئەمما تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىش نىسبىتى ئاران 10% ئەتراپىدا. پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 86 يېزا، بازار، مەيدان، 1242 مەمۇرىي كەنتتە دېھقان ـ چارۋىچىلار تېخنىكا ئۆگىنىش

مەكتەپلىرى بار ، ۋىلايەت بويىچە يەتتە ناھىيە ، بىر شەھەر ئىچىدىكى نىيە ناھىيىسى بىلەن خوتەن شەھىرى «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاپ ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى . مائارىپتا مۇشۇنداق يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ زور تەرەققىياتلارنىڭ بولۇشى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقى ، ئىچكىرىدىكى تەرەققىي تاپقان ئۆلكە ، شەھەرلەرنىڭ قوللىشى ، دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىنىڭ خوتەنگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ، بىرىنچى قارارلىق نامرات رايونلار مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشىنىڭ ۋىلايىتىمىزدىكى يەتتە ناھىيە ، بىر شەھەردە يولغا قويۇلۇشىدەك پايدىلىق پۇرسەتتىن ئايرىلالمايدۇ ، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە مەكتەپلىرىمىزنىڭ ئوقۇ – ئوقۇتۇش شارائىتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى ، مەكتەپلىرىمىزنىڭ ئوقۇ – ئوقۇتۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى ، ھازىر قارايدىغان بولساق ، ئەڭ ياخشى ، ئەڭ كۆركەم قۇرۇلۇش مەكتەپ قۇرۇلۇشى . ۋىلايىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا مۇشۇنداق زور يۈكسىلىشلەر بولغان بولسىمۇ ، لېكىن تەرەققىي قىلغان ئۆلكە ، شەھەر ، رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى زور پەرق بار . بۇنىڭدا ، مائارىپ ئاساسىمىز بىرقەدەر ئاجىز ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇش ، سىنىپ ، تەجرىبىخانا يېتىشمەسلىك مەسىلىسى شۇنىڭدەك زامانىۋى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى ئاساسىي جەھەتتىن يوق بولۇش مەسىلىسى گەۋدىلىك مەسىلە . ئۇنىڭدىن باشقا ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى 200 مىڭغا يېقىن ئوتتۇرا – باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ كىتاب پۇلى تۆلىيەلمەسلىك مەسىلىسى تېخىمۇ گەۋدىلىك مەسىلە . ھازىر باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان بالا 62% كە يەتتى ، لېكىن يەنە 38% بالا سىنىپ ،

ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن ئائىلىسىگە قايتىۋاتىدۇ ، بۇ جەھەتتە يەنە نۇرغۇن مەبلەغ سېلىشقا ، دۆلەتنىڭ ، ئاپتونوم رايوننىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ . بىز ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھىنى جارىي قىلدۇرۇپ ، ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە دۆلەتنىڭ ياردىمى ئارقىلىق 2010 - يىلىغىچە مۇشۇ مەسىلىلەرنى تەدرىجىي ھەل قىلىپ ، خوتەننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، خوتەننىڭ ئىختىساسلىق خادىم كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مائارىپ جەھەتتە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز .»

دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى مائارىپتا . مائارىپىمىز تەرەققىي قىلمىغانلا بولسا ، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا گەپ كەتمەيدۇ . خوتەن ۋىلايىتى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق يۆلىنىدىغان نامرات رايونلارنىڭ بىرى ، خوتەن ۋىلايىتىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مائارىپ ئىشلىرىدا زور يۈكسىلىشلەر بولغان بولسىمۇ ، لېكىن نامراتلىق يەنىلا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئىقتىساد راۋاجلانغاندىلا خوتەننىڭ مائارىپى تېخىمۇ زور يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشەلەيدۇ . ئىشىنىمىزكى ، يېقىن كەلگۈسىدە خوتەننىڭ تۇرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، مائارىپ ئىشلىرىمۇ تېز تەرەققىي قىلىپ ، خوتەننىڭ گۈللەپ روناق تېپىشىغا پۇختا ئاساس سېلىنىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلغان تاشكەنت

قۇربانىنىسا جاپپار

خوتەن ۋىلايىتى دۆلەت نۇقتىلىق يار ـ يۆلەك بولىدىغان نامرات ۋىلايەت . ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن خوتەندە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىپ ، ئىقتىساد گۈللىنىپ ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان بولسىمۇ ، جۇغراپىيىۋى ۋە تەبىئىي شارائىت تۈپەيلىدىن خوتەنلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا نامراتلىقتا ياشاۋاتتىدۇ . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيىنىڭ توغرا سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ خوتەنگە ئېلىپ كەلگەن پايدىسى ، خوتەنلىكلەرنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق خوتەننىڭ بىر قىسىم يېزىلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى . پايانسىز تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تاشكەنت كەنتىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ئۆتكەن يىلدىن بۇيان ناھايىتى زور ياخشىلىنىش بولدى ، كەنتنىڭ قىياپىتىمۇ زور دەرىجىدە ئۆزگەردى . ئۆتكەن يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەھبەرلىرى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن بولغان بۇ كەنتكە بېرىپ ، بىر قىسىم دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ

زىيارەت قىلدى ۋە دېھقان - چارۋىچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتى.
ئاخىرىدا بۇ كەنتنىڭ پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن
قۇتۇلۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونى بويىچە كېڭەيتىشكە چاقىردى.

تاشكەنت كەنتى — قاراقاش ناھىيىسىنىڭ مەركىزىدىن بەش
كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، بۇ كەنتتە 354 ئائىلە،
1420 نوپۇس، 1800 مو تېرىلغۇ يەر بار، تېرىلغۇ يەر ئوتتۇرا
ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا ئاران بىر مو ئىككى پۇڭدىن توغرا
كېلىدۇ، بۇ كەنت ئۈچ مەھەللە-گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن.
2000 - يىلدىن بۇرۇن كەنتنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى ئېگىز -
پەس، رەتسىز، يول ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلىرى ئەگرى - بوگرى،
سۇغىرىش ئىشلىرى قالايمىقان، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى نا-
چار، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قاتمال بولۇپ، بىر قېلىپتا قالاق
ھالەتتە تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەنتنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى
ھورۇن، بوشاڭ، چېچىلاڭغۇ، دېھقان - چارۋىچىلاردا خۇراپات-
لىق ئىدىيىسى ئېغىر، دىنىي كەيپىيات قويۇق، پەن - تېخنىكا
بىلىملىرىنى ئىگىلەشكە بولغان ئىنتىلىش سۇس ئىدى. ئىشلەپ-
چىقىرىش كۈچلىرى ئازاد قىلىنمىغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش بىر
ئىزدىلا توختاپ قالغان، كەنتنىڭ قەيەرىگىلا قارىسا قالاقلىق،
غۇربەتچىلىك، نامراتلىق چىقىپ تۇراتتى. كەنت بويىچە نامرات
ئائىلە 256 گە يېتىپ، ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 72 پىرسەنتىنى
ئىگىلىگەن. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كەنت بويىچە دېھقانلارنىڭ
يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى ئاران 539 يۈەندىن توغرا كەلگەچكە،
دېھقان - چارۋىچىلار نامراتلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەل-
گەن، گەرچە ئۇلار باياشات تۇرمۇشقا ئىنتىلىپ كەلگەن بولسى-
مۇ، كەنتنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بولغاچقا، دېھقان - چارۋىچىلار
شۈكرى - قانائەت قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1999 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم پۈتۈن ئاپتونوم رايون مىقياسىدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش
ئىشلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتنى ئىلگە-
رى سۈرۈش داۋامىدا «ئەل رايى قۇرۇلۇشى»نى زور كۈچ بىلەن
يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى . بۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن
خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تاشكەنت كەنتىنى ئۆزىنىڭ پەن -
تېخنىكىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى
كەنت ، ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى سىناق نۇقتىسى
قىلىشنى قارار قىلدى ھەمدە بۇ خىزمەتكە خوتەن ۋىلايەتلىك
پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇراخمان قۇرباننى مەسئۇل
قىلدى . يولداش ئابدۇراخمان قۇباننىڭ يېتەكچىلىكىدە 2000 ـ
يىلى 1 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى ،
ۋىلايەتلىك ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى ،
ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ
خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن 10 كىشىلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى
قۇرۇلدى ، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر بۇ كەنتكە بارغاندىن كې-
يىن كۈندۈزى دېھقانلار بىلەن بىللە ئەمگەك قىلسا ، ئاخشاملىرى
دېھقانلارغا پارتىيىنىڭ دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بې-
يىتىش توغرىسىدىكى سىياسەت ـ فاڭجېنلىرىنى تەشۋىق قى-
لىپ ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈردى ھەمدە دېھقانلار
بىلەن سىردىشىپ ، ئۇلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل
ئاڭلىدى ، دېھقان ـ چارۋىچىلار ئويلىغاننى ئويلاپ ، ئۇلار ئالدى-
رىغانغا ئالدىرىدى . ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئائىلە تۇرمۇشى ھەم ئىش-
لەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ ، دېھقان ـ چارۋىچى-
لارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش ئۈستىدە كۆپ باش
قاتۇردى . خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئاب-
دۇراخمان قۇربان بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى :

«خوتەندە 1 مىليون 680 مىڭ نوپۇس بولۇپ، ئۇنىڭ
93% تىن كۆپرەكىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدۇ. ۋىلايىتىمىزدە
يەتتە ناھىيە، بىر شەھەر بولۇپ، ھەممىسى دۆلەت نۇقتىلىق
يۆلەيدىغان ناھىيە ۋە شەھەر ھېسابلىنىدۇ. ھازىر 10 - بەش
يىللىق پىلاندىكى يەنى يېڭى دەۋردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش
خىزمىتىدە مەركەز، ئاپتونوم رايون يېڭى پىكىر يولى، يېڭى
ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بولۇپمۇ مەركەز ۋە ئاپ-
تونوم رايون ئاچقان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يىغىنلىرىدا،
نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىدە نامرات ئائىلىلەرنى ئوب-
يېكت قىلىش، نامرات كەنتلەرنى جەڭ مەيدانى قىلىش، نامرات
ئائىلىلەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول
ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىگە
يار - يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىق-
تىن قۇتۇلدۇرۇش پىكىر يولى ئوتتۇرىغا قويۇلدى شۇنداقلا سەپ-
نى تارايتىش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، نامراتلىقتىن
قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى كەنت - ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈش، كەنت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەلىپى ئوتتۇرىغا
قويۇلدى. مەركەز ھەم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يۇقىرىقى
تەلەپ - ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مە-
مۇرىي مەھكىمە 2000 - يىلى يىل بېشىدىن باشلاپ ئالدى بىلەن
نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى كەنت - ئائىلىلەرگى-
چە ئەمەلىيلەشتۈرۈش بويىچە سىناق نۇقتا خىزمىتىنى ئىشلەپ،
تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، ئومۇمىي دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈ-
چۈن، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىنتايىن نامرات بولغان قاراقاش ناھىيە
توخۇلا يېزا تاشكەنت كەنتىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمە-
تىنى كەنت - ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش بويىچە سىناق
ئېلىپ بېرىش، ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتى بەرپا قىلىش خىزمىتى

ئىشلەندى . بۇ جەرياندا ۋىلايەت ، ناھىيە ، يېزا ھەم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن كادىرلار نۇقتىدا تۇرۇپ دېھقانلارغا يار - يۆلەك بولدى ، دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، ئورمانچىلىق ، باقمىچىلىق ، باغۋەنچىلىك قاتارلىق تۈرلەرنى يولغا قويۇشى بېكىتىلدى . مۇشۇ يېزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ، تەبىئىي شارائىتى ، ھەربىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئوخشىمىغان شارائىتىغا ، ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۈرلەر بېكىتىلدى ، بەزى ئائىلىلەردە دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، باغۋەنچىلىك ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ھەممىسىدىن تۆت تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى ، ئاز بولغاندىمۇ بىر ئائىلىگە ئىككى - ئۈچتىن تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى ، ئامما كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىنىش ، ئاممىدىن كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئېلىنىش ئارقىلىق ، دېموكراتىك ئاساستا ئىش كۆرۈش يولغا قويۇلدى .

تاشكەنت كەنتىدە دېھقانچىلىقتا ئىلگىرىكىدەك دېھقانلارنىڭ يەر تېرىشىغا ھۆكۈمەت ئارىلىشىدىغان ئەھۋال ئۆزگەرتىلىپ ، دېھقانلار نېمىدىن كىرىم قىلالىسا شۇنى تېرىش يولغا قويۇلدى ، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ھەر خىل ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىپ كىرىم قىلدى ، ئىلگىرى بۇ كەنتتىكى دېھقانلار قىشتا يېڭى كۆكتاتلارنى يېيەلمەيتتى ، ھازىر دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىتىلىپ ، ئۇلار يەن - تېخنىكىغا تايىنىپ پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرىدىغان ، قىشتىمۇ يېڭى كۆكتاتلارنى يېيەلەيدىغان بولدى ، پارنىكتا ئۆستۈرگەن كۆكتاتلىرىنى سېتىپ ، تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى ، ئۇنىڭدىن باشقا چارۋا-مال بېقىش ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ، بۇ تۈرلەردىنمۇ خېلى كىرىم قىلدى . مۇئاۋىن شۇجى ئابدۇراخمان قۇربان مۇنداق دېدى :

«بۇ كەنتتە دېھقانچىلىقتا ئەسلىدىكى ئاشلىق ، پاختا تېرىشتىن ئىبارەت كەسىپنىڭ بىر خىل بولۇشىغا خاتىمە بېرىلىپ ،

كەنتنىڭ يەر ئاز ، ئادەم كۆپ بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، ئاشلىقتا قورساق بېقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش شەرتى ئاستىدا ، نېمە پۇل بولسا شۇنى تېرىش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، 130 دىن ئارتۇق سۇلياۋ پارنىك ياسالدى ، قىشتا سۇلياۋ پارنىكتا سەي ئۆستۈرۈلۈپ سېتىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىر سۇلياۋ پارنىكتىن كۆپ كىرىم قىلغانلار 14 مىڭ يۈەندىن ، ئاز كىرىم قىلغانلارمۇ 4 ـ 5 مىڭ يۈەندىن كىرىم قىلدى ، بۇنىڭ بىلەن قىش پەسلىدە دېھقانلار كۈننى بوش ئۆتكۈزىدىغان ئەھۋال تۈگىتىلىپ ، قىشتىمۇ يازغا ئوخشاش ئالدىراشچىلىق ئىچىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىدىغان بولدى . بولۇپمۇ بۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئېڭى ، بازار ئېڭى زور دەرىجىدە كۈچەيدى . بۇنىڭدىن باشقا ، بۇ كەنتتە يەنە 120 مودىن ئارتۇق يەردە ئۇيغۇر تېبابەت دورىسى تېرىلىپ ، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرى كېڭەيتىلدى . ئۇنىڭدىن باشقا چارۋىچىلىقتا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قەرز پۇلىغا 700 خوتەن قويى سېتىۋېلىنىپ ، دېھقانلار ئائىلە بويىچە خوتەن قويى بېقىشقا تەشكىللەندى ، بۇ قويلار ھازىر بىر ھەسسىدىن كۆپرەك كۆپەيدى ، خوتەن قويىنى بېقىپ ، يۇڭىنى ئىگىرىپ گىلەم توقۇش يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش تۈرى بارلىققا كەلتۈرۈلدى . دېھقانلار يەنە بورداقچىلىق قىلىش ، ئۆردەك ، غاز ، كەپتەر بېقىشنىڭ ھەممىسىگە تەشكىللەندى . باغۋەنچىلىك جەھەتتە ، بۇ كەنتتىكى ئەسلىدىكى بىر سىنتمۇ كىرىم بولمايدىغان 280 مو يەردىكى باغ ئۆزگەرتىلىپ ، ھەر خىل ئۈنۈمسىز دەل ـ دەرەخلەر چىقىرىپ تاشلىنىپ ، مېۋىلىك دەرەخلەر قالدۇرۇلۇپ ، ئۇلاپ سورتى ياخشىلىنىش بىلەن بىرگە ، كەنتنىڭ ئورمان بەلۋاغلىرىغا ، كىچىك ئېرىقلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە يېڭىدىن ياڭاق سېلىنىدى ، بۇ كەنتتە ھازىر بىر نوپۇسقا 12 تۈپتىن ئۆرۈك ، 11 تۈپتىن ياڭاق توغرا

www.uyghurkitap.com

كەلدى. 2000 ـ يىلى يىل بېشىدا ئۇلىغان ئۆرۈكلەر 2001 ـ يىلىدىن تارتىپ مېۋە بېرىشكە باشلىدى. يەنە بەش يىلدىن كېيىن بۇ كەنتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشىدا باغۋەنچىلىك ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش تۈرى بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بۇ كەنتتە نامرات دېھقانلار 10 خىلدىن ئارتۇق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللەندى، ئۆزى قىلالايدىغان، ئەمما دەسمايىسى يوقلارغا دەسمايە سېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلار هۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش يولىغا ماڭدى. بىلمەيدىغانلارغا هۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىتىش سىنىپىدىن 10 ى تەسىس قىلىنىپ، هۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن كۆپ خىل ئىگىلىك ئارقىلىق كىرىمنى كۆپەيتىش يوللىرى كەڭ ئېچىلدى. مۇشۇنداق قىلىش نەتىجىسىدە بۇ كەنتنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 2000 ـ يىلى يىل بېشىدىكى 530 يۈەندىن 2001 ـ يىلى يىل بېشىغا كەلگەندە 807 يۈەنگە يەتتى. 2001 ـ يىلى يىل ئاخىرىغا كەلگەندە 1100 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇ يىلدىن باشلاپ هەر يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمنى مۇشۇ ئاساستا يەنە 300 يۈەندىن ئاشۇرۇشقا ئاساس سېلىندى. بۇ كەنتنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى هازىرقى مۆلچەردە 2005 ـ يىلىغا بارغاندا 2500 يۈەنگە، 2010 ـ يىلغا بارغاندا 3500 يۈەنگە يېتىدۇ.»

مۇئاۋىن شۇجى ئابدۇراخمان قوربان باشچىلىقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى يەنە خوتەن ۋىلايىتى ۋە قاراقاش ناھىيىسىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلاردىن بىر قىسىم پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى دېھقان ـ چارۋىچىلارغا دەرس ئۆتۈشكە تەشكىللەپ، قىشنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى ئېچىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ئەمەلىي قوللىنىدىغان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن قوراللاندۇردى، قىسقىسى، پەن

- تېخنىكىنى دېھقان - چارۋىچىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش، كەنت ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بوسۇش ئېغىزى قىلدى. بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولغان پەن - تېخنىكا بۇ كەنتتە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەربىر قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىردى، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش — بۇ كەنتتىكى كادىرلار ۋە دېھقان - چارۋىچىلار ئارىسىدا ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى. كەنتتىكى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىپ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغان دېھقانلار مۇنداق دېدى:

«1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا كەنتىمىز ناھايىتى نامرات ئىدى، دېھقانلارمۇ ناھايىتى نامراتلىقتا تۇرمۇش كەچۈرگەن، بۇنىڭ سەۋەبى، بىز دېھقانچىلىق جەھەتتە بوغداي، قوناق، پاختىدىن باشقا ھېچقانداق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىيالمىغان، سەي - كۆكتاتمۇ تېرىيالمايتتۇق، 2000 - يىلى مۇئاۋىن شۇجى ئابدۇراخمان قۇربان ۋىلايەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن كەنتىمىزگە كېلىپ، دېھقانلىرىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئائىلىگە قەدەر كىرىپ، ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزنى ئىگىلىدى، ئولتۇرۇپ - قوپۇشتا بىز بىلەن بىللە بولدى، ئائىلىدە ئاكا - ئۇكىدەك، بىر تۇغقاندەك، ئاتا - بالىدەك ناھايىتى ياخشى سىرداشتى، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقەتەن ناچار ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، كەنتىمىزگە نۇرغۇن ياردەملەرنى قىلدى، مەسىلەن، ھۈنىرى بار، ئەمما قىلاي دېسە دەسمايىسى يوق، دەسمايىسى بولمىغاندىكىن ھۈنەر قىلالمايدىغان، تىجارەتكە ئېپى بار، ئەمما دەسمايىگە پۇل بولمىغانلىقتىن تىجارەت قىلالمايدىغان ئەھۋاللار بار ئىدى. مۇئاۋىن شۇجى ئابدۇراخمان قۇربان كەلگەندىن كېيىن گىلەم توقۇيدىغانلارنى ئېنىقلاپ مەبلەغ بەردى، دۇكان ئېپكېلىپ سېتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن گىلەم

توقۇيدىغانلار شۇ مەبلەغدىن پايدىلىنىپ گىلەم توقۇدى، ياغاچچى، بورىچى، سەيپۇڭ، موزدوز دېگەندەك ھەرخىل كەسىپنى بىلىدىغانلارغا مەبلەغ بەرگەنلىكتىن، ھەممىسى شۇ كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللاندى، شۇنىڭ بىلەن ئائىلە تۇرمۇشىمىز ياخشىلاندى.»

دېھقان - چارۋىچىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، تاشكەنت كەنتىدە گىلەمچىلىك، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، تىككۈچىلىك، ساتراچلىق، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، ھەرخىل يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى، دوپپا - تۇماقچىلىق قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسىپلىرى بويىچە تېخنىك تەربىيىلەش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى، نامرات ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بۇ يەردە شاگىرت بولۇپ ئىشلەپ، تېخنىكا ئۆگەندى، كىچىك تېپتىكى بىر دوختۇرخانا سېلىنىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، «ئۈمىد غۇنچىلىرى» ناملىق بىر باللار يەسلىسى قۇرۇلۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى بۇ يەسلىدە ھەقسىز تەربىيىلەندى. دېھقان - چارۋىچىلار ئۈچۈن مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش ئۆيى قۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا بىلىم ئۆگىنىش، پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. تەنتەربىيە مەيدانى ياسالدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقان - چارۋىچىلار كەچتە ئىشتىن يانغاندا ھەرخىل مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزىدىغان بولدى. ھازىر بۇ كەنتتىكى دېھقانلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، چېھرىدىن ھامان شادلىق جىلۋىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن.

# غەربىي چۆللۈكتىكى ئاۋات شەھەر — ئاتۇش

پاتىگۈل مۇھەممەت

بۇ شەھەر قارىماققا قاقاسلىقتەك ، يەنە بىر قارىماققا كىچىك-تەك كۆرۈنسىمۇ مەدەنىيەت ، سودا - سېتىق ئىشلىرى بويىچە دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان ماكان . ئاتۇش ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر سودىسىنىڭ بۆشۈكى دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن ، ئۇ ھەم قىتئەلەر ئارا سوزۇلغان قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ ، يولى ئۇزۇلمەيدىغان سودا كارۋانلىرى شەرق بىلەن غەربى-نىڭ سودا مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ ، چېگرىسىز غايەت زور بازارلارنى بەرپا قىلغان ئىدى ، ئۇنىڭ شانۇ شەۋكىتى گويا ئېقىمى توختىماس دەريادەك بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە داۋاملىشىپ كەلدى ، مەملىكىتىمىزدە بۈيۈك ئىسلاھات يولغا قويۇلغاندىن كې-يىن ، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئاتۇش خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلى-شىپ ، ئەقىل - پاراسىتىنى كەڭ دائىرىدە ئىشقا سېلىپ ، ماڭ-دامدا بىر مۆجىزە يارىتىپ ، زامان رېتىمىغا تېزلا ماسلاشتى ، زور بىر تۈركۈم ئەزىمەتلەر شاۋقۇنلۇق سودا دېڭىزىغا سەكرەپ چۈشۈپ ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كارامىتىنى كۆرسىتىپ ، سودا ئوبوروتىدا ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ياراتتى . 2001 - يىلى ئاتۇشلۇقلار كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان بىر قاتار نەتىجىلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نى قولغا كەلتۈردى ، باغۇەنچىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات كىرىمىنى 8 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بويىچە بىرىنچىلىكنى ئالدى ، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 60 مىليون 781 مىڭ 700 كىلوگىرامغا يېتىپ ، يەنە ئوبلاست بويىچە بىرىنچى قاتاردا تۇردى . چارۋا ـ ماللارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 400 مىڭ 100 تۇياق بولۇپ ، ئوبلاست بويىچە يەنە بىرىنچى قاتاردا تۇردى . ئاتۇش شەھىرىنىڭ ھاۋا كىلىماتى يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تازا باب كېلىدۇ ، شۇڭا ئاتۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ، جۈملىدىن قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چوڭ يېزا ئىگىلىك شەھىرى ، باغۇەنچىلىك بازىسى بولۇپ كەلدى . پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئاتۇش شەھىرى كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ئېكولوگىيىلىك شارائىتقا ئىگە ، يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان ئاتۇش شەھىرى بىر قىسىم يېزا-مەيدانلىرىنى ، بولۇپمۇ ھاۋا كىلىماتى ، يەر شارائىتى پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا باب كېلىدىغان كاتتايلاق يېزىسىنى نۇقتىلىق پاختا بازىسى قىلىپ تۇتۇپ ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى بۇ يېزىنىڭ تۈۋرۈكلۈك كەسپىگە ئايلاندۇردى ، بۇنىڭ بىلەن 1998 - يىلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئېشىپ ، مو بېشى ئوتتۇرىچە مەھسۇلاتى 165 كىلوگىرامغا يەتتى ، پاختىنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 35 % نى ئىگىلىدى ، باغۇەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئاتۇش شەھىرىنىڭ كۆپ خىل كەسىپنى تەڭ يولغا قويۇشتىكى بىر چوڭ تۈرى ، ئاتۇش شەھىرى باغۇەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئالاھىدە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات ئەنجۈر ، ئانار ، مۇناقى ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ ، باغ كۆلىمىنى 36 مىڭ 400 موغا يەتكۈزۈپ ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ ، «ئەنجۈر ماكانى ئاتۇش» دېگەن نامىنى پۇ-

تون مەملىكەتكە تونۇتتى ، قىسقىسى ، پارتىيىنىڭ توغرا سىياسى-
تى ، ئىسلاھاتنىڭ باھار شامىلى پامىر ئېتىكىنىڭ جەنۇبى ، تارىم
ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بۇ شەھەرگە ھەر جە-
ھەتتىن ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى .

ئاتۇش خەلقى سودىغا ماھىر خەلق ، ئاتۇشلۇقلار ھەتتا پۈتۈن
جۇڭگو بويىچە بازارغا ئەڭ بالدۇر يۈزلەنگەن ، جۇڭگو بىلەن
خەلقئارانىڭ سودا يولىنى تۇنجى ئاچقان ، سودىدا رىقابەتكە ، خىر-
ىسقا ، سودىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىغا تاقابىل تۇرالايدىغان
خەلق دېسەكمۇ بەك مۇبالىغە بولماس . ئاتۇش شەھىرىنىڭ باشلى-
قى ئەنۋەر تۇردى مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا بۇ
ھەقتە مۇنداق دېدى :

«ئەسلىدىنلا ئاتۇشلۇقلار سودىغا ماھىر خەلق ، ئاتۇشلۇقلار
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرىلا دادىللىق بىلەن سودا
قايىنىمىغا ئاتلانغان ، ئەينى يىللاردا ئاتۇشلۇقلار شاڭخەي ، گۇاڭجۇ
قاتارلىق جايلارغا كۆپلەپ بېرىپ ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆل-
كىلەرنىڭ سودا يولىنى تۇنجى بولۇپ ئاچقان ، ئىسلاھات-ئېچىۋې-
تىش سىياسىتى ئاتۇشلۇقلارنىڭ سودىدىكى جاسارىتى ، ئەقىل -
پاراسىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى ، بولۇپمۇ ھازىر ئاتۇشنىڭ ئېچىۋې-
تىلگەن ئىككى ئېغىزى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سىرتلارغا چى-
قىپ سودا - سېتىق قىلىپ ، تۇرمۇشنى ياخشىلىشىدىكى مۇھىم
تۈۋرۈككە ئايلاندى . ئاتۇشلۇقلار سودىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىغا
تاقابىل تۇرالايدىغان خەلق ، ئۆتكەن نۆۋەت قىرغىزىستاننىڭ بىش-
كەك شەھىرىدە تور بازىرىغا ئوت كېتىپ ، جۇڭگو بازىرىنىڭ
ئاساسەن ھەممىسى كۆيۈپ كەتتى ، بۇ كۆيگەن ماللارنىڭ 80
پىرسەنتى ئاتۇشلۇقلارنىڭ مېلى ئىدى ، لېكىن نۇرغۇن ئاتۇشلۇق-
لار بۇ زور زىيان ئالدىدا تېگىرقاپ ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى .
ئاتۇشلۇقلاردا يەنىلا ئالغا ئىنتىلىش روھى كۈچلۈك بولغانلىقتىن

نۇرغۇن سودىگەرلەر يەنە مەبلەغ سېلىپ ، قىرغىزىستان ، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى سودىسىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، يۇرت ئۇچۇن ، ۋەتەن ئۇچۇن كۈرەش قىلماقتا . . . »

ئاتۇشلۇقلاردا ھەقىقەتەن مۇشۇنداق يېڭىلىمەس ئىرادە بولغانلىقتىن ، ھازىر ئاتۇش شەھىرىدە سودا ـ سانائەت بازىرى ، يېزا ئىگىلىك ماللىرى بازىرى پەيدىنپەي ئاۋاتلاشتى ، يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ ، 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە رويخەتكە ئالدۇرۇلغان كارخانا 37 گە ، مەبلىغى 137 مىليون يۈەنگە يەتتى ، بازارلارنىڭ سودا سوممىسى ئەسلىدىكى 8 مىليون يۈەندىن بىراقلا كۆپىيىپ ، 45 مىليون يۈەندىن ئاشتى ، سودا بازارلىرىدىكى بىرقانچە خىل ئاساسلىق تاۋارلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىلىرىنىڭ پارچە سېتىش مىقدارىغا تەڭلەشتى .

تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاتۇشنىڭ مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى ، بولۇپمۇ ئاتۇش شەھىرى نامراتلارنى مائارىپ ئارقىلىق يۆلەشتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . شەھەر باشلىقى ئەنۋەر تۇردى مائارىپ ھەققىدە مۇنداق دېدى :

«مائارىپ دېمەك تەرەققىياتنىڭ ئۇلى . مائارىپ بولمىسا ھېچقانداق تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ ، ئاتۇش شەھىرى ئەزەلدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ-مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ ، ھەقىقەتەنمۇ ئاتۇشنىڭ 130 يىللىق مۇكەممەل يېڭى مائارىپ تارىخى بار ، ئۇزۇندىن بۇيان ئاتۇشلۇقلار مائارىپنى سۆيۈپ ، قوللاپ كەلدى ، شۇ نۇقتىدىنمۇ ئاتۇشتىن نۇرغۇن مائارىپچىلار چىقىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتمەكتە ، بىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، بىرىنچىدىن ، دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ

كۆلەمدە ئېچىش ، غەربىي رايونلارنىڭ ماتارىيىنى قوللاش مەبلەغ-
لىرىدىن پايدىلاندۇق ، ئىككىنچىدىن ، بىز ئالدىن بېيىغان مەرد-
پەتپەرۋەر تىجارەتچىلەرنىڭ مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشىغا ئېرىش-
تۇق . . . »

ئاتۇش شەھىرى بەلگىلىك ئىقتىسادىي ئاساس ئارقىلىق نام-
رات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشقا كىرىشى ، ئوقۇشنى خاتىرجەم
تاماملىشىغا شارائىت هازىرلاپ بېرىش بىلەن بىرگە ، يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان دۆلەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلىشنى ئەمەلدىن
قالدۇرغاندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دەۋرنىڭ تەلىپىگە
ماسلىشالمايۋاتقانلىقى ، مەجبۇرىيەت مائارىپىغا بولغان تونۇشى-
نىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقىنى ، ئوقۇغۇچىلاردا ئوقۇشتىن بې-
زار بولۇش كەيپىياتىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى باي-
قاپ ، بۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللاندى :

بىرىنچى ، يېزىلارغا بولغان تەكشۈرۈش ، نازارەتنى كۈچەي-
تىپ ، مەسئۇلىيەتنى ئايرىپ ، ۋەزىپىلەرنى ئايرىدى .

ئىككىنچى ، مائارىپ قانۇنى ھەققىدە كەڭ دېھقان - چارۋى-
چىلارغا بولغان تەشۋىق - تەربىيىنى كۈچەيتىپ ، ئۇلارنىڭ ئىدى-
يىدە ئازاد بولۇشىغا تۈرتكە بولدى .

ئۈچىنچى ، مائارىپ سېلىنمىسىنى يەنىمۇ زورايتىپ ، مائا-
رىپ خىزمىتىنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىكلىكى ، مۇرەككەپلىكىنى ما-
ئارىپ خادىملىرىغا قاتلاممۇ قاتلام چۈشەندۈرۈپ ، چوڭ مائارىپ
ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈردى .

يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەرنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى ، يۇقىرى
ۋە تۆۋەننىڭ تەڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ئاتۇش
مائارىپىدا تىلغا ئالغۇدەك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى . ئالاي-
لۇق ، ئاتۇش شەھىرى ساپا مائارىپى جەھەتتە ئۈلگە تىكلىدى ،
نۇرغۇن بېيىغان تىجارەتچىلەر خۇسۇسىي مەكتەپلەرنى قۇرۇپ ،

نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ قايتا مەكتەپكە كىرىشىگە يول ئېچىپ بەردى .

قىسقىسى ، سىرتقا بالدۇر يۈزلەنگەن سودىغا ماھىر ، ئەمگەكچان ئاتۇش خەلقى كومپارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ سۇنماس ئىرادىسى ئارقىلىق يىراقتا كۆز تىكىپ داداىل قەدەم تاشلىماقتا ، ئىلگىرى كۆزىنى يىراقتا تىككەن ئاتۇشلۇقلار مانا ئەمدى ئاشۇ يىراق يەرلەرگە بېرىپ سودا دېڭىزىدا ئۈزمەكتە .

# يېپەك يولىدىكى گۆھەر ماكان — ئاقسۇ

پاتىگۇل مۇھەممەت

ئاقسۇ ۋىلايىتى ئىسمى - جىسمىغا لايىق سۈيى ساپ، مېۋىلىرىمۇ ساپ، يېشىل يىپەكلىك ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئالدىنقى قاتاردا مېڭىۋاتقان، ئىقتىسادى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان ۋىلايەت، ئاقسۇنىڭ تۇپرىقى تومۇر چوققىسىنىڭ قار - مۇزلىرىدىن ئېرىگەن ساپ سۇدا سۇغۇرۇلىدىغان بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى، نەسلى ياخشى.

ئاقسۇ قەدىمدىن تارتىپ يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ، ئۇ — تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىگە جايلاشقان، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز قاتارلىق كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندۇر.

ئاقسۇنىڭ يېرى كەڭ، تۇپرىقى مۇنبەت، بايلىق مەنبەسى مول، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 197 مىليون 13 مىڭ مو كېلىدۇ، ئومۇمىي نوپۇسى 2 مىليون 140 مىڭغا يېتىدۇ، ئۇنىڭ يەنە مېۋە - چېۋە ماكانى، گۈرۈچ ماكانى، ناخشا ئۇسسۇل ماكانى دېگەن نامىمۇ بار.

ئاقسۇ ۋىلايىتى تەڭرىتېغىنىڭ تومۇر چوققىسى ئېتىكىگە جايلاشقان بولغاچقا، تومۇر چوققىدا يىل بويى يىغىلىپ قالغان

قار ـ مۇزلار كۆپ ، شۇڭا ئاقسۇ شىنجاڭدىكى سۇ بايلىقى كەڭ مول رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . ئاقسۇ يېزا ئىگىلىكى ئاساس قىلىنغان ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، ئورمانچىلىق ۋە قوشۇمچە بېلىقچىلىق قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپلەر تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان رايون . نۆۋەتتە تېرىقچىلىق جەھەتتە ئاساسەن ئاشلىق ۋە پاختىنى مەركەز قىلغان كۆپ مەنبەلىك ئەندىزە شەكىللەندۈرۈلدى . ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن ئاساسلىقى بۇغداي ، شال ، قوناق ۋە پۇرچاق تۈرلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ ، زىرائەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاشلىق - يېزا ئىگىلىك مەھكىمىسى ۋە دۆلەتلىك يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن يېشىل يېمەكلىك قىلىپ بېكىتىلدى .

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم ئاقسۇنى كۆزدىن كەچۈرگەن ئىدى ، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن ، جياڭ زېمىن ، جۇ رۇڭجى قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئۇدا نەچچە قېتىم ئاقسۇنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، ئاقسۇنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشى ۋە كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىم ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇشتەك ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈردى .

ئاقسۇ ۋىلايىتى مەركىزىنىڭ مۇشۇنداق كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا تېخىمۇ غەيرەتكە كەلدى . 2001 ـ يىلىغا كەلگەندە تېرىلغۇ سۈپىتىنى يەنىمۇ سەرخىللاشتۇرۇپ ، ئەلا سۈپەتلىك ئالاھىدە ئاشلىق سورتىنىڭ كۆلىمىنى % 53.7 كە يەتكۈزدى ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 1 مىليون 44 مىڭ 830 توننىغا يەتكۈزۈپ ، كۆلەمنى قىسقارتىپ ، بىرلىك مەھسۇلاتىنى

يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئومۇمىي مەھسۇلاتنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، كېۋەز تېرىش جەھەتتە ئەلا سۈپەتلىك سورتنى تاللاپ تېرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇردى، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك كېۋەز سورتىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى كېۋەز ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 78.4% نى ئىگىلىدى. پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 263 مىڭ 900 توننىغا يەتكۈزۈلدى. مېۋە - چېۋە ماكانى دەپ ئاتالغان ئاقسۇدا ئىشلەپچىقىرىلغان قوغۇن، تاۋۇز، ئالما، نەشپۈت ۋە ئۆرۈكلەرنىڭ سورتى كۆپ ھەم ياخشى، تەمى ساپ بولۇپ، «خوڭ فۇشى»، «ئالتۇن تاج» ئالمىسى ۋە سۇلى نەشپۈتى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئالتۇن مۇكاپاتقا، ئاقسۇ نەشپۈتى بېيجىڭ خەلقئارا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى ۋە 1999 - يىللىق كۇنمىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك يەرمەنكىسىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بوستان مېۋە - چېۋە كەسپىي گۇرۇھى يېڭىدىن يېتىشتۈرگەن جىنلى نەشپۈتى شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. كۇچانىڭ كىشمىش ئۆرۈكى، توقسۇنىڭ مۇناقى ئۈزۈمى، ئاقسۇنىڭ خەسە ياڭىقى قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزگىچە تەمى بىلەن كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ بىردەك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى، 2001 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مېۋە مەھسۇلات مىقدارى 220 مىڭ توننىغا يەتتى. پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە مېۋىلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى بولۇپلا قالماستىن، يەنە تېخى كۆپىنچىلىرى يېشىل يېمەكلىك بولۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق جايلاردا بازار تاپتى. مۇخبىر ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى توغرىسىدا ۋىلايەتنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى فۇجىنكۇينى زىيارەت قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇخبىر : ئاقسۇ شىنجاڭغا نىسبەتەن يېزا ئىگىلىكى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان ۋىلايەت ، سىلەر يېقىندىن بۇيان ئاقسۇنىڭ بۇ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ يەنە قانداق ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردۈڭلار ؟

فۇجىنكۇي : ۋىلايىتىمىزدە كەسىپ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن كەسىپلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى بىرلەشتۈرۈپ ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلدۇق ، باشلامچى كارخانىلارنى قۇردۇق ۋە كۆپەيتتۇق ، ئالايلۇق ، بىزنىڭ يېشىل يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرىمىز ئىچىدە كۇنتو گۇرۇچچىلىك شىركىتى ، توفېڭ پاختا شىركىتى قاتارلىق شىركەتلەر ئۆتكەن يىلى ۋۇۋسكا ئېسىپ قۇرۇلۇپ ، بۇ يىل مەھسۇلاتلىرىنى رەسمىي بازارغا سالدى ، ئارقىدىنلا بىز يەنە جىنگۇ ئاشلىق گۇرۇھى قۇردۇق ، بۇ بىزنىڭ باشلامچى كارخانىلار ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرىمىز ، بۇ كارخانىلار ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ .

ئاقسۇ ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مۇھىم چارۋىچىلىق بازىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . تەبىئىي ئوتلاقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 53 مىليون 80 مىڭ موغا يېتىدۇ .

2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، بۇنىڭدىن كېيىنكى چارۋىچىلىق تەرەققىيات يۆنىلىشى توغرىسىدا ياخشى چارە ـ تەدبىر

ۋە پىلانلارنى كۆرسىتىپ بەردى. ئاقسۇ ۋىلايىتى چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئالدى بىلەن ئوتلاق قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەردى، ئوتلاق كۆلىمىنى ئالدىنقى يىللاردىكىدىن ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ، ئەلا نەسىللىك چارۋا بازىسى قۇرۇشنىڭ بارلىق شارائىتلىرىنى تولۇق ھازىرلىدى، ئەسلىدىنلا سۇ بايلىقى مول، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا باب كېلىدىغان بۇنداق ياخشى شارائىتنى كۆرگەن مۇتەخەسسىسلەر ئاقسۇنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىغا يۇقىرى باھا بەردى. مۇخبىر ئاقسۇنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتى توغرىسىدا جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى لۇشىنشىنى زىيارەت قىلدى.

مۇخبىر: ئاقسۇدا بىرقانچە كۈن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپسىز، سىز بۇ جەرياندا ئاقسۇنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىغا نىسبەتەن قانداق قاراشقا كەلدىڭىز؟

لۇ شىنشى: مېنىڭچە ئاقسۇ ۋىلايىتى ئىنتايىن مول ۋە قىممىتى يۇقىرى ئوتلاق-ئۆسۈملۈك بايلىقىغا ئىگە ئىكەن، بىز بۇنى سورتلۇق ئۆسۈملۈك بايلىقى ۋە نەسىلچىلىك بايلىقى دەپ ئاتايمىز، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە يەم - خەشەك بازىسى قۇرۇش مەسىلىسى، بۇ مەسىلىنىڭ يادروسى: بىرىنچى، يەم ـ خەشەك، ئوت ـ چۆپ بايلىقى، ئىككىنچى، يەر بايلىقى، ئۈچىنچى، تەبىئىي ھاۋا كىلىماتى بايلىقى، تۆتىنچى، ئادەم كۈچى بايلىقى. مانا مۇشۇ تۆت جەھەتنىڭ ھەممىسىدە ئاقسۇ بەلگىلىك ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەن، مېنىڭچە جەنۇبىي شىنجاڭدا، بولۇپمۇ ئاقسۇ ۋىلايىتىدە چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ پايدىسى ۋە شارائىتى كۆپ.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ئاقسۇنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرى ھەقىقەتەن مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، پەن - تېخنىكىلىق ئۇسۇلدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىپ ئەنئەنىۋى چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى ، ئاۋستىرالىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى ، تەۋىتلىق ئۆچكىسى ، تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى ، گۆش كەپتىرى قاتارلىق يېڭى نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى كىرگۈزۈلدى ، 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوتان قالدۇقى 4 مىليون 960 مىڭ 50 تۇياققا ، گۆش مەھسۇلاتى 82 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلدى . «باياۋاندىكى يۇمشاق ياقۇت» دەپ نام ئالغان ئاق تىۋىتلىق ئۆچكە پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ 10 نەچچە يىل پەرۋىش قىلىپ يېتىشتۈرۈشى ، كۆپەيتىشى ئارقىسىدا ئاقسۇنىڭ شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئاق تىۋىتلىق ئۆچكە بازىسى بولۇپ قېلىشىغا تۈرتكە بولدى . بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلغان ئۆچكە تىۋىتىنىڭ سۈپىتى ياخشى ، مىقدارى يۇقىرى بولۇپ ، يۇڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىدە ئىقتىسادىي قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ .

ئاقسۇنىڭ كۆمۈر زاپىسى ئىنتايىن مول ، تۈرلىرى تولۇق ، سۈپىتى ياخشى بولۇپ ، كۆمۈر ئومۇمىي زاپىسى 10 مىليارد 960 مىليون توننىغا يېتىدۇ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ ۋىلايىتى كۇچار ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان ئوقۇر بۇلاق كۆمۈر كېنى نۆۋەتتە غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئەڭ مۇكەممەل ، ساقلانغان زاپىسى ئەڭ كۆپ كۆمۈرلۈك بولۇپ ، يەر ئاستى زاپىسى 1 مىليارد بەش مىليون توننىغا يېتىدۇ ، بۇ كۆمۈرلۈك ھازىر دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق ئېنېرگىيە مەنبەسى قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى . يېقىندا ئاقسۇ ۋىلايىتى جياڭسۇ ئۆلكىسى شۈيجۇ شەھىرى شۈيجۇ كان بايلىقلىرى گۇرۇھى بىلەن مۇددىئانامە ئىمزالاپ ، مۇھىم قارارلار توغرىسىدا رەسمىي كېڭەشىشكە كىرىشتى ، شۈيجۇ كان بايلىقلىرى گۇرۇھى 231 مىليون

215 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 2002 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئوقۇر بۇلاق كۆمۈر كېنى قۇرۇلۇشىنى رەسمىي باشلاشنى قارار قىلدى. بۇ كان رايوننىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 4 مىليون توننىغا يېتىدىغان بولۇپ، بىرىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 90 مىڭ توننىغا يېتىدۇ، بۇ كۆمۈر كېنىنىڭ قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى ئاقسۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆمۈر ئېلېكتر ئېنېرگىيە بازىسى بولۇش ئورنىنى تىكلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى گاۋ لىپىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى:

كۆپچىلىككە مەلۇم، كۇچا ناھىيىسىنى ئاساس قىلغان كۇچا، شايار، توقسۇ، باي قاتارلىق تۆت ناھىيە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مۇھىم تايانچى بولۇپ قالىدۇ. 10 ـ بەش يىللىق پىلانغا ئاساسلانغاندا، كۇچار ناھىيىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مۇھىم كۆمۈرچىلىك، ئېلېكتر كۈچى ۋە نېفىت ـ خىمىيە بازىسى بولۇپ قالىدۇ، ئاقسۇ ۋىلايىتى كۆمۈر كۆپ چىقىدىغان رايون بولۇپ، ھەر يىلى 2 مىليون تونندىن ئارتۇق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ھازىر كۆمۈر زاپىسى 10 مىليارد 960 مىليون توننىغا يېتىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇر بۇلاق كۆمۈر كېنىنىڭ زاپىسى 1 مىليارد تونندىن ئاشىدۇ، ئاپتونوم رايون بۇنىڭدىن كېيىن ئېلېكتر كۈچى جەھەتتىكى تايانچ ئېنېرگىيە مەنبە تۈرىنى كۇچا ناھىيىسىدە قۇرىدۇ، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە كۆمۈر كېتىدۇ، ئەگەر ئوقۇر بۇلاق كۆمۈر كېنى بولمىسا بۇ ئېنېرگىيە مەنبەسى تۈرىنى قۇرغىلى بولمايدۇ، شۇڭا، شۇيجۇ شەھىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئوقۇر بۇلاق كۆمۈر كېنىنى ئېچىش — كۇچا، توقسۇ، باي، شاياردىن ئىبارەت تۆت ناھىيە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ ۋىلايىتىمىزنىڭ تايانچ بازىسى بولۇش ئورنىنى مۇقىملاشتۇ-
رۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە نېفىت ۋە تەبىئىي گازنىڭ زاپىسىمۇ ئوخ-
شاشلا مول بولۇپ ، نوپۇزلۇق تارماقلارنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسلا-
نغاندا كۇچار ، شايار ، توقسۇ ، باي ، ئونسۇ قاتارلىق ناھىيىلەردە
ھازىرغا قەدەر 13 نېفىتلىك بايقالغان ، نېفىت گازى قۇدۇقى 364
كە ، يەر ئاستىدىكى نېفىت زاپىسى 271 مىليون توننىغا ، تەبىئىي
گاز زاپىسى 373 مىليارد 730 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكەن ،
بۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا تارىم ئويمانلىقىدا بايقالغان بولۇپ ،
غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشتىكى مۇھىم ئېنېرگىيە مەنبە-
سى بولۇپ قالغان . ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئىشلىرى ، ئېكولوگى-
يىلىك مۇھىتى ، ئېنېرگىيە مەنبەسى ، قاتناش ، خەۋەرلىشىش ،
شەھەر ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلى-
نىپ ، ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا
تۈرتكە بولدى . ئاقسۇ ۋىلايىتى ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتى ۋە
غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت تېپىلغۇسىز
تارىخىي پۇرسەتكە تايىنىپ ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىغا بولغان ئىستى-
راتېگىيىلىك تەڭشەش قەدىمىنى تېزلەتتى . ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۇر-
غۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچى بىلەن شىنجاڭدىكى تېز تەرەققىي
قىلىۋاتقان رايونلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭ-
نىڭ رايون خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ باشلامچىسى
بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ 21 - ئەسىردىكى ئىقتىسادىنى
ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم تايانچ نۇقتىسى بو-
لۇپ قالغۇسى .

# قىزىلسۇنىڭ تېغى كۆپ، تېغىدىنمۇ بېغى كۆپ

پاتىگۈل مۇھەممەت

مەملىكىتىمىزدە قىرغىزلارنى ئاساس قىلغان ئاپتونوم ئوبلاستتىن پەقەت بىرلا بار، ئۇ بولسىمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ غەربىگە جايلاشقان، چېگرا ئېغىزى ئەۋزەللىكىگە ئىگە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدۇر. مەزكۇر ئوبلاستتا 441 مىڭ 804 نوپۇس بار بولۇپ، قىرغىزلارنىڭ نوپۇسى 130027 گە يېتىدۇ، ئاتۇش، ئاقتۇ، ئۇلۇغچات، ئاقچىدىن ئىبارەت بىر شەھەر، ئۈچ ناھىيە بار.

90 پىرسەنتتىن ئارتۇق زېمىنىنى ئېگىز تاغلار ئىگىلىگەن؛ قىرغىز، خەنزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق ئون نەچچە مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بۇ ئوبلاست كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى نىسبەتەن ناچار، تەرەققىياتى ئاستا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەڭ نامرات رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئوبلاستنىڭ قىرغىزلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئوبلاست ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم ئوبلاست بولۇشتەك ئىككى ئالاھىدىلىكى ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ باشلىقى مەمەت ئاسەن مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئوبلاستنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئوبلاستىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىسمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، چېگرا لىنى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىسسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1170 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ ، ئوبلاستىمىزدا يەنە تورغات ۋە ئۆركەشتامدىن ئىبارەت دۆلەتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىككى چېگرا ئېغىزى ۋە ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىدىكى سودا مەركىزىدىن ئىبارەت 2 ـ دەرىجىلىك چېگرا ئېغىزى بار ، شۇڭا قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى مۇھىم دېيىمىز ، قىزىلسۇ ئوبلاستى دۆلەت تەرىپىدىن يۆلىنىدىغان نامرات ئوبلاست ، چۈنكى بۇ جايدا تېرىلغۇ يەر ئاز ، تاغلىق كۆپ ، تەبىئىي شارائىت ناچار . . .»

ئىگىلىشىمچە بۇ ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت خەلقى دۆلەت نۇقتىلىق يۆلەيدۇ دەپ قاراپ ئولتۇرماپتۇ . «تاغلىق»لارغا خاس غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن بىر ياقىدىن باش ، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ قىزىلسۇنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىپتۇ ، بۇلتۇر بۇ ئوبلاستنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 976 مىليون يۈەنگە يېتىپ ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 4 .23 % ئېشىپتۇ . بۇ ئوبلاست بۇ نەتىجىلەرنى قانداق قولغا كەلتۈردى ؟ بۇنى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن .

بىرىنچى ، تاغنى باغقا ئايلاندۇردى . ئوبلاستنىڭ يەر شەكلى تاغلىق ، مۇرەككەپ بولغاچقا ئوبلاستلىق پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتى رايونلارنىڭ ئەۋزەللىكىگە قارىتا ئىش تۇتۇپ ، ئاتۇش شەھىرى بىلەن ئاقتۇ ناھىيىسىدە باغۋەنچىلىك ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ، ئاقچى ناھىيىسى بىلەن ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىرىشنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتتى . ئالاھىدە بايلىق مەنبەلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ، سەرخىل يەرلىك مەھسۇلاتلارنى راۋاجلاندۇرۇش شوئارى بىلەن يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ ، ساندىن سۈپەتكە ئۆتۈپ ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى . بۇلتۇر ئوبلاست

بويىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 540 مىڭ 525 موغا قىسقارتى-
لىپ، قوشۇمچە زىرائەتلەر 20 نەچچە مىڭ موغا كۆپەيتىلدى،
بارىن ئۆرۈكى، ئاتۇش مۇناقى ئۈزۈمى قاتارلىق سەرخىل مېۋى-
لەرنى ئاساس قىلغان مېۋىزارلىق كۆلىمى 122 مىڭ موغا يەتتى،
يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك بازىسى
22 مىڭ 400 موغا يېتىپ، 518 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ نەسلى
ياخشىلاندى، يېڭىدىن 3200 يۈرۈش ئىسسىق قوتان ياسىلىپ،
1140 ئائىلىلىك چارۋىچى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. دېھقان-
چىلىق رايون چارۋىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىمۇ تېزلىشىپ، باقمى-
چىلىق كەسپى ئائىلىسى 1200 گە كۆپەيدى. يىل ئاخىرىدا
قوتاندا قالغان چارۋا سانى 1 مىليون 444 مىڭ 400 تۇياققا
يېتىپ، 2000 - يىلىدىكىدىن 0.7% ئاشتى.
ئىككىنچى، مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىشتا ئايانمىدى. بۇ
ئوبلاستتىكىلەر ناچار تەبىئىي شارائىتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن دۆ-
لەت ۋە ئاپتونوم رايوندىن ياردەم سوراش، ئۆزلىرى كۈچ چىقى-
رىش شەكىللىرى ئارقىلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى ۋە خەلق ئىگى-
لىكىگە پايدىلىق مۇھىم قۇرۇلۇشلارنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ
بېرىپ، مۇقىم مۈلۈكنىڭ مۇقىملىشىش نىسبىتىنى ئاشۇردى،
بولتۇر ئوبلاست بويىچە مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 250
مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000 - يىلىدىكىدىن 5.1% ئاشتى.
دۆلەتتىن ئېلىنغان قەرز مەبلىغى 89 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە
يېتىپ، 2000 - يىلىدىكىدىن تۆت ھەسسە ئاشتى. ھازىر بۇ
ئوبلاستتا يەنە 250 مىڭ مولۇق ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك
بازىسى قۇرۇش، يېزا ئېلېكتر تورلىرىنى ئۆزگەرتىش، شەھەر-
لەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىۋېتىش،
ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، مەركىزىي قان پونكىتى قۇ-
رۇش، چوڭ تىپتىكى سۇغىرىش رايونىنى ئۆزگەرتىش، تېجەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇغىرىش ، ئەلا سۈپەتلىك پاختا بازىسى بەرپا قىلىش ، يايلاق ئېكولوگىيىسىنى تۈزەش ۋە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئىشلىنىشىگە 125 مىليون يۈەن قۇرۇلۇش مەبلىغى چۈشۈرۈلدى . ئوبلاستلىق دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى قاتارلىق بىر قىسىم نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردا ئىش باشلاندى . توقاي سۇ ئامبىرى ، ئوبلاستلىق مەدەنىيەت مەركىزى ، دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى بىلەن ئىشلىنىدىغان تارىم ئىككىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈرلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولماقتا ، ئۆي ـ زېمىن مۈلۈك كەسپىدە قولغا كەلگەن تىجارەت سوممىسى 53 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ، 2000 ـ يىلدىكىدىن % 16 .5 ئاشتى .

ئۈچىنچى ، يەككە ، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە چېگرا سودا ئىشلىرى جانلاندى . بۇ ئوبلاستنىكى تورغات ۋە ئۆركەشتامدىن ئىبارەت ئىككى چېگرا ئېغىزى ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرىدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە . ئۇنىڭدىن باشقا ئاتۇشلۇقلارنىڭ سودىغا ماھىر دېگەن نامى بار . بۇ ئوبلاست بۇ ئەۋزەللىكلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ ، يەككە ، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە چېگرا سودا ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇردى ، بۇنىڭدا سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا سىياسەت ، مەبلەغ ۋە باشقا جەھەتلەردىن كەڭ ئېتىبار بېرىلدى ، بۇلتۇر ئوبلاست بويىچە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانا 48 گە ، بۇ كارخانىلاردا ئىشلەۋاتقانلار 926 نەپەرگە ، يەككە سودا ـ سانائەتچى ئائىلە 5718 گە يەتتى . بۇ سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ بىر قىسمى قىرغىزىستان ، ئۆزبېكىستان ، قازاقىستان قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەر بىلەن مال سودىسى قىلىپ ، ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنى جانلاندۇردى . ئىگىلىكنىڭ

جانلىنىشىغا ئەگىشىپ ، ئىستېمالمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى . بۈلتۈر ئوبلاست بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇ- مىي سوممىسى 248 مىليون يۈەنگە يېتىپ ، 2000 - يىلدىكى- دىن 6.9 % ئاشتى .

تۆتىنچى ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئىزچىل تۇتتى . بۇ ئوبلاست تىپىك نامرات رايون بولغاچقا ، نامراتلارنىڭ سانىمۇ كۆپ ئىدى ، ئوبلاست بويىچە نامرات ئائىلە 67 مىڭ 791 گە ، نامرات نوپۇس 334 مىڭ 47 گە يېتەتتى . ئوبلاستلىق پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ سۈپىتىدە چىڭ تۇتتى . نامراتلارنى كەسپلەر بويىچە يۆلەش ، مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈپ يۆلەش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللى- نىپ پائال يۆلىدى . تەكشۈرۈپ سىياسىتىنى يولغا قويۇپ ، نېمە يول بولسا شۇنى تېرىپ ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېز- لەتتى ، يەنى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، باقمىچىلىقنى تەڭ را- ۋاجلاندۇرۇش ، ساياھەتچىلىكنى يانداش ئېلىپ بېرىش ئىستراتې- گىيىسىنى يولغا قويغاندىن كېيىن ، ئوبلاستنىڭ ئەھۋالى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى ، ئۇلار يېقىندا مىڭدىن ئارتۇق كادىرنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ ، بىر كادىر بىر نامرات ئائىلىگە مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئورناتتى ، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بول- دى . دەل مۇشۇنداق چارە - تەدبىرلەرنىڭ تۈرتكىسىدە ، يىل ئاخىرىدا 3320 ئائىلە ، 13668 نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلدى .

قىزىلسۇدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەرقايسى ساھەلەردە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەچكە ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ : «قىزىلسۇنىڭ تېغى كۆپ ، تېغىدىنمۇ بېغى كۆپ» دەپ شادلىقى- نى ئىپادىلەشتى . كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇشى ئۈچۈن ئىرادە تىك- لەشتى ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرى ئۈچۈن پىلان تۈزۈشتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى

# ياشىسۇن ساخاۋەت قۇرۇلۇشى

## پاتىگۈل مۇھەممەت

شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن ئۇتلۇق قۇياشنىڭ ئىللىق نۇر دولقۇ-نى 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى ياشىغان ئەزىزانە قەشقەر دىيارىدىكى 3 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىنى يورۇتتى. دەل ئاشۇ ئىللىق قۇياشنىڭ كۈچ-لۈك تەپتىدىن دىللىرى يايرىغان سانسىزلىغان جان ئىگىلىرى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ رىغبىتىدە ئانا زېمىن - مۇنبەت تۇپراق ئۈستىگە جاپالىق مېھنىتى بىلەن تەر تامچىلىرىنى ئاققۇزۇپ، تەسىرلىك داستانلارنى يېزىپ قالدۇردى. . .

مەن مانا مۇشۇنداق ئاجايىپ مۆجىزىلەر يارالغان تۇپرىقى تۇتىيا-گۆھەر زېمىن باغرىدا مۇخبىرلىق قىلىۋېتىپ، ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئىش بولغان ساخاۋەت قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈشكە مۇيەسسەر بول-دۇم.

قەدىمىي كارۋان يولىدىكى ئاساسلىق بازارلارنىڭ بىرى بول-غان يېڭىسارىدا ئەجدادلىرىمىز ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، تەبىئەت بىلەن بوشاشماي كۆرەش قىلىپ كەلگەن. ئىلگىرى بۇ جايدا سۇنىڭ قىسلىقى تۈپەيلىدىن مۇنبەت ئېتىزلار قۇرۇپ، چاك

ـ چاك يېرىلىپ كېتەتتى ، زىرائەتلەر سۇسىز ، دەل-دەرەخلەر سۇسىز قالاتتى . كۆل سۈيى ئىچىپ كېلىۋاتقان دېھقانلارنىڭ بېشىغا قىش ، ئەتىياز پەسىللىرىدە غەم چۈشەتتى ، ئۇلار غازاڭلار چۈشۈپ سارغىيىپ كەتكەن سېسىق ، قۇرتلۇق سۇلارنى ئىچىشكە مەجبۇر بولاتتى ، مانا مۇشۇنداق بۇلغانغان سۇنى ئىچىش سەۋەبى-دىن كېسەلگە گىرىپتار بولغان جانلار ئەجەل سىرتمىقىدىن قۇتۇ-لالماي بىئەجەل ئۆلۈپ كېتەتتى . . .

يېڭى دەۋر تېڭى بىلەن يېڭىسارلىقلارنىڭ يېڭى ھاياتى باشلاندى . ئىسلاھات شامىلى بۇ زېمىننى ئويغاتتى ، يېڭىسارلىق-لار «يېڭىسار» روھىنى جارى قىلدۇرۇپ يېڭى كۈرەش قاينىمىغا شۇڭغۇپ ، تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن بولغان يېڭىلىقلارنى ياراتتى . جۈملىدىن قىزىل ، توپۇلۇق ، سۆگەت يېزىلىرىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۆز يۇرتلىرىدا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى . ئىسلاھاتنىڭ جاراڭلىق گۈدۈكى بىلەن ئويى-غانغان يېڭىسار ناھىيە سۆگەت يېزا خەلقى 1986 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بېيجىڭدىن كەلگەن شەپقەت ئەلچىسى لىن جىيامېي خانىمنى كۈتۈۋالدى . لىن جىيامېي خانىم بۇ قېتىم بۇ يەرگە جۇڭگو بالىلار تەرەققىياتى مەركىزىنىڭ مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ تۇرمۇشى ، ئەمگەك ـ ساغلاملىق ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى كەلگەنىدى .

لىن جىيامېي خانىم ئاپتونوم رايون ، ۋىلايەت ، ناھىيە رەھ-بەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ ئېگىشىپ ئولتۇرۇپ ، سۇغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى . سۇدا نۇرغۇن قۇرتلار ، لەيلەپ يۈرگەن غازاڭلار بولۇپ ، سۇنىڭ رەڭگى ساپسې-رىق ئىدى ، شۇ ئەسنادا بىر ئايال قاپىقىنى يۈدۈپ سۇ ئالغىلى كەلدى . كۆلنىڭ بىر تەرىپىدىن بىر ئات ، ئىككى ئېشەك سۇ ئىچىۋاتاتتى ، بۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن لىن جىيامېي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خانىم خېلى بىر ھازاغىچە پاسكىنا سۇغا قاراپ ، ئېغىزى گەپكە كەلمەي سۇكۇتــتە تۇرۇپ قالدى . لىن جىيامېي خانىم بۇ كەنت-تىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە كېلىپ ، 300 گە يېقىن ئوقۇغۇچىنى توپ مەيدانىغا قاتار تىزىلدۇرۇپ ، بىرلىكتە كەلگەن دوختۇرلار بىلەن ئۇلارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەكشۈردى ، تەكشۈرۈشتە 32 خىل كېسەللىك بايقالدى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوزۇقلۇق يېتىش-مەسلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قارا تەمرەتكە كېسىلى 65% نى ئىگىلىگەن ئىدى ، مەزكۇر يېزىدىكى دېھقان موللىنىياز ئەينى چاغدىكى قىيىن كۈنلەرنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى : «ئەينى چاغدا ئات ـ كالىلار بىلەن بىر كۆلدىن سۇ ئىچەتتۇق ، سۇدىكى قۇرتلا-رنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئامالسىز ئىچەتتۇق ، بالىلىرىمىنىڭ ھەممىسى ئوزاق مۇددەت مەينەت سۇ ئىچىش ۋە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن بەدىنىنى تەمرەتكە بېسىپ كەتكەن ئىدى ، داۋالىتىشقا ئىقتىسادىي ئەھۋالىم يار بەرمەيتتى ، چۈنكى ، سۇنىڭ قىسلىقى-دىن ئېتىزلىرىمىز قۇرۇپ ، تۈزۈك ھوسۇل ئالالمايتتۇق» .

شۇنداق ، بۇ كەنتنىڭ شۇ چاغدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى ئاران 126 يۈەن تۇرسا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىقتا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلىيەلمىسە ، يەنە تېخى بۇلغانغان سۇنى ئىچىۋاتسا ، سالامەتلىكتىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن ؟

لىن جىيامېي خانىم بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېي-يىن : «ئەگەر مەن بۇ يەردىكى خەلققە بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرەلمىسەم ، ئۆلۈپ كەتسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ» دەپ قەسەم ئىچتى . ئۇ قەسەمنى ئىشقا ئاشۇردى . ئۇ بېيجىڭغا كېلىپلا سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكى قاتارلىق تارماقلارغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ ، 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قىلدى ، ئاپتونوم رايون ، ۋىلايەت 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى ، مانا شۇنىڭ بىلەن 36 كەنت ، 197 مەھەللىدە ئىچىملىك سۇنى ياخ-

شلاش قۇرۇلۇشى باشلاندى . . .
سۇ — ئىنسانىيەت ئۈچۈن قان ، پاكىز سۇ — ھاياتلىق ۋە سالامەتلىكنىڭ ئانىسى ، ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش ئىنتايىن شەرەپلىك ، ئەمما جاپالىق خىزمەت . يېڭىسار ناھىيىسى رەھبەرلىكى ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ چىڭ تۇتتى . تېخنىك خادىملار قۇرۇلۇش ئورنىدىن ئايرىلماي ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى ، سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلدى . مەبلەغنى ئۆز جايىدا ئىشلىتىپ ، ئۇنۇم بولۇشنى قولغا كەلتۈردى . ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى ، بىر مەركىزىي توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلدى ، سۇ تەقسىملەش زاۋۇتى قۇرۇلدى .
1989 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كەچ سائەت توققۇزدا قىزىل يېزىسى خەلقى تۇنجى قېتىم نۇرلۇق توك لامپىسى يورۇتتى . شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەڭ يىراق كەنت 9 ـ كەنتكە توك ئاپىرىلىپ تۇرۇبىلاردىن شارقىراپ سۇ چۈشتى . 1989 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈچ يېزىنىڭ ھەممىسى توكلىشىپ ، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى . قىزىل يېزىسىنىڭ باشلىقى مۇتەللىپ مۇنداق دېدى : «يېزىمىزنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل بولغاندىن كېيىن ، توك مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى . ئىلگىرى جىن چىراغ يېقىشقىمۇ قۇربىتى يەتمەيدىغان دېھقانلىرىمىز مانا ئەمدى كېچە ـ كۈندۈز توك ياندۇرالايدىغان ، تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بولدى . بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىمۇ مەنىلىك ئۆتىدىغان بولدى .»
مانا بۇ قۇتلۇق مىنۇتتىن باشلاپ ، زامان ـ زامانلاردىن بۇيان بۇلغانغان سېسىق سۇ ئىچىپ كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلالماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلگەن دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە تۇنجى نۆۋەت جۇمەكلەردىن شار-قىراپ چۈشكەن سۇنى ئىچىپ يۈرەك ـ باغرى قېنىشقا باشلىدى. 1987 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى ئېلىپ بېرىلغان بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى. بىرىنچىدىن، قىزىل، تو-پۇلۇق، سۆگەت يېزىسىدىن ئىبارەت ئۈچ يېزىدىكى 50 مىڭغا يېقىن ئادەمنىڭ، 80 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل بولدى، ئىككىنچىدىن، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن قۇدۇق سۈيى بىلەن 10 مىڭ مو يەرنىڭ قۇرغاقچىلىق پەيتىدىكى سۇ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى، ئۈچ يېزا بويىچە 20 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئىمكانىيەت يارىتىلىپ، بىر قۇدۇق قېزىلغان ھامان ئۈنۈمى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ھەم ئادەم، ھايۋانلارنىڭ ئىچىملىك سۈيى، ھەم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى سۇ قىيىنچىلىقى تەڭ ھەل قىلىندى، ئۈچىنچىدىن، يەرلىك كېسەللىكلەر ۋە يۇ-قۇملۇق كېسەللىكلەر كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ، دېھقانلارنىڭ ساغ-لاملىقى ئاشتى، شارائىتى ياخشىلاندى.

شۇنداق، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان تەپسىلاتلار ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى تۇنجى ئېلىپ بېرىلغان يېڭىسار ناھە-يىسىنىڭ بۈگۈنكى يېڭى قىياپىتىنىڭ كىچىككىنە كارتىنىسى، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن ئىللىق قۇياشنىڭ كۈچلۈك تەپتى مانا مۇشۇنداق مىڭلىغان قەلبلەرنى نۇرلاندۇرۇپ، بەخت بۇلىقىدىن زەم ـ زەم ئىچىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەردى. پارتىيىمىزدىن ئىبارەت بۇ نۇرلۇق قۇياش ھەر مىللەت خەلقىگە تېخىمۇ ئېسىل ھايات، گۈزەل تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بەرگۈسى!

# ماھارەتلىك مەكتەپ باشقۇرغۇچى

## پاتىگۈل مۇھەممەت

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە كېلىشىمگە، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى: «ھازىر ئۇچتۇرپان ناھىيىمىزدە تايانچ كادىرلىرىمىز ئاياللاردىن بولۇپ قالدى، ئۇچتۇرپان ئاياللىرىنى سەل چاغلىماڭ جۇمۇ» دەپ چاقچاق قىلدى، ئەمەلىيەتتە بۇ چاقچاق ئەمەس ئىدى، ھەقىقەتەن ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە نۇرغۇن ئاياللار يولباشچى بولۇپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئىش ئورنىدا بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋېتىپتۇ. مەن بۇ يولباشچىلار ئارىسىدىن ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى رەيھانگۈل شېيىخنى زىيارەت ئوبيېكتى قىلىپ تاللىۋالدىم. مەن ئۇنى ئىزدەپ 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە بارغىنىمدا، ئۇ پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ تەشۋىقات پائالىيىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ئىكەن، دەماللىققا بويىنىغا قىزىل گالىستۇك تاقاپ، باللار بىلەن تەڭ پىئونېرلار مارشى ئېيتىۋاتقان بۇ كىچىك پېئىل ئوقۇتقۇچىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگىلى تاس قالدىم.

رەيھانگۈل شېيىخ ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر تەربىيىچى، بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى، شۇڭا مەن ئالدى

www.uyghurkitap.com

بىلەن زىيارەتتىمنى ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدىن باشلىدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا مۇنبەردىكى ھەر بىر ئوقۇتقۇچىسىغا ھەۋەس قىلىدىكەن، مەنمۇ قاچان شۇلارغا ئوخشاش مۇنبەرگە چىقىپ دەرس ئۆتەرمەن، دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن. كېيىن ھەقىقەتەن ئويلىغىنىدەك ئۆزى ئارزۇ قىلغان خىزمەتكە ئېرىشىپتۇ، خىزمەتكە چىققان بىرىنچى كۈندىن ئېتىبارەن چوقۇم ياراملىق ئوقۇتقۇچى بولىمەن دېگەن ئىرادىنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

ھەقىقەتەن رەيھانگۈل شېيىخ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلغان، ئۇ 20 نەچچە يىللىق خىزمەت تارىخىدا ئىزچىل تۇردە باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپ مۇدىرى، ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات گۇرۇپپىسى باشلىقى، مەكتەپ پىئونېرلار ئەترىتى تەربىيىچىسى، مۇئاۋىن ئىلمىي مۇدىر، ئىلمىي مۇدىر، مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك ھالدا جاپالىق ۋە شەرەپلىك خىزمەت قىلىپ كەلگەن، تەشكىل ئۇنىڭ قاتتىق مەسئۇلىيەتچانلىقى، كۈچلۈك باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەش قابىلىيىتى، بىلىم ۋە كەسپىي ساپاسى، ئىزدىنىش روھىغا ئاساسەن 1996 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇنى بىرىنچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق خىزمىتىگە تەيىنلىگەن، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى، مەجبۇرىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلغان. ئۇ ئۆز مەجبۇرىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا ماڭا مۇنداق دېدى:

«بۇ مەكتەپ ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ، شۇڭا بىزنىڭ زىممىمىزدىكى يۈك بىرقەدەر ئېغىر، يۇقىرىنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىمۇ بىرقەدەر چوڭ، مۇشۇ ئۈمىدلەرنى ئاقلاش ئۈچۈن بىز رەھبەر بولغۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە تەلەپنى يۇقىرى قويۇپ، ئۆز ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق

ئامىنغا باشلامچى بولۇشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئاما رەھبەرنى ئۇلگە قىلىپ، خىزمەتتە ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

ھازىرقى ئوقۇغۇچىلار كەلگۈسىدە ھەرقايسى سەپلەرنىڭ قورغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرى بولىدۇ. كىم ياشلارنى قولغا كەلتۈرسە، شۇ كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ. شۇڭا بۇ خىزمەتنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىستراتېگىيىلىك يۇكسەكلىكتىن تونۇپ، مەكتەپتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، كەڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ياشلارنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد ئىزباسارلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش كېرەك.» مانا بۇ رەيھانگۈل شېيىخنىڭ خىزمەتتىكى باش مىزانى ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا قويغان تەلىپى. ئۇ ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىمۇ مانا مۇشۇنداق قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئىشلەشكە ئادەتلەنگەن، دەل ئۇنىڭ مۇشۇنداق قاتتىق تەلەپلىرى ئارقىسىدا، بۇ مەكتەپتىن نۇرغۇن ئوقۇتۇش ماھىرلىرى يېتىشىپ چىققان.

ئۇ ئوقۇتقۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇشتىن تاشقىرى يەنە ئوقۇغۇچىلارغىمۇ كوممۇنىستىك غايە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى كۈچەيتىپ، مەكتەپ تەربىيىسى، ئائىلە تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، دۇنيا قارىشى ۋە قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، جەمئىيەتتىكى بەزىبىر ناچار كەيپىياتلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر قىلىشىنى توسقان.

ئوقۇغۇچىلارنى توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەشكە يېتەكلەش ۋە ياردەم بېرىش — باشلانغۇچ مائارىپىنىڭ مۇھىم ھالقىسى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دىنىي كۈچلەر باش كۆتۈرۈپ، دىنىنىڭ مائارىپقا سوقۇنۇپ كىرىش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەنىدى. رەيھانگۈل شېيىخ بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھمىيەت بېرىپ ، مەكتەپنى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشتىكى مۇستەھكەم بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىدۇ ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارغا : «پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ ، سوتسىيالىزم ئېتىقادىدىن تەۋرەنمەي ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ سىياسىي ، مەدەنىيەت بازىرىمىزغا سوقۇنۇپ كىرىشىگە قەتئىي يول قويماسلىقىمىز ، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرىغا خاس خىسلىتىمىزنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ ، ئوقۇغۇچىلارغا ھەر جەھەتتىن ئۈلگە بولۇشىمىز لازىم» دەپ تەربىيە بېرىدۇ .

رەيھانگۈل شېيىخ بىر رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتى بەلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ۋەتەننىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى يارىتىدىغان ۋە قوغدايدىغان ئىزباسارلارنى تەربىيەلەشتە تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈش - ئۆتمەسلىكى دۆلەتنىڭ گۈللىنىش - گۈللەنمەسلىكى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ئىدى . ئۇ ھەمىشە مۇنداق دەيتتى :

«مىللەتلەر ئۆزئارا ئىناق - ئۆم ئۆتكەندە جەمئىيەت مۇقىم بولىدۇ ، جەمئىيەت مۇقىم بولسا دۆلەت ئالغا باسىدۇ ، خاتىرجەمسىز جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس .»

رەيھانگۈل شېيىخ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقىدا ئامىمىغا ياخشى باشلامچى بولغان ، ئۇ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ-خەلقنى سۆيۈپ ، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىپ ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ئارمىيە - خەلق ئارىسىدىكى دوستلۇققا مۇستەھكەم ئاساس سالغان ، ئۇنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن مەزكۇر

مەكتەپ ئۆتكەن يىلى ناھىيىلىك چېگرا مۇداپىئە ساقچى ئەترىتى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان.

«مەن كىچىكىمدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر قورۇدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، شۇڭا كىچىكىمدىن باشلاپلا ھەر- قايسى مىللەتلەر تەقدىرداش، ھەمنەپەس، قەلبداش بولۇشى كې- رەك ئىكەن، دېگەن ئىدىيە قەلبىمدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، كېيىن مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، بىر ئائىلىدە ئىناقلىق بول- مىسا، بۇ ئائىلىنىڭ ئالغا بېسىشىغا تەسىر يېتىدىكەن، شۇنىڭغا ئوخشاش دۆلىتىمىزدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە مىللەتلەر ئىناق بولمىسا، دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشىگە تە- سىر يېتىدىغان گەپ، بىز ئۆتكەن يىلى ناھىيىلىك چېگرا مۇداپى- ئە ساقچى ئەترىتى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتۇق، شۇ- نىڭدىن ئېتىبارەن بىز ھەر ئىككى تەرەپ دوستلۇقىمىزنى قەدىر- لەپ، ھەر يىلى تەجرىبە - پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز.»

رەيھانگۈل شېيىخنىڭ باشلامچىلىقى، تەلەپچانلىقى، ئوقۇت- قۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا بۇ مەكتەپ 1999 - يىلى 4 - ئايدا ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن، رەيھانگۈل شېيىخ مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر تەربىيىچى، مۇنەۋۋەر مائارىپچى دېگەنناملارغا ئېرىشكەن، رەيھانگۈل شېيىخنىڭ ئاددىي خىزمەت ئورنىدا تەر ئاققۇزۇپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى نۇرغۇن كىشىلەرنى تە- سىرلەندۈرگەن ھەم ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئاشۇرغان، ئەمما رەيھانگۈل شېيىخ بۇ شەرەپلەر بىلەنلا قانائەتلەنمىگەن، ئۇ ماخ- تاش سۆزلىرى ئالدىدا ئىككىلەنمەي مۇنداق دەيدۇ:

«مېنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىم تەشكىلنىڭ، خىزمەتداش- لىرىمنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىدىن خېلىلا يىراق، مەن تېخى بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەرەپكە لايىق ئىش قىلالمىدىم .»

كەمتەرلىك ئادەمنى ئالغا باستۇرىدۇ . رەيھانگۇل شېپىخقا ئوخشاش كەمتەرلىكنى ئۆزىگە دوست تۇتقان ، ئۇلۇغ غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن بىر مائارىپ خادىمىنىڭ تەربىيىسى ۋە پەرۋىشى ئارقىسىدا يەنە نۇرغۇن مائارىپچىلىرىمىز يېتىشىپ چىقىدۇ ، ئاشۇ يېتىشىپ چىققان مائارىپچىلار قوشۇنىمىز بولغاندىلا بىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىمىز يېپيېڭى داغدام يولغا چۈشۈپ ، كۈنسېرى ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ .

# گۆرۈچ ماكانىدا شادلىق

پاتىگۈل مۇھەممەت

«ئۈنسۇ» دېگەن ئىسىم تىلغا ئېلىنسىلا، كىشىلەر ئالدى بىلەن ئۈنسۇنىڭ گۆرۈچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. تەڭرىتېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، تۆمۈر چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان، ئاران 200 مىڭ نوپۇسى بار ئۈنسۇ ناھىيىسى گەرچە كىچىك چېگرا ناھىيە بولسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئوردىغا تارتۇق قىلىنىدىغان گۆرۈچ ئىشلەپچىقىرىدىغان «گۆرۈچ ماكانى» دېگەن نامغا مۇيەسسەر بولغان. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۈنسۇ ناھىيىسىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا شال تېرىلىشقا باشلىغان، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئۈنسۇ گۆرۈچى ئوردىغا تارتۇق قىلىنغانىكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بولۇپمۇ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئۈنسۇ گۆرۈچىنىڭ تېخىمۇ داڭقى چىقىپ، مەخسۇس كونتۇ گۆرۈچچىلىك چەكلىك پاي مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ شىركەت ئىشلەپچىقارغان كونتۇ ماركىلىق بىر يۈرۈش گۆرۈچ شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىچىدىكى داڭلىق يېشىل يېمەكلىككە ئايلاندى ھەم شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر AA دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك گۆرۈچى بولۇپ قالدى. مەن 2002 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى مەزكۇر شىركەتنىڭ دىرېكتورى چېن يۇچۈننى زىيارەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلدىم . چىن يۈچۈن شىركەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

شىركىتىمىز 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قۇرۇلغان ، ھازىر شىركىتىمىزنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 50 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ ، ھازىر بىزنىڭ دائىرىمىزدىكى شال تېرىلغۇ كۆلىمى 150 مىڭ مودىن ئاشىدۇ ، يىلىغا 70 مىڭ توننىدىن ئارتۇق گۈرۈچ ئىشلەپچىقىرىمىز ، نۆۋەتتە بۇنىڭ 90 پىرسەنتى ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىلا سېتىلىپ تۈگەۋاتىدۇ .»

1998 ـ يىلى ئۈنسۇ «جۇڭگو گۈرۈچ ماكانى» دېگەن نامغا ئېرىشتى ، ئۈنسۇ گۈرۈچىنىڭ بۇنچىلىك شۆھرەت قازىنىشىدا تۇپراق شارائىتى ۋە سۇ بايلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ ، بۇ خىل رايون ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشتا ، ئۈنسۇ ناھىيىسى پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسەتلىرىنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، يۇقىرى باشلىنىش ، يۇقىرى سۈپەت بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ ، سورتى ئالاھىدە ، سۈپىتى يۇقىرى ، كۆلىمى زور بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى . ئۈنسۇ دېھقانلىرى ئىلگىرى سانغىلا ئېتىبار بېرىپ ، سۈپەتكە سەل قارىغانلىقتىن ، گۈرۈچتىن مول ھوسۇل ئالغان بولسىمۇ سېتىپ چىقىرالماسلىقنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقانىدى . ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق ، بۇ مەسىلىنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ زىيادە كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولماستىن ، بەلكى بازار ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سورتلارنىڭ ئىنتايىن كەمچىل ئىكەنلىكىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى تونۇپ يېتىپ ، سورتلارنى سەرخىللاشتۇرۇش ئارقىلىق كەسپلىشىشنى يېتەكلەش ، كەسپلەشتۈرۈش ئارقىلىق بازار تېپىش يولىغا قاراپ ماڭدى ، سۈپەت ياخشىلانغاندىن كېيىن خېرىدارلار تەبىئىيلا كۆپەيگىلى تۇردى ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەر ۋە ئۆلكىلەر دەرھال

شىركەت بىلەن سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىدى ، شىركەت دىرېكتورى چېن يۈچۈن بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى :

«بىزنىڭ مەھسۇلاتىمىز ئالدىنقى يىلدىن باشلاپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرگۈزۈلدى . مەھسۇلاتىمىز ئالدى بىلەن شاڭخەي شەھىرىگە كىرگۈزۈلدى ، ھازىر شاڭخەينىڭ چوڭ تاللا بازارلىرىدا بىزنىڭ گۈرۈچلىرىمىز ئىچكىرىنىڭ گۈرۈچلىرىدىن ئىككى ھەسسە يۇقىرى باھادا سېتىلىۋاتىدۇ ، يېقىندا بىزنىڭ گۈرۈچىمىز يەنە شاڭخەي ئارقىلىق بېيجىڭ ، شېنجېن قاتارلىق شەھەرلەرگە كىرگۈزۈلدى . . . »

شالدىن ئىبارەت بۇ كوزۇر مەھسۇلات ئۆز نوپۇزىنى تىكلىدى ، ئونسۇ دېھقانلىرىمۇ شالچىلىقتىن ئىبارەت بۇ كەسىپتىن نەپكە ئېرىشىپ ، ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى تېتىدى ، يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن ، كىچىكلىكتىن زورايغان ، تارقاقلىقتىن كۆلەملەشكەن ئونسۇ گۈرۈچى تىللا تۆكۈلىدىغان مۇھىم تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندى ، بىز مانا بۇ نەتىجىلەر ئارقىلىق ئونسۇ گۈرۈچىنىڭ تارىخىغا نەزەر سېلىپ باقايلى . . .

مەملىكەت بويىچە ئەلا سورتلۇق شال ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولغان ئونسۇ ناھىيىسى بۇ شەرەپكە ئاران 1998 ـ يىلىلا مۇيەسسەر بولالىدى ، شال تېرىش جەھەتتە 100 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە ئونسۇ ناھىيىسىدە 80 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى شالنىڭ تېرىلىش كۆلىمى ۋە مەھسۇلات مىقدارى ھازىرقىدىن بەش ھەسسە ، 90 ـ يىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئارقىدا تۇراتتى ياكى تېرىلغۇ كۆلىمى كۆپ بولسىمۇ شالنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 100 كىلوگرام ئۆپچۆرىسىدە ئايلىناتتى ، بۇ مەزگىلدە شالدىن يۇقىرى مەھسۇلات ، يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىش تەسكە چۈشكەن ئىدى . خەلق ئاممىسى تارىخنى يارانقۇچىلاردۇر ، ئەڭ كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە باشتىن ـ ئاخىر ۋەكىللىك قىل-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

لىپ ، ھەممىدە خەلق ئاممىسىغا تايىنىش — پارتىيىمىزنىڭ پارتىيە قۇرۇش ئاساسى ، غەلىبە قىلىشتىكى مەنبەسى . 70 - يىللاردا تۇجۇپىلەپ تېرىش يولغا قويۇلمىغانلىقتىن ، گۇرۇچنىڭ كۆلىمى بولسىمۇ ئۇنۇمى بولماي ، قورساق تويغۇزۇشتىكى بىر خىل ماددىي ئېھتىياجغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان خەلق ئاممىسىنىڭ تۇپ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن توغرا سىياسەتلەر تۇزۇلۇپ ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدى ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقىمۇ ئېشىپ ، يەرگە ئايىماي مەبلەغ سالدى . بىر بالداق-بىر بالداقتىن ئۆرلەپ مېڭىۋاتقان ئۇنسۇ گۇرۇچى 1990 - يىلىدىن ئېتىبارەن رەسمىي بازار تېپىشقا باشلىدى . ئۇنسۇ ناھىيىسى شالچىلىقتا دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قوللىشى ئارقىلىق سورت بىر تۇتاش بولۇش ، مايسىنى كۆپلەپ يېتىشتۇرۇش قاتارلىق تېخنىكىلىق ئۆتكەلنى چىڭ تۇتتى ، بۇ ئارقىلىق گۇرۇچ سۇپىتىنىڭ ساپلىقى ، ئەلالىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، كونتۇ ماركىسىنى بارلىققا كەلتۇردى . كونتۇ گۇرۇچچىلىك چەكلىك پاي شىركىتى دېھقانلارنىڭ شال تېرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۇچۇن دېھقانلار بىلەن توختاملىشىپ ، سۇپەتلىك گۇرۇچنى قوغداش باھاسى بويىچە سېتىۋېلىشنى يولغا قويۇپ ، شال تېرىيدىغان كەسپىي ئائىلىلەرنى غەمدىن خالاس قىلدى . شىركەت دېرىكتورى چىن يۇچۇن بۇ ھەقتە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

«بىز دېھقانلار بىلەن مۇنداق توختام تۇزدۇق : ئالدى بىلەن ئۇرۇقنى ئۇلارغا نېسىگە بېرىمىز ، ئۇلار بىلەن توختام تۇزىمىز ، بىزنىڭ تەلىپىمىز : دېھقانلار چوقۇم بىزنىڭ شال تېرىش تېخنى-

كىممىز بويىچە تېرىشى كېرەك ، چۈنكى ئۇلار ئۆز ئۇسۇلى بىلەن تېرىغان شال بازارنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەسلىكى ، بازارغا كىرەلمەسلىكى مۇمكىن ، شۇڭا بىز ئالدى بىلەن ئۇلارنى تېخنىكا جەھەتتىن ھەقسىز تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىمىز ، ئەمدى باھاغا كەلسەك ، بىزنىڭ ئاخىرىدا دېھقانلاردىن سېتىۋالىدىغان باھايىمىز يەرلىكنىڭ باھاسىدىن %3 تىن %5 كىچە يۇقىرى . . . »

توختاملىق دېقانچىلىق دېھقانلارنى ھەقىقىي نەپكە ئېرىشتۈردى ، دېھقانلار ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ سېتىلماي قېلىشىدىن ئەندىشە قىلمايدىغان بولدى ، تېرىغان شېلىنىڭ ئەرزان سېتىلىپ قالغانلىقى ياكى سېتىلماي قالغانلىقى ھەققىدە ۋايسايدىغان دېھقانلار مانا ئەمدى يانچۇقى دۈك ، يۈرىكى توق يۈرىدىغان بولدى . ئۇنسۇ ناھىيىسى يەنە شال ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار تېخنىكىلارنى قوللىنىپ ، ياپونىيىدىن كىرگۈزۈلگەن يۈگۈاڭ ، چيۇتيەن ، شاۋدېڭ قاتارلىق 10 نەچچە خىل سورتلۇق شالنى كەڭ ئومۇملاشتۇرغان بولۇپ ، گۈرۈچنىڭ ئاپئاق ، پارقىراق ، خۇشپۇراق بولۇش ، بولغىنىشقا ئۇچرىماسلىقتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن دۆلەتنىڭ يېشىل يېمەكلىك گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى . ھازىر بۇ ناھىيە ئاپتونوم رايونلۇق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شال تەتقىقات بازىسى بولۇپ قالدى . كونتۇ چەكلىك پاي مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ دېرىكتورى چېن يۇچۈن بۇندىن كېيىنكى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرغا قويۇپ مۇنداق دېدى :

«بىز بۇندىن كېيىن پاي چېكى تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ شەكىل ئارقىلىق ، گۈرۈچچىلىك ساھەسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، بىر كوزۇر مەھسۇلات ياراتماقچى ، سورتنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى . ھازىر ئۆزىمىزنىڭ شال تەتقىقات ئورنىمىز بار ، بىز بۇندىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ سورتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ئۆزىمىزنىڭ گۈرۈچىنى تېرىماقچىمىز ، بىز ئۈچ يىل ئىچىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شال تېرىغۇ كۆلىمىنى 500 مىڭ موغا يەتكۈزۈشنى پىلانلىدۇق.

شىركەت مەسئۇلىنىڭ ئۈمىدلىك سۆزلىرى مېنى سۆيۈندۈردى، خەلق گۈزەل، باياشات تۇرمۇشقا ئىنتىلىۋاتقان، خەلق يولباشچىلىرى بۇ يولدا باش قاتۇرۇۋاتقان مۇشۇنداق كۈنلەردە كونتۇ شىركىتىگە ئوخشاش كارخانىلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، ئۇ ئىشلەپچىقارغان گۈرۈچنىڭ مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېردە گۈرۈچلەر تۆرىدىن ئورۇن ئېلىشى ئونسۇلۇقلارنىڭ شۆھرتى، ئونسۇلۇقلارنىڭ بىردىنبىر پەخرى بولۇپ قالدى.

# دېھقانلار شادلىقى

## پاتىگۈل مۇھەممەت

ئەگەر سىز قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يوپۇرغا ناھىيىسىگە بېرىپ قالسىڭىز، تۆنجى بولۇپ سىزگە تەسىر قىلىدىغىنى يېزا - قىشلاقلاردىكى قاينام - تاشقىنلىققا تولغان قىزغىن ئەمگەك كەيپىياتى بولىدۇ، ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدا يەڭنى شىمايلاپ، توپىلارغا مىلىنىپ، دېھقانلار بىلەن تەڭ ئەمگەك قىلىۋاتقان يېزا كادىرلىرىنى كۆرگىنىڭىزدە بولسا ئۆز - ئۆزىڭىزگە: «بۇلار نەچچە يىل ئىلگىرىكى قاغا قاق دېمەستە مەھەللىلەرنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراپ، دېھقانلارنى ئېتىز بېشىغا ھەيدەيدىغان كادىرلار شۇمۇ - ئەمەسمۇ؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ، ئۆز كۆزىڭىزگە ئىشەنمەي قالىسىز. بۇ خىل كەيپىياتنى، كادىرلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەتنى پەيدا قىلغان نەرسە زادى نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ بۇ جايدا يېقىندا يولغا قويۇلغان پارتىيىنىڭ ھەقنى باجغا ئۆزگەرتىش سىياسىتى! مانا مۇشۇ ئاقىلانە سىياسەتنىڭ بەرىكىتىدە ئىلگىرى ھەر خىل ئالۋاڭ - ياساقنىڭ دەستىدىن قورسىقىنى تويغۇزالماي، باي بولۇشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ شۇمشىيىپ قالغان يوپۇرغا دېھقانلىرىنىڭ چېھرىدىن ھازىر كۈلكە ئۆزۈلمەيدىغان بولدى. دېمەك، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يولغا قويغان يېزىلاردا ھەقنى باجغا ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتىنىڭ باھار شامىلى يوپۇرغىغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا

دېھقان ـ چارۋىچىلار قەددىنى قايتىدىن رۇسلاپ ، ئۆزىنىڭ پارلاق ئەتىسىنى يارىتىش ئۈچۈن بېيىش يولىغا ئاتلانغان ئىدى .

مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ھەقنى باجغا ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتىنىڭ سىناق نۇقتىسى قىلىنغان يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ئاچچىق يېزىسىغا بارغىنىمدا ، يېزا باشلىقى يۇسۇپ-جان ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى : «بىر نەچچە يىل ئىلگە-رى مەھەللە-كويلاردا ھازىرقىدەك قىزغىن ئەمگەك كەيپىياتىنى تاپقىلى بولمايتتى ، كەنت كادىرلىرى خۇددى قوي پادىلىرىنى ھەيدىگەندەك دېھقانلارنى ئۆيمۇ ئۆي چاقىرىپ ، ئېتىز بېشىغا ئېلىپ چىقاتتى ، بىر قىسىم دېھقانلار بولسا : ‹ئىشلە ـ ئىشلە دەيدىكەنسىلەر ، ئىشلىسەك ـ ئىشلىسەك يا بېيىمىساق › دەپ غۇدۇڭشۇپ كادىرلارغا ياناتتى . كادىرلار ھەق يىغىمىز دەپ ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ، دېھقانلاردىن دەشنام يەپ ، بەزىدە ھەتتا ئۇرۇشۇپ قېلىپ دېگەندەك ، كادىر ـ دېھقان مۇناسىۋىتىدىمۇ بىر ئاز جىد-دىيلىك بار ئىدى ، ھازىر يېڭى سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن كې-يىن ئەھۋالدا باشقىچە ئۆزگىرىش بولدى . . .»

دەرۋەقە ، 2000 ـ يىلى يېزىلاردا «ھەقنى باجغا ئۆزگەر-تىش» ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى بەزى سىياسەت ـ تەدبىرلەرنىڭ توغرا ئەمەلىيلەشمەسلىكى سەۋەبىدىن ، تۇپرىقى ناچار ، سۇيى قىس يوپۇرغا ناھىيىسىدە كۆپ قىسىم دېھقانلار تۇرلۇك سېلىقلاردىن بىزار بولۇپ كەتكەن ئىدى ، بۇ يەردە يۇقى-رىغا توختىماي ئەرز قىلىشلارمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى . شۇ يىلى يېزىلاردا «ھەقنى باجغا ئۆزگەرتىش» ئىسلاھاتى باشلانغاندىن كېيىن ، بۇ ئىسلاھات ناھايىتى تېزلا دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى ، ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە ، بۇلتۇرغا كەلگەندە يوپۇرغا دېھقانلىرى بۇنىڭ پايدى-سىنى كۆردى ، ئۆزلىرى ئۆيلىغاندىنمۇ ئاز بولغان باجغا قارىتا

ھەممە كىشىدە رازىمەنلىك تۇيغۇسى قوزغالدى، كۆپ قىسىم دېھقانلار شۇ يىللىق باجنى تاپشۇرغاندىن سىرت، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان سۆرۈلۈپ كەلگەن كونا قەرزلىرىنىمۇ بەس - بەستە تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ «دەردىڭ بولسىمۇ قەرزىڭ بولمىسۇن» دېگەن ئارزۇسىغا يەتتى. يېڭى ئىسلاھاتتىن ئەمەلىي نەپكە ئې-رىشكەن يوپۇرغا بازىرى 3 - كەنتتىكى پېشقەدەم دېھقان روزى ھاشىم ئۆزىنىڭ خۇشاللىق ھېسسىياتىنى باسالماي: «ئىلگىرى ئادەمنىڭ چېچىدىن تولا ئۇ ھەق-بۇ ھەقنىڭ دەستىدىن بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەي مۆكچىيىپ قالغان ئىدۇق. ھەر خىل ئاپەتلەرنىڭ دەستىدىن زىيان تارتقانىڭ ئۈستىگە، ھەق تۆلەيمىز دەپ، سات-مىغان ئېغىلدىكى قوي، كەسمىگەن دەل - دەرەخلىرىم قالمىغان ئىدى، ھەقنى باجغا ئۆزگەرتىش سىياسىتى يولغا قويۇلىۋېدى، قەرزلىرىمنى بىراقلا تۆلەپ، ئۆزۈمنى رۇسلىۋالدىم، كۆرسىلە، ھازىر بىر خۇدايىمدىن باشقا ھېچكىمگە قايتۇرىدىغان قەرزىم يوق...» دەپ ئۆزىمۇ كۈلۈپ سالدى.

ئىگىلىشىمىزچە، يوپۇرغا يېزىلىرىدا ھەقنى باجغا ئۆزگەر-تىش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى دېھقان - چارۋىچى-لاردىن ئېلىنىدىغان تۈرلۈك ھەقلەرنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق بولۇپ، كىشى بېشىغا 94.21 يۈەندىن توغرا كېلىدىكەن، ئىسلاھاتتىن كېيىن، ناھىيە بويىچە دېھقان - چارۋىچىلاردىن ئېلىنىدىغان ئومۇمىي باج سوممىسى 4 مىليون 874 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا 45.86 يۈەندىن توغرا كېلىپ، ئىلگىرىكىدىن 51.32% ئازايغان، ئۇندىن باش-قا، يەنە دېھقان - چارۋىچىلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۆزلىرى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان باج تۈرى ۋە سوممىسى ئېنىق بېكىتىپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق باجنى ئۈستىگە ئالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى، نەتىجىدە يوپۇرغا

دېھقانلىرىنىڭ چېھرىدە قايتىدىن شادلىق جىلۋىلەندى ، دېھقانلار بىلەن كادىرلار ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيلىك تۈگەپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى سىردىشىش ، دوستلىشىش ئىگەللىدى ، ئەڭ مۇھىمى ، ئۇلار پارتىيىنىڭ ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئادىل ، دانالىقىغا يەنە بىر قېتىم چىن دىلىدىن قايىل بولدى .

بۇ يىل ئەتىيازدا بۇ ناھىيىدىكى ئاچچىق يېزىلىق پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتى 86 نەپەر يېزا كادىرىنى دېھقانلارنىڭ 100 مو كۆلەمدىكى پارنىكتا قوغۇن يېتىشتۈرۈشىگە ياردەملىشىشكە تەشكىللىدى ، يېزا كادىرلىرىنىڭ ھەر بىرى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 500 يۈەندىن پۇل چىقىرىپ ، پارنىك ياساش ، قوغۇن تېرىقچىلىقى قاتارلىقلارغا جەمئىي 48 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى ، يېزىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە كادىرلار ئۆزلىرى مەبلەغ سالغان يەردىكى قوغۇننىڭ تۇرلۇك پەرۋىش ئىشلىرىغا تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل قىلىندى ، ئەگەر دېھقانلار قوغۇن سېتىپ پايدا ئالالىسا ، كادىرلارنىڭ مەبلىغى قايتۇرۇلىدىغان ، ئەگەر تەبىئىي ئاپەت ، بازار ئامىلى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دېھقانلار زىيان تارتسا ، يېزا كادىرلىرىمۇ سالغان مەبلىغىدىن قۇرۇق قالىدىغان قىلىپ بەلگىلەندى . بۇنداق پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىدىكى چېتىشتۇرۇش نەتىجىسىدە ، كادىرلارنىڭ مۇلازىمەت ئېڭى ۋە پوزىتسىيىسىدە زور ئۆزگىرىش بولدى ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىمۇ زور دەرىجىدە قوزغىتىلدى ، ھازىر يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يېزا كادىرلىرى دېھقانلارنىڭ سادىق ھىمايىچىسىگە ئايلاندى ، دېھقانلارنىڭ يېزا مەسئۇللىرىنى ئىزلەپ ، ئۆزلىرىگە كادىر بەلگىلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارمۇ پات ـ پات كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بولدى .

يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ چېھرىدىكى شادلىق كۈلكىسىنى كۆرگەن ـ

ئاڭلىغان ھەر قانداق كىشى پارتىيىمىزنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسىتىگە، بولۇپمۇ يېزىلاردا ھەقنى باجغا ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتىغا چوڭقۇر ھاياجان ئىلكىدە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايدۇ.

دېمەك، ھاللانمىسا شادلانمايدۇ، دېھقان شادلانمىسا جەمئىيەت مۇقىم بولمايدۇ، جەمئىيەت مۇقىم بولمىسا ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئىلگىرى سىياسەت - تەدبىرلەرنىڭ توغرا ئەمەلىيلەشمىگەنلىكى، نامۇۋاپىق ھەقلەرنىڭ قالايمىقان ئېلىنغانلىقىدىن نارازى بولۇپ ئىشلىرىنى تاشلاپ، يېزا، ناھىيە، ۋىلايەت ھەتتا ئاپتونوم رايونغىچە بېرىپ ئەرز قىلىدىغانلار مانا ئەمدى پۈتۈن مەملىكەتكە كۆز تىكىپ، ئۆزلىرىنىڭ داڭلىق، ئۆزگىچە مەھسۇلاتلىرىغا بازار ئىزدەيدىغان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تەكلىماكاندىكى يېگى ئابىدە — نىيە

ئەسقەر تۇرسۇن

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئەڭ چەت ۋە نامرات ھېسابلىنىدىغان نىيە ناھىيىسى تىلغا ئېلىنسا، نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما ئۆزىنىڭ مول مەدەنىي مىراسى، نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلىرى بىلەن قۇم تېگىگە كۆمۈلۈپ ياتقان نىيە قەدىمىي خارابىسى ئېلىمىزگىلا ئەمەس، بەلكى، ياپونىيە، روسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئىلىم ساھەسىگە ناھايىتى تونۇشلۇق. ئاشۇ شانلىق تارىخنى ياردىتىپ، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان قەدىمكى نىيىلىكلەر تارىختا قۇمدىن ئىبارەت تەبىئىي ئاپەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇزلۇكسىز ئۇچراپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىنى ئۇدا نەچچە قېتىم كۆچۈش ئارقىلىق داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ھازىرقى نىيىلىكلەرمۇ ھەر ۋاقىت قۇمنىڭ ھۇجۇمىدىن خالىي ئەمەس، شۇڭا ئۇلار تارىختىكى پاجىئەلىك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تۇرلۇك خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ گۈزەل ماكانىنى قوغداپ قېلىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا. بولۇپمۇ يېقىنقى نەچچە ئون يىل مابەينىدە، تۈرلۈك تەرەققىيات يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يېڭىدىن يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە.

نىيە ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چەرچەن ناھىيىسى، غەربىي كېرىيە ناھىيىسى، شىمالىي ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيىسى، جەنۇبىي كۇئېنلۇن تاغلىرى ئارقىلىق شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ گېرزې ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ناھىيىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە كەڭلىكى 130 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى 451 كىلومېتىر بولۇپ، كۆلىمى 56 مىڭ 171 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. گەرچە ناھىيە كۆلىمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرسىمۇ، كۆپ قىسمى قۇملۇق ۋە سايلىق بولغاچقا، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى %3، تاغلىق رايون يايلىقى %6، چۆللۈك يايلىقى %9 بولۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر كۆلىمى ئومۇمىي كۆلەمنىڭ %20 گىمۇ يەتمەيدۇ. ناھىيە نوپۇسى 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇماتتا 32 مىڭ 102 بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نوپۇسى ئەڭ ئاز ناھىيىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئارخېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى نىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ناغرىخانا قەدىمىي ئىزىغا ئاساسەن، نىيىنىڭ شىنجاڭدىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ تۆت قەدىمىي ئورۇننىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا، نىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا تەخمىنەن 160 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇق ئىچكىرىسىدە قەدىمىي نىيە خارابىسى ئىزلىرى بار. ئارخېئولوگلار دۇنيا ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققىتىنى تارتقان مىرەن دۆلىتى قاتارلىق قەدىمىي ئىزلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ھەربىي، سىياسىي ۋە باشقا تاسادىپىي سەۋەبلەر، بولۇپمۇ قۇملۇقنىڭ كېڭىيىپ، بوستانلىقلارنى بېسىۋېلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۈزلۈكسىز چېكىنىپ، نەچ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چە قېتىم كۆچۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. شۇڭا ھازىرقى نىيىلىكلەر قومنىڭ بۇنداق رەھىمسىز ھۇجۇمىدىن چوڭقۇر ساۋاقتا ئىگە بولۇپ، سۇدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماكانىنى قوغداپ قۇتقۇزۇش ۋە گۈللەندۈرۈشكە ئاتلاندى.

نىيە ناھىيىسى سۇغىرىش ئىشلىرىدا ئاساسەن جەنۇبىي قىسمىدىكى كوئېنلۇن تېغىنىڭ ئېرىگەن قار ـ مۇز سۈيىدىن پايدىلىنىدۇ. گەرچە كوئېنلۇن تېغىنىڭ قار ـ مۇز سۇ مەنبەسى مول بولسىمۇ، ناھىيە بوستانلىقىغا يېتىپ كېلەلەيدىغان سۇ مىقدارى ناھايىتى ئاز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە سۇ ناھايىتى قىس، ياز كۈنلىرىدە كەلكۈن كۆپ بولىدۇ. بۇ پايدىسىز ئەھۋالنى تونۇپ يەتكەن نىيە خەلقى 60 ـ يىللاردىلا كوئېنلۇن تېغىنىڭ سۈيىنى نىيىگە ئۈنۈملۈك باشلاپ كېلىشكە بەل باغلىدى. ئۇلار 1966 ـ يىلى ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىكى كوئېنلۇن تېغى باغرىدا نىيىنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى تۇنجى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش بولغان «18 ـ ئاۋغۇست سۇ قۇرۇلۇشى»نى ئېلىپ بېرىپ، تاغ تېشىپ كان ئېچىپ، ساي سۈيىنى بوستانلىققا باشلاپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن نىيە ناھىيىسىنىڭ تېرىلغۇ ئىشلىرىدىكى سۇ قىيىنچىلىقى مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىنىپ، ناھىيە ئىگىلىكىگە پايدىلىق شارائىت ھازىرلاندى. ئەينى چاغدا «18 ـ ئاۋغۇست» سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ تېخنىكىلىق ئىشلىرىنى ئىشلىگەن نىيە ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى تۇرسۇن ئىمىن ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى:

«مەن 1959 ـ يىلى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كەلگەن ۋاقتىمدا نىيە ناھىيىسىدە ئەتىيازلىق سۇ 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا كېلەتتى. كۈزلۈكى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا توختاپ قالايتتى. 9 ـ ئايدىن باشلاپ كېيىنكى يىلى 4 ـ ئايغىچە ئادەم ۋە چارۋىلار پۈتۈنلەي

يەر ئاستى سۈيىگە تايىناتتى . شۇڭا ھەرخىل كېسەللىكلەرمۇ
ناھايىتى كۆپ ئىدى . 1969 - يىلىغا كەلگەندە نىيە ناھىيىلىك
پارتكوم ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى نىيىنىڭ شارائىتىنى ئۆز-
گەرتىش ، خەلقنى بېيىتىش ئۈچۈن ، دۆلەتنىڭ يولداش جياۋ
يۈيلۇدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى
چاقىرىقىغا ماسلاشتۇرۇپ ، نىيە ناھىيىسىنىڭ سۇ قىيىنچىلىقى-
نى ھەل قىلىشقا كىرىشتى . ناھىيىلىك پارتكوم رەھبەرلىكىدە
تېخنىك كادىرلار ئاساس قىلىنغان ، نىيىنىڭ تاغلىق رايونىنىڭ
سۇ ئەھۋالىدىن خەۋەردار مۇنەججىم كانچىلار ، دېھقانلاردىن تەر-
كىب تاپقان خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ ، 1966 - يىلى
3 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە
ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىقنى تەكشۈرۈش ئىشى ئېلىپ بېرىل-
دى . نەتىجىدە نىيە دەرياسىنىڭ باش قىسمىدا مەلۇم مىقداردا
بۇلاق سۈيى بار بولۇپ ، نىيە دەرياسىنىڭ ئىنتايىن ئەگرى -
توقاي بولۇشى ، سۇ ئېقىنىنىڭ كەڭ ، سىڭىش ، پارغا ئايلىنىش
دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى سەۋەبىدىن بۇ سۇنىڭ نىيە سۇغى-
رىش رايونىغا تولۇق يېتىپ كېلەلمەيدىغانلىقى ، بىر قۇرۇلۇش
ئېلىپ بېرىلسا بۇ سۇدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقى
مەلۇم بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىز ھازىرقى «18 - ئاۋغۇست»
سۇ قۇرۇلۇش ئورنىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆلچەپ لايىھەلەپ
چىقتۇق . لايىھىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ، بىز ئۈچ
تېخنىك كادىر ، 38 مۇنەججىم كانچىنى تەشكىللەپ 1966 - يىلى
8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 1967 - يىلى 8 - ئايغا قەدەر 984
مېتىر لەخمىنى تېشىپ ، سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلىيلەش-
تۈردۇق . كېيىن بۇ تۈرنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ ، يۇقىرىنىڭ
قوللىشى بىلەن زور كۈچ تەشكىللەپ ، 6580 مېتىر ئۇزۇنلۇق-
تىكى لەخمىنى تېشىشنى 1971 - يىلى 8 - ئايدا تاماملاپ ، 31

كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتا تاش تىزىلغان ئوچۇق ئۆستەڭ ياساپ، 1971 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ سۇنى نىيە سۇغىرىش رايونىغا باشلاپ كەلدۇق. ھازىر نىيە ناھىيىسىدە ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ يېرىم كۇب/مېتىر/سېكنۇت سۇ ئاقىدۇ. سۇ مەسىلىسى ھەل بولغاندىن كېيىن نىيە ناھىيىسى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ھازىر قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقىرىش قۇرۇلۇشلىرى ئىشلىنىپ، تاغ سۈيى بىلەن قۇدۇق سۈيىدىن تەڭ پايدىلىنىلىۋاتىدۇ.

سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن يەرلەرنى قوم بېسىپ، چۆللىشىپ كېتىش ئەھۋاللىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئوڭشىلىپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرى جانلاندى، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى يېڭىلىنىپ، قوناق ئاساس قىلىنغان ئاشلىق زىرائىتىنىڭ ئورنىنى بۇغداي ئىگىلىدى، مېۋىلىك دەرەخ يېتىشتۈرۈش ۋە سەي ـ كۆكتات تېرىشمۇ كېڭىيىپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئىقتىسادىي كىرىم قىلىدىغان يول ئېچىلدى.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىش ئەھۋالى نىيىلىكلەرنى سىرتقى بازارغا يۈزلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ئەمما قاتناش مەسىلىسى تۆپەيلىدىن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ساقلىنىۋاتاتتى. ئاپتونوم رايون مەركىزىگە بارىدىغان مۇساپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ۋىلايەت مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقنىڭ يىراقلىقى نىيىنى ئوچۇر جەھەتتىمۇ بېكىنمە ھالەتتە قالدۇرغان ئىدى. تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان تارىم يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن بۇ ھالەت تۈپتىن ئۆزگەردى. كىشىلەر ئىلگىرى، خوتەن ۋىلايىتىنى بىر تاغارغا ئوخشاتساق، گويا ناھىيىسى تاغار ئېغىزى، نىيە ناھىيىسى تاغارنىڭ تۈۋى بولىدۇ، دېيىشەتتى. تارىم يولىنىڭ ئېچىلىشى نىيە ناھىيىسىنى بىراقلا بۇ تاغارنىڭ ئېغىزىغا ئايلاندۇردى. ئىلگىرى

سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا ۋىلايەت مەركىزىگە يۈزلەنگەن كىشلەر بىراقلا ئاپتونوم رايون مەركىزىگە يۈزلەندى . بۇ ناھىيىگە كېلىپ ـ كېتىدىغانلار ، مەبلەغ سالىدىغانلار كۆپەيدى ، بۇنىڭ بىلەن مۇلازىمەت كەسپى راۋاجلىنىپ ، ئوبوروت سورئىتىمۇ تېزلەشىپ ، ناھىيىنىڭ تەرەققىياتى تېز يۈكسەلدى ، ناھىيە بازىرىنىڭ قىياپىتى يېڭىلاندى ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىمۇ ياخشىلىنىشقا باشلىدى . تۇرسۇن ئىمىن بۇ تاشيولنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇنداق ئىككى ئېغىز سۆز بىلەنلا تونۇشتۇردى :

«نىيە ناھىيىسىنىڭ تارىخىدا مۇنداق ئىككى چوڭ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلدى : بىرىنچىسى ، مەن دەپ ئۆتكەن «18 ـ ئاۋغۇست ، سۇ قۇرۇلۇشى ، ئىككىنچىسى ، نىيە ناھىيىسىدىن بوگۇر ناھىيىسىگىچە بولغان ئوتتۇرا تارىم قۇملۇق تاشيولى . بۇ تاشيولغا دۆلەت نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ ئۈچ يىل ئىشلەپ پۈتتۈردى . بۇ يولدا قاتناشنىڭ باشلىنىشى ئۇرۇمچىگە بارىدىغان ئەسلىدىكى نەچچە كۈنلۈك يولنى بىراقلا 17 ـ 18 سائەتكە قىسقارتتى . بۇنىڭ بىلەن نىيىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇقلاشتى . ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تۈرتكىسى بولدى ، شۇڭا ، كىشىلەر بۇ يولنى نىيىدىكى خەلققە بەخت يارىتقان ئىككىنچى چوڭ قۇرۇلۇش دېيىشىدۇ .

نىيە ناھىيىسى گەرچە چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدىغان ناھىيە بولسىمۇ ، ناھىيە تەۋەسىدىكى يايلاق كۆلىمى چەكلىك بولغاچقا ، بېقىلىۋاتقان چارۋىلارنىڭ سانى يايلاقنىڭ تەمىنلەش ئىقتىدارىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىپ ، يايلاقلاردا بارغانسېرى چېكىنىش ، ناچارلىشىش يۈزلىنىشى شەكىللىنىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە يايلاقتىكى ئوت ـ چۆپلەر پۈتۈنلەي تەبىئىي ھۆل يېغىنغا تايانغاچقا ، بىر - ئىككى يىلى ھۆل يېغىن ئاز ياغسا ، كېيىنكى يىلى ئوت ـ چۆپ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن نۇرغۇن چارۋا ـ مال

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆلۈپ كېتەتتى . ناھىيە رەھبەرلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ ، تاغلىق رايون چارۋىچىلىقىنى كەنت چارۋىچىلىقىغا ئۆزگەرتىش ، ئىلگىرىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى باغۋەنچىلىك ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىككە ئۆزگەرتىشنى پىلانلىدى ھەمدە قومنى تىزگىنلەشكە ماس كېلىدىغان تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەرنى يېتىشتۈرۈپ ، ئىقتىسادىي كىرىمنى ئاشۇرۇش ، سۇنئىي ئۇسۇلدا كەڭ كۆلەملىك ئوت - چۆپ تېرىش ئارقىلىق چارۋىچىلىقتىكى ئوت - چۆپ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ، دېھقانچىلىقتا ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن زىرائەتلەرنى تېرىش كۆلىمىنى ئازايتىپ ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشتەك بىر قاتار تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈمنى كۆردى . بۇ جەھەتتىكى تەرەققىيات تەپەككۇرى توغرىسىدا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى تۇڭ ۋېيدۇڭ مۇنداق دېدى :

«نىيە ناھىيىسى ئۆزۈندىن بۇيان بېكىنمە ھالەتتىكى ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقتا تايىنىپ كەلگەن ئىدى ، چۆللۈك يايلىقىغا تايانغان بۇنداق چارۋىچىلىق ئۇزاق مەزگىلگىچە تەرەققىي قىلالمىدى ، يايلاقلارنىڭ شارائىتىمۇ ناھايىتى ناچار ئىدى ، شۇڭا بىز ئىلگىرىكى نوقۇل ھالدىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىككە ئۆزگەرتتۇق ، ئوتتۇرا تارىم تاشيولىنىڭ ئېچىلىشى ئېلىپ كەلگەن پايدىلىق پۇرسەت ۋە دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى تەرەققىيات پىكرىگە ئاساسەن ، ئىلگىرىكى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى باغۋەنچىلىك ، چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆزگەرت-

تۇق ، بىز دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە ، ناھىيىمىز چوڭ بازاردىن يىراق ، سىرتتىن ئاشلىق كىرگۈزۈشىمىز مۇمكىن ئەمەس ، شۇڭا ، ئاشلىقتا جەزمەن ئۆز - ئۆزىمىزنى قامدىشىمىز كېرەك ، بىز مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئاساسىدا باغۋەنچىلىكنى كېڭەيتىش ، چارۋىچىلىقنى كۈچەيتىش ، تېرىقچىلىق سۈپىتىنى ياخشىلاش يولىغا قەدەم تاشلىدۇق .

ناھىيە رەھبەرلىكى يۇقارقى تەرەققىيات پىكرى بويىچە ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ، كۆپ خىل ئىگىلىك ئارقىلىق دېھقان - چارۋىچىلارنى بېيىش يولىغا يېتەكلەش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن ، ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان بىردىنبىر تاغلىق يېزا — يېيىق يېزىسى يېزىغا قاراشلىق ھەر قايسى تارقاق مەھەللە - كەنتلەردىكى دېھقان - چارۋىچىلارنى يېزىدىكى تۈزلەڭ رايونلارغا كۆچۈرۈپ كەلدى ھەمدە كەڭ كۆلەمدە ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈپ ، باغ بەرپا قىلىپ ، ئىلگىرىكى نوقۇل يايلاق چارۋىچىلىقىغا خاتىمە بەردى . بۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى . ئەمما خاس چارۋىچىلىققا تايىنىپلا پۈتۈن ناھىيىنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەكلەشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ناھىيە رەھبەرلىكىگە ئايان ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈپ ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش نىيە ناھىيىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى . شۇڭا ناھىيە رەھبەرلىكى پايدىلىق ئامىللارنى چىڭ تۇتۇپ ، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ باغۋەنچىلىكنى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى . ئۇلار 2000 - يىلىدىن باشلاپ نىيە ناھىيىسىنىڭ نىيە يېزىسىدا ئەلا سۈپەتلىك مېۋىلىك دەرەخ بازىسى بەرپا قىلىپ ، مېۋىلەرنىڭ سورتى ياخشى بولۇش ، بالدۇر پىشىش ئەۋزەللىكى ئارقىلىق ، ئۆز ناھىيە بازىرىنى ئىگەللەپلا قالماستىن ، قوشنا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

ناھىيە ، قوشنا ۋىلايەت بازارلىرىنىمۇ ئاۋاتلاشتۇردى . بۇ ھال ناھىيىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش بىلەن بىرگە ناھىيە بوستانلىقىغا خىرىس قىلىپ تۇرۇۋاتقان قۇمنى تىزگىنلەپ ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشتىمۇ بەلگىلىك رول ئوينىدى . نىيە ناھىيە نىيە يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى شەۋكەت يۇنۇس مېۋىلىك دەرەخ بازىسىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

«بىز ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە بۇ يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق مېۋىلىك دەرەخ بازىسىنى قۇردۇق . بۇ باغنىڭ ئەسلىدىكى تېرىلغۇ كۆلىمى 200 مودەك كېلەتتى . ناھىيە رەھبەرلىرى بۇ باغنى كۆرگەندىن كېيىن مەبلەغ سېلىپ 1000 مولۇق بازا قۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى . شۇنىڭ بىلەن 2000 - يىلى 3 - ئايدا بۇ بازىنى قۇرۇشقا باشلىدۇق . بىز دەسلەپتە ئەتراپتىكى تاشلاندۇق يەرلەردىن 350 مو يەر ئېچىپ ، پارنىك ئىچىگە شاپتۇل كۆچىتى تىكتۇق . يەنە 100 نەچچە مو يەرگە ئامېرىكىنىڭ ئۈزۈملىرىنى سالدۇق . ئۇنىڭدىن باشقا 350 مو يەرگە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئاق چولپان دېگەن داڭلىق ئۆرۈكىنى تىكتۇق . 2000 - يىلى تىككەن مېۋىلىك دەرەخلەر كېيىنكى يىلىلا مېۋە بەردى . ئەتراپتىكى دېھقانلارمۇ بىز بىلەن تەڭ ھويلا ئارامىلىرىغا مېۋىلىك كۆچەت تىككەن ئىدى ، ئىككىنچى يىلى ئۇلارنىڭ دەرەخلىرى مېۋە بەرمەي ، بىزنىڭ دەرەخلىرىمىز مېۋە بەرگەندىن كېيىن ، پەن - تېخنىكىغا ھەقىقەتەن ئىشەندى . 2001 - يىلى 12 - ئايدا شاپتۇل پارنىكىنى ياپقاندۇق ، 2002 - يىلى 1 - ئايدا بۇ دەرەخلەر چېچەكلەشكە باشلىدى . 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مېۋىسىنى بازارغا سالدۇق . بىز ئۆتكەن يىلى ھەر كىلوگرامىنى 25 يۈەندىن ساتقاندۇق ، ناھايىتى تېزلا سېتىلىپ تۈگىدى . بۇ

يىل ھەم ناھىيىمىزدە ساتتۇق ، ھەم سىرتقا چىقاردۇق . مەھسۇ-
لاتلىرىمىز تاشقى بازاردىمۇ ناھايىتى قارشى ئېلىندى .

بۇنىڭدىن باشقا ، ناھىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە سال-
غۇزدەك يېزىسىنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى قىسقارتىلىپ ، ئۇ-
نىڭ ئورنىغا ئەلا سۈپەتلىك قوغۇن تېرىلدى ھەمدە تەدرىجىي
كېڭەيتىلدى . بۇ قوغۇنلۇقلارمۇ پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلمىي
ئۇسۇلدا باشقۇرۇلغاچقا ، مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپەت جەھەتتىن-
كى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بازار تېپىپ ، ناھى-
يىنىڭ يەنە بىر كىرىم مەنبەسىگە ئايلاندى .

بىر يىلنىڭ يېرىمىدا دېگۈدەك قۇم بورىنىنىڭ ھۇجۇمىغا
ئۇچراپ تۇرىدىغان نىيە خەلقى تارىختىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈن-
لەپ ، قۇمدىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي ئاپەتكە ھەر ۋاقىت ئاكتىپ
تاقابىل تۇرۇپ كەلدى ، نىيە بوستانلىقىنىڭ ئۈچ تەرىپىنى ئوراپ
تۇرغان تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىدىغان جايلاردا جىگدە
دەرىخى تىكىپ ، قۇمدىن مۇداپىئە كۆرىدىغان تەبىئىي توساق بەرپا
قىلدى . نىيىلىكلەرنىڭ قۇمدىن ئۈنۈملۈك مۇداپىئە كۆرۈشتىكى
بۇ تەدبىرى قوشنا ناھىيىلەر ئۈچۈن ئۆلگە تىكلەپ بەردى .

نىيىلىكلەر ئەنە شۇنداق جاسارەتتە قۇمغا قارشى كۆرەش
قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يېڭى ئەسىر ئېلىپ كەلگەن تۇرلۇك
خىرىسلارغا پائال تاقابىل تۇرۇپ ، بېيىشنىڭ يېڭى يوللىرى
ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدەندى . پەن - تېخنىكىدىن ئىبارەت بۇ
ئاچقۇچلۇق ئامىلنى چىڭ تۇتتى . شۇڭا ، نىيىلىكلەر كۈنسېرى
يېڭى ئۆزگىرىشنى ، يىلسېرى يېڭى تەرەققىياتنى كۆردى . ئۆزلە-
رىنىڭ يۇرت - ماكانىنى قەدىرلەش روھىغا باي بۇ خەلق ھەر
دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ توغرا يېتەكلىشى ئارقىسىدا ، ئۆزلە-
رىنىڭ ئەمگەكچان ئىككى قولى بىلەن پەن - تېخنىكىنى قورال
قىلىپ ، تېخىمۇ پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگۈسى !

# تاغلىق يېزىدا نۆلدىن باشلانغان قەدەم

ئەسقەر تۇرسۇن

1997 ـ يىلى قۇربان ھېيتىنىڭ تۇنجى كۈنى كونېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان نىيە ناھىيىسىنىڭ يېيىق يېزىسىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلار تېخى نەچچە ئاينىڭ ئالدىدىلا ئۆزلىرى ناھىيە بازىرىغا ئوقۇشقا يولغا شېلىپ قويغان 19 پەرزەنتى ۋە چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان خەنزۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بىللە ھېيت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يوقلاپ چىققىنىنى كۆرۈپ ، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىشتى ، بۇ 19 نەپەر ئوقۇغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆز يېزىسىغا قەدىمى يەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان تاغلىق رايون خەلقى بىردەمدە يىغىلىپ ، بۇ ئەزىز مېھمانلىرىدىن ئەھۋال سوراشتى . ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى تۇرمۇش ، ئۆگىنىش ئەھۋاللىرىنى بەس ـ بەستە سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ بولارنىڭ خەنزۇ ئوقۇتقۇچىسىنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ ، قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى . گەرچە بۇ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ناھىيە بازىرىغا يۆتكىلىپ كەتكىلى تېخى بىر نەچچە ئاي بولغان بولسىمۇ ، بۇ كىشىلەر ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندەك تۇيۇلغان ئىدى . . .

1990 ـ يىلى كۈز پەسلى . بىر تراكتور نىيە ناھىيە بازىرىدىن ئايرىلىپ ، شېغىللىق يولدا تاسقاللىغىنىچە جەنۇپ تەرەپتىكى

تاغلىق يېزىغا قاراپ يۈرمەكتە ئىدى. يولنىڭ ناچارلىقى، يول بويىدىكى قاقاس چۆللۈك كىشىنى ھەقىقەتەن شۈركۈندۈرەتتى. تراكتور كوزۇپىدا تۇگۇلۇپ ئولتۇرغان شيې شىنمىن يول بويى چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ نامرات تاغلىق رايوندا ئۆتكۈسى ھاياتىنى تەسەۋۋۇر قىلماقتا ئىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە ناھىيە بازىرىدا قالغان ئاتا - ئانىسى، مېھرى ئىسسىق ئۆيى كەلدى - دە، مېڭىش ئالدىدا دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا تاپىلىغان سۆزلىرىنى بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتۈپ، بۇ تاغلىق يېزىغا چىقىپ ئىشلەش قارارىغا كەلگەن ئاشۇ دەقىقىلەرنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى...

يېيىق يېزىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سابىق باشلىقى قاسىم رەجەپ شيې شىنمىننىڭ دادىسىنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. بىر كۈنى بۇ يېزا باشلىقى ناھىيە بازىرىغا كەلگەندە شيې شىنمىننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، يېزىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى خەنزۇچە ئوقۇتۇش ئارزۇسى بارلىقىنى، ئەمما بۇنىڭغا مۇۋاپىق بىر ئوقۇتقۇچى تاپالمىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ ئوغلىنى يېزىدىكى باللارنى ئوقۇتۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شيې شىنمىننىڭ دادىسى ئېغىز ئاچقىچە، يېزا باشلىقى يەنە گەپ قوشۇپ: «مەن ئاللىقاچان بەش كىشىنى تەكلىپ قىلدىم، ئۇلار ئاۋۋال قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، شارائىتنىڭ ناچارلىقى، ئېيىغا ئاران 80 يۈەن بېرىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا سۆزىدىن يالتىيىۋېلىپ، تەكلىپىمنى رەت قىلغان بولدى. سىلەرگە راستىنى ئېيتمىسام بولمايدۇ، شارائىتىمىز ھەقىقەتەن ناچار، بېرىدىغان مائاشىمىزمۇ بايا دېگەندەك ئاران 80 يۈەن»، دېدى. شيې شىنمىن ئىككى كۈندىن كېيىن جاۋابىنى بېرىدىغانغا كېلىشتى ۋە چوڭقۇر ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئاۋۋال دادىسىغا مەسلىھەت سالدى، دادىسى بۇنىڭ ناھايىتى ياخشى چېنىقىش پۇرسىتى ئە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەنلىكىنى ، غەيرەت بولسىلا ھەر قانداق قىيىن شارائىتنىمۇ يەڭگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۇنى بېرىشقا ئىلھاملاندۇردى . دوستلىرىغا مەسلىھەت سېلىۋىدى ، دوستلىرى ئەقلى جايىدا ھەر قانداق كىشىنىڭ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتتى . توي قىلىشقا پۈتۈشكەن قىز دوستىغا مەسلىھەت سالدى ، ئەمما جاۋاپسىز قالدى . . .

ئۇ يېزا باشلىقى ۋە دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى بىر كېچە قاتتىق ئويلاندى ، ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ، ئەتىسىلا يېزا باشلىقىغا ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېيتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي تەكلىپى بىلەن نەچچە كۈندىن كېيىنلا بۇ تاغلىق يېزىغا قاراپ يول ئالدى . . .

ئۇ تراكتور كوزۇپىدا كۆڭۈل ئېكرانىدىن نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەرنى ئۆتكۈزگىنىچە قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى تۇيمايلا ناھىيە بويىچە ئەڭ نامرات ھېسابلىنىدىغان بۇ تاغلىق يېزىغا يېتىپ كەلدى . يېزا رەھبەرلىرى ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەمدە پەرزەنتلىرىنى خەنزۇچە ئوقۇتۇش ئارزۇسى بار ئاتا - ئانىلارنى يىغىپ ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇردى ، ئارقىدىن ئۇنى بىر ئېغىزلىق بىر ئۆيگە باشلاپ بېرىپ ، بۇندىن كېيىن مۇشۇ يەردە تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى . ئۇ چاغدا ئۇ بۇ تاغلىق رايوندىكى يەتتە يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنىڭ لاي تامدىن قوپۇرۇلغان ، ئېلېكتر چىرىقىنىڭ ئىزناسىمۇ يوق مۇشۇ كىچىككىنە ئۆيدە ئۆتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى .

چۈشتىن كېيىن ئۇ ئەتراپىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتى ، ئۇچرىغانلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتى ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە شۇنچە قىزغىن مۇئامىلە قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۆزىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتتى . ئۇ شۇنداق ئايلانغىنىچە گۇگۇم ۋاقتىغا يېقىن ياتىقىغا قايتىپ كەلدى . بىردىنلا ئۇنى غېرىبلىق باستى ، ئۆيىنى

ئەسلىدى ، ۋاقتى - ۋاقتىدا ئالدىغا كېلىپ تۇرىدىغان تەييار تاماقنى ئەسكە ئالدى ، بۇ تاغلىق رايوندىكى شالاڭ - شالاڭ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان يېشىللىق ، چەكسىز كەتكەن قورقۇنچلۇق سايلىق قوشۇلۇپ ئۇنى تېخىمۇ مۇڭلاندۇرىۋەتتى . ئۇ كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ يېزىنىڭ شارائىتىنىڭ بۇ قەدەر ناچار ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى . ئۇ باشقىلارنىڭ قەدىمى ناھايىتى ئاز يېتىدىغان بۇ نامرات تاغلىقتا ئۆز ياشلىقىنىڭ كۈنلەپ - ئايلاپ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، ئۆزىنىڭ بۇ يېزىغا كېلىشكە قوشۇلغىنىغا پۇشايمان قىلغۇسى ، ئۈنىنى ھېچكىمگە ئاڭلاتماستىن قاتتىق بىر يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالغۇسى كەلدى . ئەمما مېڭىشتىن ئىلگىرى دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا تاپىلىغان سۆزلىرى ، يېزا رەھبەرلىرى ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۇنىڭغا باغلىغان ئۈمىدلىرى ، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىنى ئويلاپ ، كۆڭلى بىر ئاز كۆتۈرۈلدى . دەل مۇشۇ چاغدا ئىشىك يېنىك چېكىلدى ، كىرىش ئىجازىتى بېرىلگەندىن كېيىن ئىشىكتىن بەش - ئالتە ياش ئەتراپىدىكى بىر قىزچاق قولىدا ئۈستىگە پولۇ ئېلىنغان بىر ناننى كۆتۈرگىنىچە كىردى . نان ئۈستىدىكى پولۇ ۋە ئۇنىڭغا بېسىلغان گۆشتىن قىززىق ھور ئۆرلەپ ، ئەمدىلا قازاندىن ئېلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى . شيې شىنمىننىڭ كۆزىگە ئىسسىق ياش كەلدى - دە ، قايتىش ئالدىدا تۇرغان قىزچاقتىن : « سىز خەنزۇچە ئوقۇشنى خالامسىز ؟ » دەپ سورىۋىدى ، قىزچاق بېشىنى لىڭشىتىپ « خالايمەن » ، دېدى . بۇ كەچلىك تاماق ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئۇنتۇلماس بىر ۋاق تاماق بولۇپ قالدى .

نەچچە كۈنلۈك جىددىي تەييارلىقتىن كېيىن جەمئىي 21 ئوقۇغۇچىسى بار بىر سىنىپ تەشكىل قىلىندى . بۇ سىنىپقا مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش خەنزۇ تىلى دەرسلىكى ئۆتۈلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى www.uyghurkitap.com

بولدى . ئوقۇغۇچىلار خەنزۇچە ئوقۇش ئۈچۈن يىغىلغىنى بىلەن، بەزىلىرى خەنزۇچىنى ئاڭلاش تۇگۇل تېخى خەنزۇ دېگەننى كۆ-رۈپمۇ باقمىغان ئىدى . شىي شىنمىن ئەسلىمىسىنى مۇنداق باشلىدى :

« يېيىق يېزىسى تاغلىق رايون ، ئۇ يەردە مەندىن باشقا خەنزۇمۇ يوق ئىدى ، بۇ بالىلارمۇ خەنزۇنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن ، بەزى بالىلار مېنى كۆرۈپ قورقىنىدىن يىغلىشىۋەتكەن . . . »

بۇ تاغلىق رايوندا بالىلارنى خەنزۇچە ئوقۇتۇش تېخى تۇنجى ئىش بولغاچقا ، قەدەمدە تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارنىڭ تۇغۇلۇشى تەبىئىي ئىدى . بالىلارنى جەزمەن خەنزۇچە ئوقۇتۇش كېرەك ، ئەمما بالىلار بىرەر ئېغىز خەنزۇچە سۆز ياكى بىرەر خەنزۇچە خەت ئۇقمايدۇ . ئالدىدىكى ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلغان شىي شىنمىن بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرچە ئۆگىنىپ ، بىر تەرەپتىن خەنزۇچە ئۆگەتتى . ئۆتۈلمەكچى بولغان دەرسنىڭ مەزمۇنىنى ئاۋۋال ئۇيغۇرچە چۈشەندۇردى ، ئۇندىن كېيىن خەنزۇچە چۈشەندۇردى . ئاشۇنداق بىر ئېغىز ئۇيغۇرچە ، بىر ئېغىز خەنزۇچە ئۆگىتىپ ، بۇ مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئىزىغا چۈشۈرۈۋالدى . شىي شىنمىن ئەسلىمىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

« بۇ ئىشتا ھېچكىمنىڭ تەجرىبىسى بولمىغاچقا ، ئوقۇتۇش ناھايىتى تەس كەلدى ، بۇ بالىلار بىر ئېغىزمۇ خەنزۇچە گەپ ئۇقمايتتى ، بىرمۇ خەنزۇچە خەت تونۇمايتتى . مەنمۇ ئۇيغۇرچىنى ئانچە ئۇقمايتتىم . شۇڭا دەسلەپتە تىل جەھەتتە ناھايىتى قىينالدىم . دەرسنىمۇ قانداق ئۆتۈشنى بىلەلمەي قالدىم . مەن بۇ بالىلارغا خەنزۇچە ئۆگەتكەچ بالىلاردىن ئۇيغۇرچە ئۆگەندىم . سىنىپتىمۇ بالىلارغا بىر ئېغىز خەنزۇچە ، بىر ئېغىز ئۇيغۇرچە سۆزلەپ يۈرۈپ ئاخىرى باشلانغۇچنىڭ 4 ـ يىللىقىغا كەلگەندە بۇ

باللار خەنزۇچە دەرس ئاڭلىيالايدىغان بولدى» .
ئاستا - ئاستا بۇ تاغلىق رايوندا باللارنىڭ خەنزۇچە تېك-ستىت ئوقۇغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، پەرزەنتلىرىنىڭ تورلۇك قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، خەنزۇ تىلىنى تىرىشىپ ئۆ-گىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تاغلىق رايون خەلقى شادلاندى. ئۇلار-نىڭ جاپاكەش ئوقۇتقۇچىسىدىن مەمنۇن بولدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن بۇ ياش خەنزۇ ئوقۇتقۇچى ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر رىشتە پەيدا بولۇپ، مىللەت پەرقى دېيىدىغان توساق بۇزۇپ تاشلاندى. شيې شىنمىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى-نى يادىغا ئالغىنىدا تېخىمۇ روھلىنىپ مۇنداق دېدى:
«ئاتا - ئانىلارمۇ ماڭا ئىشەندى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىممۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئەينى چاغدا ئۇ يەرنىڭ شارائىتى ناچار بولغاچقا، تاماقتا بەك قىينالغان ئىدىم، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بۇنى ئۇققاند-دىن كېيىن مېنى داۋاملىق ئۆيلىرىگە تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇردى، ياتىقىمدا ئوتۇن بولمىسا ئوتۇن ئەكىلىپ بېرەتتى، بەزى-لىرى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن سۇ ئەكىلىپ بېرەتتى. مەنمۇ شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ پاراڭلى-شىپ كېلەتتىم. شۇڭا بىزنىڭ ئارىمىزدا خەنزۇ - ئۇيغۇر دەپ مىللەت ئايرىيدىغان ئىش يوق ئىدى.»
ئەلۋەتتە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەككىز يەن دەرسىنىڭ ھەممى-سىنى بىر ئۆزىلا ئۆتىدىغان، سىنىپقا ئەتىگەن كىرسە كەچكىچە دوسكا ئالدىدىن كەتمەيدىغان بۇ ياش خەلق ئوقۇتقۇچىسى باللار ئۈچۈن ھەقىقەتەن كۆپ ئەجر سىڭدۈرگەن ئىدى. تۇرمۇشتىمۇ نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەر دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدى. توغرا، ئۇ بۇ جاپالىق رايوندىن قايتىپ كېتىش ئويىغىمۇ كەلدى، ئەمما، بىلىمگە تەشنا مېھرلىك قارا كۆزلەر ئۇنى بۇ خىيالدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايتۇردى .

« ئۇ يەردە تۇرمۇش شارائىتى ھەقىقەتەن ناچار ئىدى ، سەي - كۆكتات دېگەن ئاساسەن يوق ئىدى . قىشلىقى سۇمۇ قىس بولاتتى . سۇ ئىچىش ئۈچۈن سايدىن مۇز ئەكىلىپ قازاندا ئېرىتەتتۇق . شۇڭا بۇ قىيىنچىلىقلارنى ئويلاپ دەسلەپتە قايتىپ كېتىش ئويىغىمۇ كەلگەن . كېيىن يېزا رەھبەرلىرى ، يېقىن خەلقى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسىدا قىلغان ئىشىمنى باشقا ئېلىپ چىقاي دەپ يەنە قېلىپ قالدىم » .

تاغلىق رايون پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆگىنىشتىكى قەتئىي ئىرادىسى بۇ ياش مۇئەللىمگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى ، ئۇ باللارغا قاراپ تېخىمۇ غەيرەتلەندى ، ئۇلارنى زادى ئاخىرغىچە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئىستىكى كۈچەيدى ھەمدە شارائىتنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن باللارنىڭ كۆپ قىيىنلىشاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىغا باللارنى ناھىيىلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەپ ئوقۇتۇش ئىلتىماسىنى سۇندى . ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى ناھايىتى تېزلا تەستىق سىلىپ ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ناھىيە بازىرىغا يۆتكەپ كېلىشكە قوشۇلدى . شۇنىڭ بىلەن تېخى تاغلىق رايون سىرتىغا چىقىپ باقمىغان بۇ 19 ئوقۇغۇچى ۋە يەتتە يىلنى ئۇلار بىلەن تەڭ ئۆتكۈزگەن بۇ ئوقۇتقۇچى 1997 - يىلى 3 - ئايدا ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەلدى . شىي شىنمىن ئوقۇغۇچىلىرىنى ناھىيە بازىرىغا يۆتكەپ كېلىش سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى :

« بۇ باللار يېزىدىكى چاغدا خەنزۇچە دەرس ئاڭلىيالىغۇدەك بولدى ، لېكىن ئۇلار سۆزلىشىشتە ناھايىتى قىينالدى ، يېزىدا مەندىن باشقا خەنزۇ يوق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە تېلېۋىزور ، خەنزۇچە گېزىت - ژۇرنال بولمىغاچقا ، خەنزۇچىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىدىغان شارائىت بولمىدى . شۇڭا بۇ ئوقۇغۇچىلارنى

ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەش ئويىغا كېلىپ ، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ۋە يېزا رەھبەرلىرىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلدىم . ئۇلار ناھايىتى تېزلا قوشۇلۇپ ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنى بازار ئىچىگە يۆتكەدۇق . بۇ بالىلارنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا ، دەسلەپتە تۇرمۇش ۋە دەرس جەھەتتە بىر ئاز قىينالدى . بۇ بالىلار چىدامچان ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشتىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ چىقتى . ئىمتىھانلاردا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . »

بۇ ئوقۇغۇچىلارنى يەنىلا شىي شىنمىن ئۆزى سىنىپ مۇدىرى بولۇپ ئوقۇتتى ، گەرچە بۇ ئوقۇغۇچىلار ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى تۆۋەنلىگەن تۇرمۇشتا بىر ئاز قىينالغان بولسىمۇ ، ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياردىمىدە ئوقۇشىنى نورمال داۋاملاشتۇردى . ئۆگىنىشتە ئەسلىدە مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن ھەسسىلەپ تىرىشىپ ئۆگەندى . 2000 ـ يىلىغا كەلگەندە توققۇزى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ سىنىپىغا ، بىر نەچچىسى ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا ماڭدى ، قالغانلىرى ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا كىرىپ ئوقۇدى .

« بۇ ئوقۇغۇچىلار دەسلەپتە باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندە 21 ئىدى ، كېيىن ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ دادىسى بۇ خەنزۇ ئوقۇتقۇچى بالىلىرىمىزغا بىر نېمە ئۆگىتەلمەيدىكەن ، بۇ بالىلار كېيىنچە يا خەنزۇچىدا بولالمايدىغان ، يا ئۇيغۇرچىدا بولالمايدىغان شىنجاڭدىكى ‹14 ـ مىللەت› بولۇپ قالغۇدەك ، دەپ بالىلىرىنى ئۇيغۇرچە مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەن ئىدى . قېپقالغان 19 ئوقۇغۇچىنىڭ توققۇزى 2000 ـ يىلى ياخشى نەتىجە بىلەن خاڭجۇدىكى شىنجاڭ سىنىپىغا ئۆتتى ، قالغان ئونىنىڭ بەزىلىرى ئۈرۈم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئۆتتى ، بەزىلىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ » .

بۇ ئوقۇغۇچىلار بۇ خەنزۇ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىرگە ئۆتكەن 10 يىل جەريانىدا ئۇنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشتى ، گەرچە بۇ مۇئەللىمنىڭ ئايدا ئالىدىغان مائاشى ئاران 80 يۈەن بولسىمۇ ، ئۆز ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ھېچنېمىنى ئايىمىدى .

«بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناھايىتى ناچار ئىدى ، بەزىلىرى ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمەيتتى ، ھەتتا دەپتەر ـ قەلەم سېتىۋېلىشقىمۇ پۇل چىقىرالمايتتى . ئۆزۈم ئەينى ۋاقىتتا ئاران 80 يۈەن مائاش ئالاتتىم ، شۇنداقتىمۇ ئاتا ـ ئانامدىن ئېلىپ بولسىمۇ بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلەپ ، دەپتەر ـ قەلەم پۇللىرىنى كۆتۈرۈۋەتتىم . گەرچە مەكتەپتىن ئۇلارغا ئاشخانا سېلىپ بەرگەن بولسىمۇ ، نۇرغۇنلىرى تاماق پۇلىنى تۆلىيەلمەيتتى . شۇڭا يەنە بەزى بالىلارنىڭ تاماق پۇللىرىنى تۆلىۋەتتىم ، ئاتا ـ ئاناممۇ بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇنچىلىك تىرىشچانلىقىنى كۆرۈپ ، شەنبە ، يەكشەنبە كۈنلىرى بازاردىن قوي گۆشى ئەكىلىپ ، بالىلارغا تاماق ئېتىپ بېرەتتى .»

1997 ـ يىلى 5 ـ ئاي ، شىنجاڭدا دەل 15 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەلىم ـ تەربىيە ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلىۋاتقان مەزگىلدە ، شيې شىنمىننىڭ 19 ئوقۇغۇچىسى بىرلىشىپ « شىنجاڭ گېزىتى » ، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى » ، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى » ، «خوتەن گېزىتى » قاتارلىق ئاخباراتلار ئورۇنلىرىغا خەت يېزىپ ، تاغلىق رايون مائارىپى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرگەن مۇئەللىمنىڭ ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى . ئارقىدىن ھەر قايسى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ ئۇنى زىيارەت قىلىپ ، ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى .

1997 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەينى چاغدىكى ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى ياڭ جاۋجى ۋە ۋالىي جۇرئەت مەمتىمىن شىپ شىنمىن ۋە ئۇنىڭ 19 ئوقۇغۇچىسىنى ۋىلايەتكە تەكلىپ قىلىپ كۈتۈۋالدى ھەمدە ئۇلارنى ۋىلايەت تەۋەسىدە يەتتە كۈنلۈك زىيارەت ـ ئېكسكۇرسىيىگە ئورۇنلاشتۇردى.

7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يېيىق يېزىسى يىغىن ئېچىپ، شىپ شىنمىنغا «خەلقنىڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى. 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نىيە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يىغىنى ئېچىپ، شىپ شىنمىنغا «مۇنەۋۋەر خەلق ئوقۇتقۇچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى ھەمدە ناھىيىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى يولداش شىپ شىنمىندىن ئۆگىنىشكە چاقىردى. 1998 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، شىپ شىنمىن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەرىپىدىن ۋىلايەت بويىچە بىردىنبىر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس سۈپىتىدە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا كۆرسىتىلدى. 1998 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «مەملىكەتلىك 1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشتى. شۇ يىلى يەنە نىيە ناھىيىلىك 12-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋە 9 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە «خوتەن ۋىلايىتى بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياش»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى»، «مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر باغۋەن» قاتارلىق شەرەپلىكناملارغا ئېرىشىپ، ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرى «نۇر گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن تونۇشتۇرۇلدى. 2000 ـ يىلى يەنە «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن جۇڭگو ئىشچىلار

www.uyghurkitap.com

ھەرىكىتى ئىنستىتۇتىنىڭ «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى سىنىپى» غا ئەۋەتىلدى، ئۇ ھازىر شۇ ئىنستىتۇتتا ئوقۇماقتا.

نامرات تاغلىق يېزىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بۇ ھارماس باغۋەن ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا توختىماستىن ئىزدىنىپ، تاغلىق رايون مائارىپىغا ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى بېغىشلىدى. گەرچە يېشى 30 دىن ئاشقان بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە توي قىلالمىدى. قىزلارمۇ ئۇنىڭ جاپالىق خىزمەت ئورنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن قاچتى. ئەمما ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن قەتئىي ئۆكۈنمىدى، چۈنكى ئۇ 10 يىلنىڭ ئالدىدا كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇلىرى بىر - بىرلەپ ئىشقا ئېشىپ، مېھنەت مېۋىلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

«مەن ھازىر 32 ياشقا كىردىم، ئەمما ھازىرغىچە توي قىلالمىدىم، يېقىن يېزىسىغا بارغاندا ئاران 20 ياشتا ئىدىم. مەن ئۇ يەردە ئىشلەۋاتقاندا ئاتا - ئانام توي ئىشىمنى بەك تەكىتلىدى، ئەمما مېنىڭ شۇنچىۋالا جاپالىق جايدا ئىشلەيدىغانلىقىمنى ئۇقۇپ، ھېچكىممۇ مەن بىلەن توي قىلىشنى خالىمىدى. كېيىن ناھىيە بازىرىغا يۆتكىلىپ كەلگەن بولساممۇ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، ئۇ ئىشلارمۇ بىر ياققا قايرىلىپ قالدى. كېيىن تۆت يىللىق ئوقۇشقا كەلدىم. شۇنداق بولسىمۇ مەن قىلچە ئۆكۈنمەيمەن، 19 ئوقۇغۇچىنى تەييارلىق سىنىپتىن باشلاپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇتتۇم، چوڭ ئىش قىلالمىغان بولساممۇ ئۆز ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم، شۇڭا پۇشايمان قىلمايمەن.»

بۈگۈنكى كۈندە پۈتكۈل ناھىيىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات قەدىمى تېزلىشىپ، بۇ تاغلىق رايوننىڭ قىياپىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئىلگىرىكى شېغىللىق يوللارنىڭ ئورنىنى ئال-

لىقاچان قاپقارا ئاسفالت يوللار ئالدى ، يېزىدىن ناھىيە بازىرىغا نەچچە سائەت ماڭىدىغان يولدا ھازىر بىر سائەتمۇ كەتمەيدىغان بولدى ، دېھقان - چارۋىچىلارمۇ نوقۇل ھالدىكى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن بازار ئىگىلىكىگە قاراپ دادىل قەدەم تاشلاپ ، ئۇچۇرغا يۈزلەندى ، ئاممىباب ئىپتىقاندا ھەممىسىنىڭ يانچۇقى پۇل كۆردى ، ئەمما بۇ يېزىدىكى كىشىلەر 10 نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئاشۇ جاپالىق يىللاردا قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي « تاغلىق رايون پەرزەنتلىرىگە يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرگەن بۇ ياش ئوقۇتقۇچىنى ئۇنتۇپ قالمىدى . بۇ ياش ئوقۇتقۇچىمۇ ئەينى يىللاردا ئۆزىنى بىر تۇغقىنىدەك كۆرگەن ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قىلغان غەمخورلۇقىنى ئۇنتۇپ قالمىدى . ئۇ ھازىر يۇرتىنىڭ مائارىپىغا بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا . بىزمۇ جاپا دېڭىزىدا ئۈن - تىنسىز ئۈزگەن بۇ تۆھپىكار باغۋەننىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشىشىگە تىلەكداشمىز .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئىسلاھات نۇرىدا ھاللانغان يېزا

## — كورلا شەھىرى يېڭىشەھەر يېزىسىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشىگەندىن كېيىنكى تەرەققىياتى توغرىسىدا

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سىيا-سىتى ئېلىمىز يېزىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئىگە قىلدى، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ كىرىمى يىلمۇ يىل ئېشىپ، ماددىي تۇرمۇش شارائىتى كۆنسېرى ياخشىلاندى. بۇنىڭلىق بىلەن دېھقان – چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان ئىنتىلىشى تېزدىن يۇكسىلىپ، پەن – تېخنىكىغا تايىنىپ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېڭى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى كورلا شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان يېڭىشەھەر يېزىسى شەھەر بىلەن تۇتاش يېزىلارنىڭ بىرى. ئومۇمىي كۆلىمى 27.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ يېزىنىڭ مىللەت قۇرۇلمىسىدا ئۇيغۇرلار ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 93 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ يېزا دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن كورلا شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى-نىڭ بىۋاستە قوللىشى ئارقىسىدا پەن – تېخنىكىنى يېتەكچى، خەلقنى بېيىتىش، خەلقنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى نىشان، كۆكتات-

چىلىق قۇرۇلۇشىنى باشلامچى قىلىپ ، جۇغراپىيىلىك ئۈستۈن-لۈككە تايىنىپ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ، سەرخىللاشتۇ-رۇپ ، باغۋەنچىلىك ، باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ ، 2 ـ ، 3 ـ كەسىپلەرنى ۋە روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە رايون ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى . 2001 ـ يىلى بۇ يېزىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 19 مىليون يۈەنگە ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 3959 يۈەنگە يېتىپ ، كورلا شەھىرى بويىچە ئىقتىسادى ئەڭ ياخشى يېزىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى . يېڭىشەھەر يېزىسىنىڭ باشلىقى سەمى بارات ئەھ-ۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

«يېڭىشەھەر يېزىمىز 90 ـ يىللاردىن بۇرۇن نەشپۈتلۈك باغ كۆلىمى 2000 موغا يەتمەيدىغان ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى بىرقەدەر تۆۋەن يېزىلارنىڭ بىرى ئىدى . 1990 ـ يىلى كورلا شەھەرلىك پارتكوم ، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزىلاردا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە يېزى-مىزدا پارنىكنى ئاساس قىلغان كۆكتاتچىلىق ، نەشپۈتنى ئاساس قىلغان باغۋەنچىلىك ، ئائىلە چارۋىچىلىقىنى ئاساس قىلغان باق-مىچىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈۋرۈك كەسىپ شەكىللەندى . ھازىر يېزىمىزدا 7000 مودىن ئوشۇق نەشپۈتلۈك بار ، يېزىمىز كورلا شەھىرىنى ۋە باشقا رايونلارنى يىلىغا 3000 توننا نەشپۈت بىلەن تەمىنلەيدۇ . ھەرخىل ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويغاندىن كېيىن ، سىچۈەندىن نۇرغۇن دېھقانلار تەكلىپ قىلىن-نىپ پارنىك ـ لاپاسنى ئاساس قىلغان كۆكتاتچىلىق يولغا قويۇل-دى . ھازىر يېزىمىزدا پارنىك كۆكتات ئېتىزى 6010 موغا يېتىدۇ . بۇنىڭدىن يىلىغا 80 مىڭ تونىدىن ئارتۇق كۆكتات چىقىدۇ .بۇ كۆكتاتلار كورلا شەھىرىنى تەمىنلەپلا قالماستىن يەنە ئۈرۈمچى ،شىخەنزە قاتارلىق جايلارنى تەمىنلەپ كەلمەكتە .»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دېھقانلارنىڭ كىرىمى يىلدىن يىلغا ئاشقانلىقتىن ، دېھقانلار-
نىڭ تۇرمۇشىمۇ يىلدىن يىلغا ياخشىلىنىپ باردى . بۇ يېزىدىكى
دېھقانلار شەھەر بىلەن يېقىن بولۇشتەك ئەۋزەللىكتىن تولۇق
پايدىلىنىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ ، بازارغا تېز ئاتلاندى .
بىز يېزا باشلىقىنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ يېزىنى ئايلىنىپ قويۇق
تىكىلگەن نەشپۈت دەرەخلىرىنى ، رەت - رېتى بىلەن تۇرغان
پارنىكلارنى ، يېڭىچە مىللىي پاسوندا سېلىنغان چىرايلىق ئۆيلەر-
نى كۆردۇق . نەشپۈتتىن ئىبارەت كورلىنىڭ بۇ كوزىر مەھسۇلا-
تىنىڭ ھەرقاچان بازارسىز قالمايدىغانلىقىنى دېھقانلار ناھايىتى
ياخشى بىلەتتى ، ئەلۋەتتە . بۇ يېزىدىكى ھەرقانداق بىر دېھقاننىڭ
ھويلىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالسىڭىز ، ئازادە ھويلىغا رەت-
لىك تىكىلگەن نەشپۈت دەرىخى كۆزىڭىزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ .
ئۇنىڭدىن باشقا ، كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولغان كۈندىلىك كۆك-
تات مەھسۇلاتلىرىنى تېرىشمۇ بۇ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ ئاساسىي
پائالىيىتى . بۈگۈنكى كۈندە كىرىمنى كۆپەيتىشنى ئارزۇلىغان
ھەرقانداق كىشىگە تولۇق شارائىت بار . شۇنىڭ ئۈچۈن ، پۇرسەت-
نى چىڭ تۇتۇش ، بازاردا كەمچىل ، بازار ئېھتىياجلىق مەھسۇلات-
لارنى يارىتىپ كىرىمنى كۆپەيتىش — دېھقانلارنىڭ ئالدىغا قو-
يۇلغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى . يېڭىشەھەر يېزىسىدى-
كى دېھقانلار بازارغا يۈزلىنىش قانۇنىيىتىنى تونۇپ يەتكەچكە ،
ئۆز كىرىمىنى كۆپەيتەلىدى . ئىلگىرى بۇنداق پۇرسەتلەر ۋە
شارائىتلار ناھايىتى ئاز ئىدى . بىز يېڭىشەھەر يېزا چارباغ كەنت
1 - ئەترەتتىكى دېھقان ھەمدۇل خالىقنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمىزدا ،
ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ئىلگىرىكى ھال - ئوقىتى ياخشى
بولمىغان غورىگىل تۇرمۇشىدىن بۈگۈنكىدەك ئازادە ھويلىسى ،
مېۋىلىك بېغى ، كۆكتات ئېتىزى ، قوتاز ، قوي ، كالىسى بولغان
پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق

دېدى :

«ئىلگىرى مېنىڭ تۇرمۇش شارائىتىم ياخشى ئەمەس بولۇپ ، كىرىمىم 1000 يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى ، سىياسەت قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن مەن بۇنىڭ شاراپىتى بىلەن ئىگىلىك تىكلەپ پۇل تاپتىم ، ھازىر يىللىق كىرىمىم 50 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ ، تۆت بالام بار ، ئالدى ئۈرۈمچىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ . ئۇلارنى ئوقۇتۇش جەھەتتىمۇ قىينالمىدىم . مەن بۇ پۇللارنى باغۋەنچىلىك ، كۆكتاتچىلىق ، باقمىچىلىق قىلىپ تاپتىم ، مەن پارتىيىنىڭ سىياسىتىدىن رازى . »

دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشقاندا ، تۇرمۇشى خاتىرجەم بولىدۇ . ئەمما «جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق» دېگەندەك ، يەنىلا جاپالىق دەقىقىلەرنى باشتىن ئۆتكۈزمىگەندە ، تولۇق خاتىرجەملىككە ئېرىشكىلى بولمايدۇ . بۇگۈنكى كۈندە پارتىيە ، ھۆكۈمەت نۇرغۇن ئېتىبار بېرىش ، قوۋۋەتلەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ ، دېھقانلارغا كىرىمىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە كەڭ ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىۋاتىدۇ . مۇشۇنداق ئەھۋالدا ، دېھقانلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ ، ئۇلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم . يېڭىشەھەر يېزىسى ھازىرقى شارائىتتا بۇ مۇھىم مەسئولىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق يېڭى تەدبىر ، نىشان بېكىتىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى . بۇ ھەقتە يېزا باشلىقى سەمى بارات مۇنداق دېدى :

«بىز پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە تۈزۈپ بەرگەن تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن ئوبدان پايدىلىنىپ ، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمىنى ئۈچ يىل ئىچىدە 6000 يۈەنگە چىقىرىشنى ئويلىشىۋاتىمىز ، بىز ئۆزىمىزدە بار بولغان تۆۋرۈك كەسىپنى ياخشى يولغا قويۇپ ، شەھەرگە يېقىن بولۇش ئەۋزەللى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىپ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى داۋاملىق ئاشۇرىمىز » .

دەرۋەقە ، يېڭىشەھەر يېزىسىدىكى دېھقانلار ئالدى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سىياسىتىدىن توغرا پايدىلاندى ، تىرىشچانلىق بىلەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ كىرىمنى ئۇزلۇكسىز كۆپەيتتى . ھەمدۇل خالىقتا ئوخشاش دېھقانلار ھازىر يېڭىشەھەر يېزىسىدا ئوتتۇراھال ھاللانغان دېھقان سانىلىدىغان بولدى .

نۆۋەتتە ، يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى . چۈنكى ، كىرىم ئاشقاندىلا ، نامراتلىقنى تۈگەتكىلى ، تەرەققىياتنى تېزلەتكىلى بولىدۇ ، نامراتلىق تۈگىگەندە دېھقانلار سىياسەتكە ، ھەرخىل پەن ـ مەدەنىيەتكە ، ئىلىم-مەرىپەتكە ئاكتىپ كۆڭۈل بۆلىدىغان بولىدۇ ، ئۇلاردا ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدايدىغان ئاڭ تېخىمۇ ئۆسىدۇ . يېڭىشەھەر يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ئىشەنچلىك ھالدا كەلگۈسى توغرىسىدا ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا تۈزگەن پىلانلىرىدىن ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ھۆسن قوشۇپ ، بۇ يېزىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان نەچچە مىڭ مو نەشپۈتزارلىقتىن ، يىللىق كىرىمى 40 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن ھاللىق سەۋىيىدىكى دېھقانلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى ، يېڭىشەھەر يېزىسى ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە بۈندىن كېيىنكى بازار رىقابىتىدە تېخىمۇ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ ، ئەلۋەتتە .

# قاشتېشى ماكاندا سەنئەت كۆيلىرى

## —يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم

لەپەر—ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان بىر خىل سەنئەت شەكلى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى ۋاقىتلارغىچە لەپەر تىلغا ئېلىنىسىلا، تەبىئىي ھالدا داڭلىق لەپەرچى سۇلايمان روزى بىلەن سودىيە مەخمۇت كىشىلەرنىڭ ئېسىگە كېلىدىغان بولۇپ قالغان. چۈنكى، بۇ ئىككى سەنئەتكار ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق سەنئەت ھاياتىدا لەپەرنى سەھنىلەردە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئويناپ، بۇ خىل سەنئەت شەكلىنى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە تونۇتۇپ، ئۇيغۇر شەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شۇنداقلا دۇنيا-ياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن قان - تەرىنى سىڭدۈرگەن، خوتەن سەنئىتىمۇ شۇلار ئارقىلىق كىشىلەرگە تونۇلغان. سۇلايمان روزى ۋە سودىيە مەخمۇتتەك داڭلىق سەنئەتكارنى شۇنداقلا سالا-مەت مەخسۇت، مۇنەۋۋەر، ئەخمەتجان قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنگەن ناخشىچىلارنى يېتىشتۈرگەن، مەرھۇم زوڭلى جۇئېنلەي قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ پېشقەدەم رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي غەمخور-لىقىغا ئېرىشىپ، ئەينى يىللاردا نۇرغۇن شان - شەرەپلەرگە ئېرىشكەن خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەزمۇنى ساغلام، بەدئىيلىكى يۇقىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىپ ۋە سەھنىلەشتۇرۇپ ئوينىپ، پارتىيىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تولۇپ تاشقان قىز-غىنلىق بىلەن كۈيلەپ، چېگرا رايون خەلقى بىلەن ئىچكى ئۆلكە-لەردىكى خەلقنىڭ قەلبىنى تۇتاشتۇرۇش، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئېگىزلىك تۆھپە قوشتى.

خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى ئەسلى-دە 1937 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، خوتەندىكى «سانائى نەفىسە» نامىدىكى سەنئەت يۇرتى ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن خوتەن سەن-ئەت ئۆمىكى بولۇپ قۇرۇلدى. ئۇ چاغلاردا بۇ سەنئەت ئۆمىكى خوتەن خەلقىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، خوتەننى تەش-ۋىق قىلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. 1965 ـ يىلى بۇ سەنئەت ئۆمىكى خوتەندىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئوتلۇق سالىمىنى ئېلىپ پايتەخت بېيجىڭغا ئويۇن قويغىلى بېرىپ، مەرھۇم زۇڭلى جۇئېنلەينىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. شۇ چاغدا ئويۇننى كۆرۈپ خۇش بولغان مەرھۇم زۇڭلى جۇئېنلەي سەنئەت ئۆمىكىگە خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» دەپ نام قويۇپ بەردى ھەمدە ئۆمەكتىكىلەرنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇلاردىن سوتسىيالىزمنى، مىللەتلەر ئىتتىپاق-لىقىنى كۈيلەشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلغان ئىدى. داڭلىق لەپەر-چى سودىيە مەخمۇت ئەينى چاغلاردىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇڭ-داق دېدى:

«1965 ـ يىلى جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ، مۇئاۋىن زۇڭلى خې لۇڭ، چېن يىلارنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن 32 نەپەر خادىمدىن تەشكىللەنگەن سەنئەت ئۆمىكىمىز بېيجىڭغا ئويۇن قويغىلى بار-دۇق. شۇ چاغدا بىز پايتەخت بېيجىڭدا تۆت مەيدان ئويۇن قوي-دۇق، ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن زۇڭلى جۇئېنلەي بىزنى

جۇڭنەنخەيدىكى ئائىلىسىگە تاماققا تەكلىپ قىلدى . بىز جۇئېن-لەي زۇڭلىنىڭ ئائىلىسىدە ناھايىتى ياخشى مېھمان بولدۇق ، سورۇندا دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى بار ئىدى ، داستىخان ناھايىتى مول ئىدى ، بىر چاغدا زۇڭلىنىڭ تەلىپى بىلەن قوناق ئۇنىدا قىلىنغان قۇيماق ئېلىپ كېلىندى ، زۇڭلى جۇئېنلەي قۇيماقنى قولىغا ئېلىپ : «بۇ ، قوناق ئۇنىدا قىلىنغان قۇيماق ، سىلەرنى مەن بېيجىڭغا ، ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلدىم ، جۇڭگو خەلقى-مىز ، خوتەندىكى نامرات خەلق ھېلىمۇ مۇشۇ قوناق ئۇنىدا قىلىن-غان تاماقنى يەۋاتىدۇ ، سىلەر بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭلار ، دېدى . مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن تەسىرلەندىم ، كېيىن ماڭا قاراپ : «سىز ماڭا بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىڭ » ، دېدى ، مەن «نەنىنىۋەن » دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بەردىم ، جۇئېنلەي زۇڭلى مەن بىلەن ناخشا ئېيتقاچ بىرلىكتە ئۇسسۇل ئوينىدى ، ئاندىن : «سىلەر ناھايىتى يىراقتىن كەلدىڭلار ، مەن سىلەر خوتەن ناخ-شا-ئۇسسۇل ئۆمىكىگە ئىسىم قويۇپ بېرەي ، خوتەن — قاشتېشى دىيارى ، شۇڭا سىلەرنىڭ ئۆمىكىڭلارنىڭ ئىسمى «قاشتېشى ناخ-شا - ئۇسسۇل ئۆمىكى» بولسۇن . ئەلۋەتتە ، قاش تېشىنىڭ يېڭىسى ھەم كونىسى بولىدۇ ، سىلەر يېڭى زاماننىڭ ياش ئار-تىستلىرىكەنسىلەر ، شۇڭا قاشتېشى دېگەن ئىسىمنىڭ ئالدىغا «يېڭى» سۆزىنى قوشايلى ، ئۆمەكنىڭ نامى «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» بولسۇن ، سىلەر يۇرتۇڭلارغا قايتقاندىن كېيىن ۋە باشقا يەرلەردە ئويۇن قويغاندىمۇ ۋەتەننى كۈيلەڭلەر ، دېدى . زۇڭلى جۇئېنلەينىڭ بۇ سۆزلىرى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭ-لاپ تۇرماقتا . »

بۇ ئىشنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە 40 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولغان بولسىمۇ ، لېكىن «يېڭى قاشتېشى » سەنئەت ئۆمىكىدىكى سەنئەت-كارلار پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي ئۈمىدىنى ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋاقىت ئىسىدىن چىقىرىپ قويمىدى . ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تۆھپە قوشۇپ ، پېشقەدەم دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي ئۈمىدىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئاقلاپ كەلدى . ئۆمەك رەھبەرلىكى كەسپىي خىزمەتنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە ، ئارتىستلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مۇقىملىقنى قوغداش ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ ، ئۇلارنى ئۆزئارا ياردەم بېرىش ، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىش ، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشقا ، باراۋەرلىك ، ئىتتىپاقلىق ، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا يېتەكلىدى .

«يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» ئۆز رايونىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا بىر قاتار سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ ۋە ئىجاد قىلىپ ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ ئويناپ ، خوتەننى ۋە شىنجاڭنى تەشۋىق قىلىشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى . بۇ ئۆمەكتىكىلەر يېقىنقى يىللاردا خەلق ئارىسىدىكى سەنئەت مىراسلىرىنى قېزىش ، كونىدىن يېڭىنى يارىتىش ، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئاساسىدا 230 نەچچە نومۇرنى ئىجاد قىلىپ سەھنىلەشتۈردى .

ئۇلار ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئويۇن قويغاندا ، ئۆز نومۇرلىرىدا چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەر ۋاقىت بىيجىڭغا تەلپۈنىدىغانلىقىنى ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك قەلبداش ، ھەمنەپەس ، تەقدىرداش بولۇپ ، چېگرا رايوننى قوغداش ، ئېچىش ، گۈللەندۈرۈش ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولىدا مۇرىنى - مۇرىگە

تىرەپ باتۇرلارچە كۈرەش قىلىشۋاتقان ، مۇقىملىقنى مۇستەھكەم-لەش ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان جەسۇرانە ئوبرازىنى نامايان قىلدى . چەت ئەللەرگە چىقىپ ئويۇن قويغاندا گۈزەل يۈرتىمىزنى ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختىيار تۇرمۇشىنى كۈيلەپ ، ۋەتىنىمىزنى ، جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ يېڭى قىياپىتىنى خەلقئارادا نامايان قىلدى .

«يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» ئۆمەك قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئۆمەكنىڭ بۈگۈنكىدىن كېيىنكى سەنئەت تەشۋىقاتى خىزمىتىدە ياش ئارتىستلارنى تەربىيىلەشنىڭ بۇ ئۆمەكنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ ، ياش ئارتىستلارنى تەربىيىلەش ئىشلىرىنى ئىزچىل مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلدى . داڭلىق لەپەرچى سۇلايمان روزىنىڭ 17 - شاگىرتى بولغان سودىيە مەخمۇتمۇ ئۇستازى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن لەپەر ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەش يولىدا ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇپ كەلدى . سودىيە مەخمۇت مۇنداق دېدى :

«مەن سۇلايمان ئاكامنىڭ 17 - شاگىرتى ، يەنى سۇلايمان ئاكام مەندىن بۇرۇن 16 قىز ئارتىستنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىپ لەپەر ئويناپتىكەن ، سۇلايمان ئاكام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ياش پەرقىمىز خېلى چوڭ بولسىمۇ ، ئوبدان ماسلىشىپ كېتەلەيتتۇق ، ئەمما سۇلايمان ئاكام پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن مەن بىلەن ھەقىقىي ماسلىشىپ لەپەر ئوينايدىغان ئارتىستنى تېپىش بىر مەسىلە بولدى ، چۈنكى خەلق سۇلايمان ئاكام بىلەن ئىككىيلەننىڭ لەپەرلىرىگە كۆنۈپ كەتكەن ، سۇلايمان ئاكامغا ھەم ئوخشايدىغان ، ھەم خاسلىقى ۋە نومۇرلىرى بىلەن ماڭا ماسلىشالايدىغان ئارتىستنى تېپىش ئۈچۈن مەن سۇلايمان ئاكام پېنسىيىگە چىقىشتىن بۇرۇن يەتتە ناھىيىنى كۆزەتتىم ، بۇ جەرياندا ئۆمەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشلىقى ياسىنمۇ بۇ مەسىلىنى ئويلىشىپتىكەن ، بىز بۇ ئەھۋالنى باشقارمىغا ۋە ۋىلايەتكە ئىنكاس قىلغاندىن كېيىن ، ئۇلار تەلىپە-مىزگە شەرتسىز قوشۇلدى . ئەخەتجان لوپ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەيتتى . قارىساق ، ئەخەتجاننىڭ بوي تۇرقى ، چىرا-ي شەكلى سۇلايمان ئاكامغا ئوخشايدىكەن ، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكەپ كەلدۇق ، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم بىللە لەپەر ئوينىدىم ، كىشىلەرنىڭ ئىنكاسى ياخشى بولدى ، كىشىلەر ئەخەتجان بىلەن ئوينىغان لە-پەرنى كۆرۈپ بۇ يىگىت سۇلايمان روزىنىڭ ئىنىسىمۇ ياكى بالى-سىمۇ ، قىلىقلىرى ، چىراي شەكلى سۇلايمان روزىغا نېمىدېگەن ئوخشىغان ، دېيىشىپ كەتتى . »

سودىيە مەخمۇتقا ئوخشاش ئۇستازلارنىڭ جاپالىق خىزمىتى نەتىجىسىدە ئۆمەكتىكى ياش ئارتىستلارنىڭ كەسپىي ئىقتىدارى ۋە باشقا جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى تېز بولدى ، سەنئەت ئۆمەكمۇ تۇرلۇك ئىشلاردا ياشلار ئۇچۇن يول ئېچىپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ كەڭ - كۇشادە مۇھىتتا ئۇسۇپ يېتىلىشىگە كەڭ سەھنە هازىر-لاپ بەردى . مۇشۇنداق تىرىشچانلىقلار بەدىلىگە ياشلار هازىر ئۆمەكنىڭ ئاساسلىق كۈچى بولۇپ قالدى ، ياش سازەندە مۇرات بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى :

«ئۆمىكىمىز قۇرۇلغاندىن بېرى ، پېشقەدەم سەنئەتكارلار بىزنى ئەقلىي ، ئەخلاقىي ۋە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ ، پەرۋىش قىلىپ كەلدى ، بىز ئۇلارغا چىن دىلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز . بىز ياش ئارتىستلار بۇنىڭدىن كېيىن پېشقەدەم ئار-تىستلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى ئۆمىكىمىزگە تىك-لەپ بەرگەن شان - شەرىپىنى ئىزچىل قوغداپ ، ياخشى ، ئېسىل سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ ، خەلقىمىزنىڭ سەنئەت ئېھتىيا-جىنى قاندۇرىمىز . »

توغرا يۆنىلىشكە تىرىشچانلىق قوشۇلغاندىلا ، نەتىجە قازىنىشتىن ئۈمىد تۇغۇلىدۇ . ئۆمەكتىكى پېشقەدەم ، ئوتتۇرا ياش ، ياش سەنئەتكارلارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە خوتەن ۋىلايەتلىك « يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى » ئىلگىرىكى نەتىجىلەر ئاساسىدا يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان «خوتەنلىكلەرنىڭ مۇھەببىتى» ، «قۇربان تۇلۇم بېيجىڭغا باردى» ، «چېگرا رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى قەلبداش» ، «چاڭئەندىكى ئۇدۇنلۇقلار» قاتارلىق ناخشا ـ مۇزىكىلارنى سەھنىلەشتۇرۇپ ئورۇنداپ ، ھەرمىللەت خەلقى ئارىسىدا زور ئىنكاس قوزغىدى . بۇ ئۆمەك ھەر قايسى جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئارقىلىق كۆپ قېتىم ۋىلايەت بويىچە « مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» ، «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئويۇن قويۇش ئۆمىكى» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشىپ ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدى .

خوتەن ۋىلايەتلىك « يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» قۇرۇلغاندىن تارتىپ ، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە رەھبەرلەرنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا ، ھازىرغا قەدەر ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى ساقلاپ كەلمەكتە ، يەرلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى تازا دېگەندەك يول تېپىپ كېتەلمەيۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە خوتەن ۋىلايەتلىك « يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇشتىن ئىبارەت ئۆمەك باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا . يېقىن كەلگۈسىدە يەنە سۇلايمان روزى ، سودىيە مەخمۇتقا ئوخشاش بىر تۈركۈم سەنئەت سەركىلىرى يېتىشىپ چىقىپ ، شىنجاڭنى پۈتۈن مەملىكەتكە ، دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن بۇ ئۆمەكتىن دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا سەھنىلەرگە ئاتلانغۇسى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يېرىم دۇنيالىق رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان خوتەن ئاياللىرى

پەرھات يۇسۇپ ، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم

«ئاياللار يېرىم دۇنيا» دېگەن بۇ سۆز ھازىرقى زاماندىكى كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ئورتاق تونۇشى . ئەمما بۇ سۆز ئازادلىقتىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنسا ، كىشىلەرگە كۈلكىلىك تۇيۇلۇشى مۇمكىن ئىدى . ئۇ ۋاقىتلاردا ئاياللار ئەرلەرنىڭ بېقىندىسى سۈپىتىدە ياشاپ كەلگەنىدى ، ئىجتىمائىي ئورۇن دېگەندىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . 1949 ـ يىلى ، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ، بۇ خىل ھالەتتە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى . 50 نەچچە يىلدىن بۇيان پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرى زور قىزغىنلىق بىلەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئاتلىنىپ ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى . جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . ئۇلار تۈرلۈك ئىشلاردا ئەرلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدىغان نەتىجىلەرنى يارىتىپ ، «يېرىم دۇنيالىق» رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى . ھەممىيلەنگە مەلۇمكى ، خەتەن ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چەت ياقىسىغا جايلاشقان ، تەبىئىي شارائىتى ناچار نامرات ۋىلايەتلەرنىڭ بىرى ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىسكەنجىسىدە ھەر يىلى قۇم ـ بوران بىلەن كۈرەش قىلىپ ياشايدى-

غان خوتەن خەلقى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نامراتلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . بۇ جەھەتتە ئاياللارنىڭ تۆھپىسىمۇ ناھايىتى زور بولدى . بىر قىسىم ئاياللار سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ھازىرلاپ بەرگەن كەڭ سەھنىدىن پايدىلىنىپ ، بازار رىقابىتىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ ، خوتەن ئاياللىرىنىڭ يېڭى ئوبرازىنى كىشىلەر ئالدىدا نامايان قىلماقتا .

فرانسىيە يازغۇچىسى بالزاك : «دۇنيانىڭ تەقدىرى ئانىلارنىڭ قولىدا» دېگەن ئىدى ، بۇ سۆزنى زامانىمىزدا جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن نى - نى تۆھپىلەرنى قوشۇۋاتقان ئاياللارنىڭ تۆھپىسىگە قارىتىپ ئېيتىلغان دېيىش تازا مۇۋاپىق بولمىسىمۇ ، لېكىن بۇنىڭدا ئاياللارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تەڭداشسىز ئورنى يورۇتۇپ بېرىلگەن . ئاياللارغا ھەرگىزمۇ ئاتالمىش «ئاياللارنىڭ چېچى ئۇزۇن ، ئەقلى قىسقا» دېگەن نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ، شۇنداقلا بۇنى نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان «ئەرلەر ئېزىز ، ئاياللار خار» دەيدىغان كۆزقاراش بىلەن ياندىشىشتۇرۇشقا بولمايدۇ . چۈنكى ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ھەتتا ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان جاسارەتكە ، ئەقىل - ئىدراككا ، قابىلىيەتكە ئىگە . ئازادلىقتىن بۇرۇن ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقى چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئىدى . سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ، ئائىلە ، نىكاھ جەھەتتىكى ھوقۇقى دائىم نەزەرگە ئېلىنمىغانلىقتىن ، ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا پۇرسەت بولمىغان ئىدى . ئازادلىقتىن كېيىن ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تەدرىجىي ئۆسۈشكە باشلىدى . ئىسلاھات ئاياللارنىڭ ئۆز قابىلى-

يىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئازادە مۇھىت ۋە ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى ، جۇملىدىن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىگە جايلاشقان خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئاياللارمۇ ئىجتىمائىي سەھنىگە چىقىپ ، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك قىممىتىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى . بۇ جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە ، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، خوتەن ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى زەينەپخان ئابدۇللا مۇنداق دېدى :

«خوتەن ۋىلايىتىدە 1 مىليون 500 مىڭ نوپۇس بولۇپ ، ئاياللار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 48 % تىنى ئىگىلەيدۇ ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئاياللار پەقەت ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىدۇ ، بالا تۇغۇشنىلا بىلىدۇ دەپ قارىلىپ كەلگەن . ئازادلىقتىن كېيىن خوتەن ئاياللىرى نىكاھ جەھەتتە ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ، ئىجتىمائىي ئورۇن جەھەتتە ياخشى ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولدى . مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاياللارغا ئوخشاش ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئورۇنغا ئېرىشتى ، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئاياللارنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە مۇنەۋۋەر ئايال كادىرلار ، ئايال كارخانىچىلار ، مۇنەۋۋەر ئايال پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ، بالىلىرىنى ياخشى باشقۇرغان ۋە تەربىيىلىگەن مۇنەۋۋەر ئانىلار يېتىشىپ چىقتى .»

ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يوقىرى كۆتۈرۈلگەندە ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى كۆپ بولىدۇ . خوتەن ۋىلايىتى ئاياللارنىڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ، ئۇلارغا سەھنە ھازىرلاپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نامراتلىق ھالىتىدىن تېزرەك قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ، بىر قاتار سىياسەتلەرنى بېكىتتى . مۇشۇ سىياسەتلەرنىڭ تۈرتكى-

ـسىدە ، خوتەن ئايالىرى ئارىسىدا 3 ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللى-
نىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ، ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلان-
دى . ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكسىلىشلەرگە ئەگىشىپ ، ئايال-
لارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى گەۋدىلىك ئۆستى . بۇ ھەقتە زەينەپ
ئابدۇللا مۇنداق دېدى :

«ۋىلايىتىمىز ئۆز يېرىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش
قىلىپ ئاياللار ئارىسىدا «ئۇچنى ئۆگىنىش ، ئۇچتە بەسلىشىش ،
پائالىيىتىنى يەنى سىياسەت ئۆگىنىش ، مەدەنىيەت ئۆگىنىش ،
پەن ـ تېخنىكا ئۆگىنىش ؛ ئۆگىنىشتە بەسلىشىش ، مەدەنىيەتتە
بەسلىشىش ، ئىتتىپاقلىقتا بەسلىشىش پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە
يولغا قويدى . بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئاياللارنىڭ ئېڭى ناھايىتى تېز
ئۆستى ، بىز يەنە ئاياللارنىڭ پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنى-
شىگە ياخشى ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بېرىپ ، پەن-تېخنىكا بىلەن
تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتۇق ، ۋىلايەت بويىچە 180 مىڭدىن
ئارتۇق ئايال بۇ كۇرستا تەربىيىلىنىپ ، ئىككىدىن ئارتۇق ئەمە-
لىي ھۈنەر ئىگەللەپ ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى ، ئاياللارنىڭ
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قاتنىشىش ئېڭى ناھايىتى يۈكسەلدى ،
بولۇپمۇ بازار ئىگىلىكىگە ئاتلىنىپ ، گىلەم توقۇپ ، مېۋە ـ چېۋە
تىجارىتى ، تىككۈچىلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يۈزلەن-
دى ، ھازىر بازار ئىگىلىكىگە ئاتلىنىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللى-
نىۋاتقان ئاياللار 30 مىڭدىن ئاشىدۇ .»

ۋىلايەتلىك پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە تەشۋىق
ـ تەربىيە خىزمىتىنى ئىشلىشى ، سەپەرۋەر قىلىشى نەتىجىسىدە
خوتەن ۋىلايىتىدە مۇنەۋۋەر ئايال كارخانىچىلار ، رەھبەرلەر ، يۇ-
قىرى كەسپىي ساپالىق ئاياللار يېتىشىپ چىقتى . سوتسىيالىس-
تىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، 3
ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ 30

مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 780 دىن ئارتۇق ئائىلە دېھقان تېخنىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. گىلەمچىلىك، تىككۈچىلىك، بورداقچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئائىلىلەر كۆپەيدى. ئائىلىلەر ئاز دېگەندە بىردىن ئارتۇق تېخنىكا ئىگىلەشكە يۈزلەندى. خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيە ئاقساراي يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق كارخانىچى روزىنىساخان بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئىلگىرى ئائىلىدە بالا بېقىش، يەر تېرىش ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇپ يۈرىدىغان ئائىلە ئايالى ئىدى، ئۇ كېيىن ئاياللارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش چاقىرىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن گىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، يىلىغا 25 مىڭ يۈەندىن ئوشۇق كىرىم قىلىدىغان، قول ئاستىدا 45 ~ 50 چە ئىشچى - خىزمەتچىسى بولغان گىلەمچىلىك كارخانىسى قۇرۇپ، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىنى يىلدىن يىلغا ئاشۇرۇپ باردى. روزىنىساخان بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

«مەن ئىلگىرى ئىش يوق بىكار ئولتۇراتتىم، كېيىن بۇ چاقىرىقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئائىلىدە بىكار ئولتۇرۇپ كۈن ئۆتكۈزگىچە يولدىشىمنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېنىكلىتەيچۇ دەپ، بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن بىر كىچىك گىلەم كارخانىسىنى قۇردۇم، بۇ كارخانىدا دەسلەپ پەقەت بىر نەچچىلا ئادەم ئىشلەيتتى، كېيىن تىجارىتىم بارغانسېرى ياخشى بولدى، ھازىر يىلىغا 20 مىڭ يۈەندىن ئوشۇق كىرىم قىلىمەن، كارخانامۇ خېلى تەرەققىي قىلدى، بۇ كارخانىنى ئېچىش جەريانىدا 1000 دىن ئوشۇق بالىنى ھۈنىرىم بىلەن تەربىيىلەپ بولدۇم، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارمۇ مەندىن ئىنتايىن رازى بولدى. مېنىڭچە، ھازىر بىزنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىمىز ئۆستى، نېمە ئىش قىلىمىز دېسەك پارتىيە شارائىت يارىتىپ بېرىدىغان بولدى.»

دەرۋەقە، «ئاياللار پەقەت ئائىلىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ» دېيىش

تولىمۇ ئادىل بولمىغان قاراش . بۈگۈنكى كۈندە تۈرلۈك جەھەتتى-
كى رىقابەتنىڭ كەسكىنلىشىشى ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيە-
سىنىڭ ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە شەكىللەن-
گەن ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئائىلىنىڭ يۈكىنى تەڭ كۆتۈرمىسە
بولمايدىغان تۇرمۇش ھالىتى ئاياللارنىڭ بازارغا يۈزلىنىش قەدى-
مىنى تېخىمۇ تېزلەتتى ، ئاياللار جىسمانىي جەھەتتە ئەرلەردىن
ئاجىزراق بولسىمۇ ، ئۆزىگە يارىشا ئىش - پائالىيەتلەر بىلەن
دادىل شۇغۇللىنىپ ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە
پائال رول ئوينىدى . خوتەن ۋىلايىتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوخ-
تۇرخانىسىنىڭ باشلىقى روشەنگۈل بېيجىڭ جۇڭيى ئۇنىۋېرسى-
تېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ ، ئۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ ئۇي-
غۇر تېبابەتچىلىك دورىلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۈزلەندۈرۈش ،
دوختۇرخانا قارىمىقىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورا زاۋۇتىنى
بازار رىقابىتىدە نەتىجە قازىنىشقا يېتەكلەش ئۈچۈن ناھايىتى زور
تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى . ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا
خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى تېز يۈك-
سەلدى . دەسلەپ قۇرۇلغان چاغلاردىكى تۈزۈك داۋالاش ئۈسكۈنى-
لىرى بولمىغان ، داۋالاش شارائىتى ئىنتايىن ئاددىي ، ئىشچى -
خىزمەتچىلىرى تۇراقسىز ھالەتتىكى كىچىك شىپاخانىدىن تەرەق-
قىي قىلىپ ، كېڭىيىپ ، بۈگۈنكى كۈندە 7 مىليون يۈەندىن
ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان ، ئامبۇلاتورىيە ، كېسەلخانا ، ئىشخانىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان 5880 كۋادرات مېتىرلىق ئۇنىۋېرسال يېڭى
خىزمەت بىناسىغا ئىگە ، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق ، يۇقىرى
مەلۇماتلىق تېببىي داۋالاش قوشۇنى يىغىلغان چوڭ دوختۇرخانىغا
ئايلاندى . دوختۇرخانا قارىمىقىدىكى دورا زاۋۇتىمۇ بۇ جەريانىدا
زورايدى ، ئىشلەپچىقارغان دورىلىرى شىنجاڭدىلا ئەمەس ، ئىچ-
كىرى ئۆلكىلەردىمۇ بازار تېپىپ ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى ئىچ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىرىگە تونۇشتۇرغان ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ قالدى . روشەنگۇل دوختۇرخانىنىڭ تەرەققىياتى ئۇچۇن ھەقىقەتەن كۆپ ئەجىر سىڭ- دۇردى . ئۇ دوختۇرخانا ۋە دوختۇرخانا قارىمىقىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورا زاۋۇتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى :

مەن دەسلەپ بۇ دوختۇرخانىغا كەلگەن چاغدا دورا ياساش ئۆيىدە دورا ياسايدىغان پەقەت ئۈچ قازانلا بار ئىكەن ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە دوختۇرخانىدا 50 دىن ئوشۇق كىسەل كارىۋىتى بار ئىكەن ، بۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ ، مەن رەھبەرلىككە دورا ياساش جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدىم ، رەھ- بەرلىكنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى شۇنداقلا دوختۇرخانىدىكى بار- لىق خىزمەتچى خادىملارنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى بىلەن بىز دەسلەپ دورا ياسايدىغان بۆلۈمدىن بىرنى قۇرۇپ چىقتۇق ، دەس- لەپتە بىز ئوكۇل سۇيۇقلۇقى ياسىدۇق ، كېيىن كاپسۇل ، تابلېت دورىلارنى ياساپ چىقتۇق ، ئىلگىرى پەقەت مەجۇنات دورىلىرىنى ، شەربەت دورىلىرىنى ياسايدىغان بۇ دورا دۇكىنىدا ھازىر زامانىۋى دورىلار ياسىلىدىغان بولدى ، كېيىن بىز دورا ياساش كۆلىمىمىز- نى كېڭەيتىپ 147 خىل دورىنى ياساپ چىقىشنى پىلان قىلىۋاتىد- مىز . دۆلەت بىزگە كۆپ ياردەم بەردى ، يېقىندا 7 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ 5000 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى بىر دوختۇرخانا بىناسى سېلىپ بەردى ، يەنە دورا ياساش بۆلۈمىدىن كېڭەيگەن دورا زاۋۇتىنى قايتىدىن قۇرۇپ بەردى ، ھازىر دورىلىرىمىز ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياخشى سېتىلماقتا .»

مۇشۇنداق تىرىشچانلىقى ، كەسپىي سەۋىيە جەھەتتىكى ئۈس- تۈنلۈكى روشەنگۇلنى زور شان - شەرەپلەرگە ئېرىشتۈردى . 1989 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» دېگەن شەرەپكە ، 1995 - يىلى مەملى- كەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «8 - بەش يىللىق

پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئىلغار ئايال ئىشچى-خىزمەتچى» دېگەن شەرەپكە ئىگە بولدى. يەنە جۇڭگودىكى 100 مەشھۇر ياش جۇڭيى دوختۇرلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 10 مۇنەۋۋەر ياش جۇڭيى دوختۇرىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. 1998 - يىل خوتەن ۋىلايىتى بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالاندى، شۇ يىلى يەنە 3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ بويىچە 10 نەپەر كۆزگە كۆرۈنگەن ياشنىڭ «پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەش» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 2000 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 10 مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسنىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ، ئالىي دورىگەرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. بىز روشەنگۈلنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدىكى بۇ تىرىشچانلىقلىرىنى ئاڭلىغان چېغىمىزدا، ئاياللارنىڭ قولىدىن كۆپلىگەن ئىشلارنىڭ مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز شۇنداقلا يەنە نۇرغۇنلىغان ئاياللارنىڭ ئۆز ساھەسىدە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىدىن گۇمانلانمايمىز، نامراتلىق ھالىتىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئومۇمىي خەلق سەپەرۋەرلىككە كېلىپ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا، ئاندىن ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئايال كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى قوشۇنىنى تېز سۈرئەتتە زورايتىش، بۇ ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئاكتىپ مەدەت بېرىش، ئاياللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش — نۆۋەتتىكى ئاياللار خىزمىتىدە ئىشلەش زۆرۈر بولغان مۇھىم خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. خوتەن ۋىلايىتى بۇنىڭدىن بۇرۇن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئاساسىدا تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى ئەسىردىكى خوتەن ئاياللىرىغا شان - شەرەپ ئېلىپ كەلگۈسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پاكىز بولسا شەھىرىڭ — خۇشۋاق بولار سەھىرىڭ

— كورلا شەھىرىنىڭ باشلىقى مۇتەللىپ سىدىق بىلەن سۆھبەت

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم

كورلا شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى، شىنجاڭدىكى مالىيە كىرىمى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان شەھەرلەرنىڭ بىرى. 1997 - يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كورلا شەھىرىنى شىنجاڭدىكى ئىككى مەركىزي شەھەرنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى. 2001 - يىللىق ستاتىستىكىدا بۇ شەھەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەرلەر ئىچىدە 3 - ئورۇندا، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەر ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كورلا شەھىرى تارىم نېفىتلىكىنى ئېچىشتىن ئىبارەت تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايونىدىكى مۇھىم نېفىت - تەبىئىي گاز - خىمىيە سانائىتى بازىسى ۋە شىنجاڭ بويىچە 2 - چوڭ شەھەر بولۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەر ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش

كۆچىنى زورايتىپ ، شەھەر قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ ، شە-
ھەر قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە
بىرقەدەر زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ، «دۆلەت دەرىجىلىك
پاكىز شەھەر» ، «جۇڭگو بويىچە مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى» ،
«مەملىكەت بويىچە مەدەنىي شەھەر» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا
ئېرىشتى . مۇخبىرلىرىمىز شىنجاڭدا مۇخبىرلىق قىلىش جەريا-
نىدىمۇ كورلا شەھىرىنىڭ مۇھىتى ، شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتتىـ
كى تەرەپپىنى كۆپ ئاڭلىدى ھەمدە كورلىنىڭ بۇ جەھەتتىكى
نەتىجىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى . كورلا شەھىرى بۇنداق
نەتىجىلەرنى قانداق قولغا كەلتۈردى ؟ بۇ جەھەتتە قانداق خىزمەت-
لەرنى ئىشلىدى ؟ «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتالغان تەكلىماكان
قۇملۇقىنىڭ بويىغا جايلاشقان بۇ شەھەر بۇنداق شەرەپلەرگە قاند-
داق ئېرىشتى ؟ بۇ شەرەپلەر كورلا شەھىرىگە قانداق پايدىلارنى
ئېلىپ كەلدى ؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىش يۈزىسىدىن مۇخبىر-
لىرىمىز پەرھات يۈسۈپ بىلەن ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم كورلا
شەھىرىنىڭ باشلىقى مۇتەللىپ يۈسۈپنى زىيارەت قىلدى .

مۇخبىر : كورلا شەھىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ، ھەتتا پۈتۈن
شىنجاڭ بويىچە ئىقتىساد ، مەدەنىيەت جەھەتتە تېز تەرەققىي قىلـ-
غان شەھەرلەرنىڭ بىرى ، سىز ئالدى بىلەن كورلا شەھىرىنىڭ
ئومۇمىي ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز .

مۇتەللىپ سىدىق : كورلا شەھىرى جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن
شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان مۇھىم قاتناش تۈ-
گۈنى ، شۇنداقلا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سىيا-
سىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت مەركىزى . ئۆتكەن يىلى ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم كورلىنى 2 ـ دەرىجىلىك شەھەر قىلىپ قۇ-
رۇش پىلانىنى تۈزدى . شەھىرىمىز 1979 ـ يىلى قۇرۇلغان
بولۇپ ، ئومۇمىي كۆلىمى 716.9 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەھىرىمىزگە قاراشلىق ئىككى بازارلىق ھۆكۈمەت ، توققۇز يې-
زا ، بەش مەھەللە ئىش باشقارمىسى ۋە ئالتە دۆلەت ئىلكىدىكى
دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك مەيدانى بار . ئۆتكەن
يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 382 مىڭ . شەھىرىمىزدە
ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، موڭغۇل ، خۇيزۇ قاتارلىق 23 مىللەت بار .
بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ .
قالغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ .
مۇخبىر : كورلا شەھىرىنىڭ پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
يېتەكلىشى ئارقىسىدا خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي دارامىتى ، سانا-
ئەت ـ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى جەھەتتە قولغا
كەلتۈرگەن نەتىجىسى قانداق بولدى ؟
مۇتەللىپ سىدىق : شەھىرىمىز قۇرۇلغان 20 نەچچە يىلدىن
بۇيان ، پارتىيىنىڭ بىر قاتار لۇشيەن ، فاڭجېن ، سىياسەتلىرىنى
ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئېچىۋېتىلگەن بىرىكمە ئى-
گىلىكنى چىڭ تۇتۇپ كەلدى . شۇنىڭ بىلەن شەھىرىمىزنىڭ
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا نۇرغۇن نەتى-
جىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى . ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر خەلق
ئىگىلىكى ئومۇمىي قىممىتى 10 مىليارد 500 مىليون يۈەندىن
ئاشتى ، بۇ ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا %9 .5 كۆپ . شەھىرى-
مىزنىڭ سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي قىممىتى 10 مىليارد
100 مىليون يۈەندىن ئاشتى . شەھىرىمىزنىڭ ئومۇمىي مالىيە
كىرىمى 337 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكى-
دىن %9 .05 ئاشتى . ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇ-
رىچە كىرىمى 10 مىڭ 536 يۈەنگە يېتىپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن
%13 .8 ئاشتى . دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە
كىرىمى 3257 .5 يۈەنگە يېتىپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 230
يۈەن كۆپەيدى . شەھىرىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى ئاپ-

تونوم رايونىمىز بويىچە 3 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ . ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەر ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ .

مۇخبىر : ھەممەيلەنگە مەلۇمكى ، كورلا شەھىرى تەكلىماكان چۆلىگە جايلاشقان ، ئومۇمىي جەھەتتىن شەھەرنىڭ ئەتراپىنى قۇملۇق ياكى چۆللۈك ئوراپ تۇرىدۇ . مۇشۇنداق ئەھۋالدا كورلا شەھىرى تارىم نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىشىدەك تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى تۈزەش ، تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپسىلەر ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە 1995 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك پاكىز شەھەر بولۇپ باھالىنىپتۇ ، بىزمۇ كورلا شەھىرىدە زىيارەتتە بولۇش جەريانىدا شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ھەقىقەتەن رەتلىك سېلىنغانلىقىنى ، شەھەر مۇھىتىنىڭ گۈزەل ، ھەممە يەرنىڭ دەل ـ دەرەخلەرگە پۈركەنگەنلىكىنى كۆردۇق ، مۇشۇ جەھەتتە قوللانغان تەدبىرىڭلار ئۈستىدە شۇنداقلا ۋە بۇ جەھەتتە دۆلەت شەھەرنىڭ مۇئەسسەسەلىرىنى ياخشىلاشقا قانداق ياردەملەرنى بەرگەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ باقسىڭىز .

مۇتەللىپ سىدىق : پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ، بولۇپمۇ 90 ـ يىللار كىرگەندىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم پويىز قاتنىدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن تارىم نېفىتلىكىنى ئېچىش قوماندانلىق شتابى كورلىدا قۇرۇلدى . بىز بۇ تارىخىي پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ «مەملىكەت بويىچە پاكىز شەھەر» ، «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى» ، «مەملىكەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر» قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشتۇق . بىز شەھەر مۇھىتىنى ياخشىلاش ، كۆكەرتىش ، گۈزەللەشتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ، زور مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق شەھىرىمىزنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى چىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

تۇتتۇق . ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئوبلاستلىق پارتكوممۇ بىزنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى .

شەھىرىمىز ئاھالىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىدا زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى ، شەھىرىمىزنىڭ ئوبرازى ياخشىلاندى . مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى جايلارغا تېخىمۇ تونۇلدى . شەھىرىمىز تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىغا جايلاشقان ، تەبىئىي مۇھىتى بىرقەدەر ناچار ، بىز بۇ خىل ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ ، شەھىرىمىزنىڭ كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەدۇق ، ئىسرائىلىيىنىڭ تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق شەھىرىمىزگە بىۋاسىتە تۇتىشىدىغان 314 ـ ، 318 ـ دۆلەت تاشيولىنىڭ ئىككى يېنىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلىدۇق . بۇ جەھەتتە دۆلەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن زور ياردىمىگە ئېرىشتۇق ، بۇ ئارقىلىق قاقاس تاغلارنى ، چۆل ـ جەزىرىلەرنى ئورمانلىق ، باغۇ بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش جەھەتتە بەلگىلىك تەجرىبىگىمۇ ئىگە بولدۇق . يېقىندا دۆلەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى كورلىنى غەربىي رايوندا نۇقتىلىق كۆكەرتىلىدىغان شەھەر قىلىمىز دەپ ئىپادە بىلدۈردى .

مۇخبىر : مەيلى شەھەر قۇرۇلۇشىنى تۈزەش ياكى پاكىز شەھەر بەرپا قىلىش ، كۆكەرتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشتە بولسۇن كورلا شەھىرى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . سىلەر بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەش جەريانىدا نۇرغۇن تەجرىبىگە ئىگە بولدۇڭلار ، قايسى تەدبىرلەر ئىجابىي رول ئوينىدى ؟

مۇتەللىپ سىدىق : 90 ـ يىللار كىرگەندىن بۇيان تارىم نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىشى كورلا شەھىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر تارىخىي پۇرسەت بولدى ، بىز بۇ پۇرسەتنى ناھايىتى چىڭ تۇتتۇق ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن ، سىياسەتلىرىنى ئەستايى-

دىل ئىزچىللاشتۇردۇق ، بىز يەنە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا دائىر خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتتۇق ، خەلقنى ياخشى تەربىيىلىدۇق ، مەبلەغ سېلىش شارائىتىمىزنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدۇق . بۇنىڭ بىلەن كورلىمۇ غەربىي رايوندىكى ، جۇملىدىن شىنجاڭدىكى مەبلەغ سېلىش قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندى . بۇنىڭدىن كېيىنكى تەسەۋۋۇر ۋە پىلانىمىز : كورلا شەھىرىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىن قالسىلا شىنجاڭ بويىچە ئىككىنچى چوڭ شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش . بۇ تەسەۋۋۇرىمىز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىدىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شەھىرىمىزنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ناھايىتى قوللاۋاتىدۇ . كورلا شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش دېگەنلىك — پۈتۈن ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش دېگەنلىك . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي جەھەتلەردە ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ ، بۇنىڭدىن كېيىن كورلا شەھىرىنى تېخىمۇ پاكىز ، ئازادە ، ھەر جەھەتتىن تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ياخشى ئاساس سالىمىز .

مۇخبىر : كورلا شەھىرى ھەقىقەتەنمۇ شىنجاڭدا بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئالدىنقى قاتاردىكى شەھەرلەرنىڭ بىرى ، كورلا شەھىرى يۇقىرىدا سىز ئېيتىپ ئۆتكەندەك كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . ئىشىنىمىزكى ، كورلا شەھىرىنىڭ بۇنىڭدىكى كېيىنكى ئىستىقبالى ناھايىتى زور بولىدۇ . زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغىنىڭىزغا رەھمەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بارلىقىمىز بىمارلار ئۈچۈن

## —تەرەققىي قىلغۇاتقان خۇسۇسىي كارخانا — بوغدا دوختۇرخانىسى توغرىسىدا

پەرھات يۈسۈپ ، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم

پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىشقا يېتەكلەيدىغان ، دۇنيا بىلەن بولغان مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالاقىنى كۈچەيتىپ ، خەلقنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياستى — ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان قوينىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى . بۈگۈنكى كۈندە كۆپلىگەن خۇسۇسىي كارخانىلار ، خۇسۇسىي مەكتەپلەر ، خۇسۇسىي دوختۇرخانىلار كۆپىيىپ ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن كۆپ قولايلىقلارنى يارىتىپ بەردى . «پارتىيىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياستى بولمىغان بولسا ، بۇ دوختۇرخانىمىزمۇ بولمىغان بولاتتى» دېگەن ئۇقۇم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا خېلى نام - شۆھرەت قازانغان خۇسۇسىي كارخانا— بوغدا دوختۇرخانىسىدىكى 126 دىن ئوشۇق دوختۇر - سېسترا ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئورتاق تونۇشى بولۇپ قالدى .

بىز ئۇيغۇرلاردا «تەن ساقلىق — زور بايلىق» دەيدىغان گەپ بار . ساغلاملىقتا ۋە ھايات گۈزەللىكىگە بولغان تەلپۈنۈش

ھەممە ئادەمنىڭ ئورتاق ئارزۇسى . ھېچكىممۇ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولماسلىقىنى ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە كېسەل بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ . كىمكى بىرەر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالسا ، ئۇنى داۋالاپ ، كېسەل ئازابىدىن خالاس قىلىپ ، غەمدىن قۇتقۇزغان قولى شىپالىق كىشىنى ھەركىم بېشىدا كۆتۈرمەي قالمايدۇ ، بارلىقىنى بىمارلارنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن بېغىشلىغان ئادەمنى مەڭگۈ ھۆرمەتلەيدۇ .

سىز ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرى بولغان ئىتتىپاق يولىدىن ئۆتكەن چېغىڭىزدا ، يىراق - يېقىنغا نامى تارالغان ، كۆپلىگەن بىمارلارنى داۋالاپ ئۇلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن «بوغدا دوختۇرخانىسى»نى كۆرىسىز . دوختۇرخانىنىڭ ۋىۋىسكىسى ئېسىلغان بىنانىڭ يان تەرىپىدىكى دەرۋازىدىن كىرىپ ئۇدۇل ماڭغىنىڭىزدا ، كۆزىڭىزگە «بارلىقىمىز بىمارلار ئۈچۈن» دېگەن تاشقا ئويۇلغان چىرايلىق خەتلەر چېلىقىدۇ . «بوغدا دوختۇرخانىسى» بەش يىلدىن بېرى ئەنە شۇ سۆزنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ ، جەمئىيەتتىكى كۆپلىگەن بىمارلارنى رازى قىلىپ ، خەلق تەرىپىدىن «ياخشى كەسپىي ئورۇن» ، «ئۈلگىلىك كەسپىي كارخانا» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى .

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە پەن - مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە باشقىدىن جانلىنىش ، گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىپ ، خۇسۇسىي كارخانىلارمۇ ، قابىل ، ئىقتىدارلىق كارخانىچىلارمۇ يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك كۆپىيىشكە باشلىدى . 1997 - يىلى 1 - ئايدا قۇرۇلغان بوغدا دوختۇرخانىسى دەسلەپتە پەقەت 100 كۋادرات مېتىرلىق كۆلەمگە ئىگە ، بەش نەپەر دوختۇر - سېستراسى بار بولغان ، ئاساسلىقى كۆپىيىش سىستېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك كېسەللەرنى داۋالايدىغان كىچىككىنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئامبۇلاتورىيە ئىدى . 2002 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ ئامبۇلاتورىيە دوختۇرخانا باشلىقى ئەركىن ھاشىمنىڭ رەھبەرلىكى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ يېقىندىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ، دوختۇرخانىدىكى تېببىي خادىملارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا جەمئىي 126 نەپەر دوختۇر ، سېسترا ، خىزمەتچى خادىمدىن تەشكىل تاپقان ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۈرۈمچى ، ئاقسۇ ، قەشقەر ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا مۇكەممەل داۋالاش نۇقتىلىرى بولغان ، ھەربىر خىزمەت نۇقتىسىنىڭ خىزمەت رايونى 2000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان ، ھەربىر ئورۇندا 20 دىن كېسەل كارىۋىتى ، مۇكەممەل كلىنىكا ، لابوراتورىيە ، دورىخانا ، ئوپېراتسىيىخانا قاتارلىق بۆلۈملىرى بولغان ئۈنۈۋېرسال چوڭ دوختۇرخانىغا ئايلاندى . بېيجىڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن دوختۇرخانا باشلىقى ئەركىن ھاشىم بەش يىلدىن بېرى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجەلەرنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى :

«بىزنىڭ قىسقىغىنە بەش يىل ئىچىدە مۇشۇنداق تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىمىزدا ، پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرى ، رەھبىرىي كادىرلار ، بولۇپمۇ بىزنى بىۋاستە باشقۇرىدىغان سەھىيە باشقۇرغۇچى تارماقلىرىنىڭ يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى ، ھەمدەمدە بولۇشى ، بىزنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ قارايمەن . بولۇپمۇ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش جەريانىدا ھەرقايسى باشقۇرغۇچى ئورۇنلار باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ ، بۇرۇنقى نوقۇل كونترول قىلىش ئىدىيىسىدىن ھازىرقى يېتەكلەش ، ياردەم بېرىش جەھەتكە قاراپ بۇرۇلۇش ياسىغانلىقى خەلق ئىگىلىكىدىكى ۋە شەخسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى . ھەرقايسى رەھبىرىي يولداشلار پات

- پات دوختۇرخانىمىزغا كېلىپ ـ كېتىپ ، بىزنىڭ يېتەرسىزلى-
كىمىزنى دائىم كۆرسىتىپ بېرىپ تۇردى ، 2000 ـ يىلى دوخ-
تۇرخانىمىز قورۇلغان چاغدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى-
دىكى رەھبەرلەر ، نازىر ، باشقارما دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئېچى-
لىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بەردى ، قوللاپ بەردى . دېمەك ،
بەش يىلدىن بېرى پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇشۇنداق قوللاپ ـ
قۇۋۋەتلىشى بولمىغان بولسا ، بىزنىڭ ھازىرقى كۈنىمىز بولمايت-
تى . »
خۇسۇسىي كارخانىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ ، جەمئىيەتنىڭ
رىقابەت مېخانىزمى ھەقىقىي ئىشقا ئېشۇۋاتقان ئىسلاھات دەۋرىدە
ھەربىر كارخانىنىڭ كەسىپ جەھەتتە ئۆزىگە خاس يۆنىلىشى ،
يېتەكچى ئىدىيىسى بولىدۇ ، ئەلۋەتتە . بوغدا دوختۇرخانىسى بار-
لىقىنى بىمارلارنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن بېغىشلاشتا ئالدى بىلەن بىر
كۈچلۈك پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ بولۇشى ، بۇ پارتىيە ياچېيكىسى-
نىڭ كەسپىي ، ئىدىيىۋى خىزمەتلەردە ياخشى يېتەكچىلىك رول
ئوينىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىپ ، دوختۇرخانا خىزمەت بەد-
نىسىدە پارتىيە ياچېيكىسى قۇردى . بۇ ياچېيكىنىڭ دوختۇرخاند-
نىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشتە ئوينىغان ئىجابىي رولى
ناھايىتى زور بولغانلىقتىن ، دوختۇرخانىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى
تېز يۇكسەلدى .
دوختۇر ، سېسترالارغا قويۇلغان كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمى
ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ، بىمارلار كۆپلەپ جەلپ قىلىند-
دى . دوختۇرخانىدىكى پارتىيە ياچېيكا رەھبەرلىرى ، مۇتەخەس-
سىسلەرنىڭ يېتەكلىشى ، مەسلىھەت بېرىشى ئارقىسىدا ، دوخ-
تۇرخانىنىڭ كەسپىي ئىشلىرى تېخىمۇ راۋاجلاندى . بوغدا دوخ-
تۇرخانىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي
مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا 12 ئادەم-قېتىم ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇلدى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەمدە مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا تۆت پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇلۇپ ، يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى . مەملىكىتىمىزدىكى نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئالتە قېتىم مەخسۇس تېمىلار ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ، داۋالاشتىكى قىد-يىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى . دوختۇرخانىنىڭ بۆلۈم مەسئۇلى قۇربان ۋراچ دوختۇرخانىنىڭ تېببىي خادىملارغا قويغان تېخنىكى-لىق ئۆلچىمى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

«دوختۇرخانىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان بىز دوختۇرخانىمىز-دىكى ھەربىر كەسپىي خادىمنى كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋە ئىچكىرى ئۆلكە-لەردىكى داڭلىق دوختۇرخانىلارغا قەرەللىك ھالدا ئوقۇشقا ئەۋەت-تۇق . ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورنىدا ئەستايىدىل ئىشلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ، شۇنداقلا كەسپىي تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇرۇش ئۈچۈن پەسىلدە بىر ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇلىنى يولغا قويدۇق . يەنە كەسپىي خادىملارنىڭ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنى-شىغا ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىپ ، ئۇلارغا ماقالە يېزىش تەلىپىنى قويۇپ كەلدۇق . نەتىجىدە خادىملارنىڭ كەسپكە دائىر ئىلمىي ماقالىلىرى ھەرقايسى نوپۇزلۇق ئىلمىي مەتبۇئاتلاردا كۆپلەپ ئېلان قىلىندى .»

بۈگۈنكى كۈندە ھەرقانداق بىر كەسپىي كارخانا ، بولۇپمۇ دوختۇرخانىغا ئوخشاش يۇكسەك مەسئۇلىيەت ، يۇقىرى تېخنىكا ، جاپالىق مۇلازىمەت بىر گەۋدە قىلىنغان كارخانا رىقابەتتە پۇت تىرەپ تۇرىمەن دەيدىكەن ، ئالدى بىلەن ئىستېمالچىلارنى ھۆر-مەتلىشى ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى ، ئۆز ساھەسىنىڭ ئىنچىكە ، نازۇك تەرەپلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ، خېرىدارلارغا ئەت-راپلىق مۇلازىمەت قىلىشى لازىم . بۇغدا دوختۇرخانىسى قۇرۇل-

غان بەش يىل جەريانىدا كىشىلەرگە تېببىي ساۋاتلارنى تەشۋىق قىلىپ، كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە گېزىت - ژۇرناللاردا مەخسۇس بەت ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيىدە قىزىق لىنىيە مەخسۇس پروگراممىلىرىنى تەسىس قىلىپ، تەمتىرەپ قالغان، ئىزتىراپ چېكىۋاتقان نۇرغۇن بىمارلارغا توغرا يول، مەسلىھەتلەرنى كۆرسەتتى. ئىنتېرنېت توردىن پايدىلىنىپ خەلقئارادىكى ئەڭ يېڭى تېببىي ئۇچۇرلارنى ئىگىلەپ، تېخنىكا، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىدى.

ناھايىتى ئېنىقكى، بىمارلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش— ھەرقانداق ئامبۇلاتورىيە، دوختۇرخانىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى. لېكىن ھەربىر دوختۇرخانىنىڭ، دوختۇر - سېستىرالارنىڭ بىمارلارغا خىزمەت قىلىش دەرىجىسى، تۇتقان پوزىتسىيىسى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇ تۈپەيلى بىمارلار دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش سۈپىتى، دوختۇرخانا مۇھىتى، دوختۇر - سېستىرالارنىڭ كەسپىي ساپاسى ۋە ئەخلاق ساپاسىنى ئۆلچەم قىلىپ دوختۇرخانىلارنى تاللىشى سەۋەبسىز ئەمەس. كۈندىن - كۈنگە رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتقان ئىسلاھات دەۋرىدە بىمارلارغا ئوبدان، تىنچ، خاتىرجەم داۋالىنىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش تولىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى. بوغدا دوختۇرخانىسى «بارلىقىمىز بىمارلار ئۈچۈن» دېگەن شوئارغا ئىزچىل ئەمەل قىلىشنى ئۆزىنىڭ باش نىشانى قىلغاچقا، بىمارلارنى داۋالىغان، بىمارلارغا مەسلىھەت كۆرسەتكەن چاغدا ھەرقاچان سەمىمىي بولدى، دوختۇرخانىغا كېسەل كۆرسىتىشكە كەلگەن بىمارلارنىڭ كۆپ قىسمى جىنسىيەتكە ئالاقىدار كېسەللەرگە گىرىپتار بولغاچقا، بىمارلارنىڭ جىنسىيەت مەخپىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشتا ھەر ۋاقىت

www.uyghurkitap.com

ئەستايىدىل بولدى . پىسخىك جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش ئارقى-
لىق بىمارلارنى چۈشىنىشنى قولغا كەلتۈردى . ئۇلار ھەممىدە
بىمارلارنى مەركەز قىلىش ، بىمارلارنى رازى قىلىش ، بىمارلارنى
كېسەل ئازابىدىن خالاس قىلىش جەھەتلەردە بىرقاتار كونكرېت
خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . دوختۇرلارنىڭ مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى-
نى چىڭ تۇتتى . ھەربىر خادىم مەيلى قانداق ئەھۋال بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر ، بىمارلارغا سىلىق ، مېھرىبان ، خۇش چىراي ، ئو-
چۇق - يورۇق مۇئامىلە قىلىپ ، بىمارلارنىڭ ياخشى باھاسىغا
ئېرىشتى . بوغدا دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىۋاتقان بىر بىمار مۇن-
داق دېدى :

«ئۆزۈم يەكەندىن كەلدىم ، مەن 2000 - يىلىمۇ بۇ دوخ-
تۇرخانىغا بىر قېتىم داۋالانغىلى كەلگەن ، بۇ 2 - قېتىم كېلى-
شىم . بۇ دوختۇرخانا ماڭا ناھايىتى ياخشى تەسىرات قالدۇردى .
بولۇپمۇ دوختۇر - سېستىرالارنىڭ مۇئامىلىسى ئىنتايىن ياخشى ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ يەردىكى دورىلارنىڭمۇ باھاسى مۇۋاپىق ، بەك
قىممەتمۇ ئەمەس ئىكەن . مەن بۇ قېتىم داۋالىنىپ ساقايسام ،
بۇ دوختۇرخانىغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بىر لەۋھە تەقدىم
قىلماقچى . » بوغدا دوختۇرخانىسى بۈگۈنكى بۇ كەسكىن رىقابەت
دەۋرىدە ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بېرىپ
يۇقىرىقىدەك ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . ئىشىنىمىزكى ، بوغ-
دا دوختۇرخانىسى بۇندىن كېيىنكى ئىسلاھات دولقۇنىدا جىنسى-
يەت كېسەللىكىدىن ئىبارەت ئۆزىگە خاس تېما بويىچە يېڭى
مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ، بۇ ساھەدىكى داۋالاش تەج-
رىبىسىنى بېيىتىپ ، جىنسىي كېسەللىك سەۋەبىدىن جىسمانىي
ۋە روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىۋاتقان بىمارلارنىڭ دەردىگە داۋا ،
رەنجىگە شىپاھ بولۇپ ، تېخىمۇ يۇكسەك پەللىلەرگە ئۆرلەيدۇ .

# پايدىلىق پۇرسەتنى تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش — نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەت

— خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئۆمەر ئابدۇللا بىلەن سۆھبەت

پەرھات يۇسۇپ، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم

خوتەن ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقتە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، شىمالدا ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن، غەربتە قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 247 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلەم جەھەتتە شىنجاڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. جۇغراپىيىلىك شارائىت، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق يەتتە ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان، دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە. شەھەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش — خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەركەزنىڭ نامرات رايونلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ كۈچەيتىلىشى، تۈرلۈك سىياسەت - تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. بولۇپمۇ قاتناش، تېلېگراف، ئېلېكتر - ئېنېرگىيە، سۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى . ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش جەھەتتە مەركەزنىڭ زور مەبلەغ سېلىشى نەتىجىسىدە مۇھىت زور دەرىجىدە ياخشىلاندى . ئىستانسىمىز مۇخبىرلىرى خوتەن رايونىدا بەش كۈنلۈك زىيارەتتە بولۇش جەريانىدا بۇنى ھېس قىلدى . خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئەمەلىي نەتىجىلىرىنى بىلىش مەقسىتىدە ئىستانسىمىز مۇخبىرلىرى پەرھات يۈسۈپ بىلەن ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئۆمەر ئابدۇللا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى .

مۇخبىر : ئۆمەر ۋالىي ، ياخشىمۇسىز . سۆھبىتىمىزنى يەنىلا خوتەندىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەت بولغان نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدىن باشلىساق . بىز ئىلگىرى ماتېرىياللاردىن ۋە باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن خوتەننىڭ شىنجاڭ بويىچە تەبىئىي شارائىتى ئەڭ ناچار ، خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ھەممىدىن تۆۋەن رايونلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان . بۇ قېتىم خوتەن ۋىلايىتىگە زىيارەتكە كېلىپ ، خوتەندە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەننىڭ بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن زور جاسارەت بىلەن ئىشلەۋاتقانلىقىنى ۋە بەزى جەھەتلەردە خېلى زور ئۈنۈملەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆردۇق . ئۇنداقتا ، خوتەن ۋىلايىتى بۇ جەھەتتە قانداق كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلەۋاتىدۇ ، مەركەز قانداق ياردەملەرنى بەردى ؟

ئۆمەر ئابدۇللا : بىز مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان مەملىكەت بويىچە سەككىز يىلدا 70 مىليون كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش كۇرىشى ئارقىلىق ، ۋىلايىتىمىزدىكى 180 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئائىلە ، 690 مىڭدىن ئارتۇق نامرات كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ۋىلايىتىمىزنىڭ

ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامراتلارغا يار - يۆلەك بو-
لۇش خىزمىتىدىكى ئاساسلىق سىياسىي ۋەزىپە قاتارىغا قويۇپ
ئىشلەپ كەلدۇق. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگىچە ۋىلايىتىد-
مىز بويىچە يەنە 49 مىڭ ئائىلە، 221 مىڭ 500 كىشىنىڭ
ئوتتۇرىچە كىرىمى مەركەز بەلگىلىگەن 670 يۈەنلىك تۆۋەن ئوت-
تۇرىچە كىرىم سەۋىيىسىدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇردى. 2001 -
يىلى مەركەزدە ئېچىلغان نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمە-
تى يىغىنىدا نامراتلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىم ئۆلچىمى 865 يۈەن
قىلىپ بېكىتىلدى. مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا ۋىلايىتىد-
مىزدىكى ئىلگىرىكى تۆۋەن كىرىملىك 221 مىڭ 500 كىشىگە
يەنە 1 مىليون 40 مىڭ كىشى قېتىلىپ، جەمئىي 1 مىليون
260 مىڭ كىشى تۆۋەن ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسىدە تۇرىدۇ.
بىز بۇ سەككىز يىلدا دۆلەتنىڭ ياردىمىدە نۇرغۇن نەتىجىلەرگە
ئېرىشتۇق. خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بول-
دى. بولۇپمۇ ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋىلايىتىمىز
بويىچە ئوتتۇرىچە كىرىم 830 يۈەنگە يەتتى. مەركەز ۋە ئاپتونوم
رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بەرگەن ياردىمى
بىزنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈردى. مەركەز بىزگە ھەر يىلى 300
نەچچە مىليون يۈەن نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش مەبلىغى
بېرىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمە-
تىگە ماددىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن مەدەت بېرىۋاتىدۇ. بىز
مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ
خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى كەنتلەرگە، ئائىلىلەرگە قا-
راتتۇق ھەمدە ۋىلايىتىمىزنىڭ كەلگۈسى بىرنەچچە يىللىق نامرات-
لارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ
چىقتۇق. بۇ يىل ۋىلايىتىمىز 230 مىليون يۈەندىن كۆپرەك
نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش مەبلىغىگە ئىگە بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

مۇخبىر : بىز بۇ قېتىم خوتەننىڭ نىيە ، كېرىيە ، قاراقاش ناھىيىلىرىدە زىيارەتتە بولدۇق ، بۇ جەرياندا بىز ئۇلارنىڭ بازار ئەھۋالىغا قاراپ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ ، بازارغا ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ ، ئەمەلىي نەپكە ئې-رىشىشۋاتقانلىقىنى كۆردۇق . قارىغاندا ، دېھقانلارنىڭ كەسىپ قۇ-رۇلمىسىنى تەڭشەپ پايدا ئېلىشقا بولغان چۈشەنچىسى خېلى چوڭقۇر ئىكەن . سىلەر كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەھەتتە قانداق تەدبىرلەرنى قوللاندىڭلار ؟

ئۆمەر ئابدۇللا : بىز ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ ، ئاشلىقتا ئۆزىمىزنى قامداشقا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا ئورمانچىلىقنى ، ئورمانچىلىقنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورماننى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ؛ ئوت - چۆپ تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئاساسىدا خوتەن قويىنى ئاساس قىلغان چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بۇ ئارقىلىق گىلەم توقۇمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ؛ پىلە - ئۈژمىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىپ ، يىپەكچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇ-رۇش ؛ ئانار ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق ئانار ھارىقى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ؛ ئۇيغۇر تېبابەت دورىلە-رىنى ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىپ ، ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى-نىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇزىنى ئۆستۈرۈش ؛ قەدى-مىي يىپەك يولىنىڭ تارىخىدىن پايدىلىنىپ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئالتە نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تۇرتكى-لىك ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈستىدە ئىزدەندۇق ھەم بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدۇق . ئىشىنىمەنكى مەركەزنىڭ ياردىمىدە ، ئۆزىمىزنىڭ بىر يۈرۈش پىلانلىرىمىز بويىچە خىزمەتلەرنى ئو-مۇميۈزلۈك قانات يايدۇرىدىغانلا بولساق ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ

نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىدە ھازىرقىدىنمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز .

مۇخبىر : مەركەز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا زور مەبلەغ ئاجرىتىپ ، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ھەر جەھەتتىن قوللاپ كېلىۋېتىپتۇ ، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدىمۇ ناھايىتى زور يۈكسىلىشلەر بوپتۇ ، خوتەننىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ھازىر قانچىلىك سەۋىيىگە يەتتى ؟

ئۆمەر ئابدۇللا : ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز ناھايىتى كۆپ . بىز ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىزگە قىلغان ياردىمىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز . ئەگەر پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى ، مەركەزنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا ، ۋىلايىتىمىزدە بۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بىزنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ، ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى ، دېھقانچىلىق شارائىتىنى ياخشىلاش ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش ۋە قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز بىرقەدەر كۆپ . بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ۋىلايىتىمىزنىڭ خەۋەرلىشىش كەسپىگە 220 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ ، بۇ ساھەدە زور تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى ، دېمەك ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تېلېفون بولماسلىق تۈپەيلىدىن يۇقىرى بىلەن تېلېگرامما ئارقىلىق ئالاقىلىشىش ھالىتىدىن ھازىرقىدەك دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرى بىلەن بىمالال ئالاقە قىلىشالايدىغان ، كىشىلەردىمۇ يانفون ئومۇملاشقان سەۋىيىگە يەتتۇق . ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېگۈدەك تېلېفون ئورنىتىلىپ تورلىشىپ بولدى . بۇنىڭدىن باشقا ، 1949 - يىلىدىن 1998 - يىلىغىچە ۋىلايىتىمىزنىڭ سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 593 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ ، ۋىلايەت بويىچە 59 سۇ ئامبىرى ياسالدى ، بۇ قۇرۇلۇشلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى سۇ بىلەن تەمىنلەشتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ .

مۇخبىر : خوتەن خەلقىگە ناھايىتى زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە بار ، «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتالغان تەكلىماكان قۇملۇقى خوتەننىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان . خوتەن ھەر يىلى دېگۈدەك قۇم - بوران ئاپىتىگە ئۇچراپ تۇرىدىغان رايونلارنىڭ بىرى . بىزمۇ خوتەنگە كەلگەن چېغىمىزدا قۇم ياغقان بولغاچقا ، 50 مېتىر ئالدىمىزدىكى ئادەمنى كۆرەلمىدۇق . بۇ يەردىكى يەرلىك كىشىلەر بۇنچىلىك قۇم يېغىشنىڭ قۇم ياغقان ھېسابلانمايدىغانلىقىنى ، ئىلگىرى قۇم بورىنى ۋە بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن قۇم ئاپىتىنىڭ ناھايىتى دەھشەتلىك بولىدىغانلىقىنى ، كېيىن مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىشى ۋە تەدبىر قوللىنىشى نەتىجىسىدە خېلى ياخشىلىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى . بىز كورلىغا بارغاندا ، ئۇلارنىڭ قۇم بورىنىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەخسۇس ئورمان بەلۋىغى بەرپا قىلغانلىقىنى ، ئىسرائىلىيىنىڭ تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ ، كۆكەرتىش خىزمىتىنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىگەنلىكىنى كۆردۇق ، مۇھىتنى ياخشىلاش جەھەتتە سىلەر قانداق مۇھىم ئىشلارنى قىلدىڭلار ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولدۇڭلار ؟

ئۆمەر ئابدۇللا : ۋىلايىتىمىز خىزمەت ، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش جەھەتتە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ كەلدى . بۇ جەھەتتە ئوت - چۆپنى قوغداش ، ئوت

- چۈپ تېرىش ، باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەندەك خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق . بولۇپمۇ بىز مۇشۇ بىرقانچە يىل ئىچىدە تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى يېزا - قىشلاقلاردا ئومۇميۈزلۈك ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىش ئارقىلىق قۇم - بوران ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، ۋىلايىتىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش جەھەتتە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدۇق . 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايىتىمىز بويىچە 400 مىڭ مودىن كۆپرەك بىدە تېرىلدى ، 800 مىڭ مودىن كۆپرەك ھەرخىل ئورمان بەلۋېغى يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى . بۇ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھازىرقىدەك ناچار ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاشنىڭ تەقەززاسى . بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ ، تەكلىماكان قۇملۇقى بويىدىكى رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش جەھەتتە باغۋەنچىلىك ، ئوتلاقچىلىق بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللىنىپ ، ئۆزىمىزنىڭ خىزمەت ، تۇرمۇش شارائىتىمىزنى ياخشىلاش يولىدا ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز .

مۇخبىر : بىز خوتەندە زىيارەتتە بولۇش جەريانىدا دېھقانلاردىن ، ئىلگىرى خوتەننىڭ توك ئىشلىتىش مەسىلىسى بىرقەدەر ناچار بولغاچقا ، ئىشلىتەيلى دېسەك توك بولمىغانلىقتىن ناھايىتى ئازابلىناتتۇق ، بۇ ئىش بىزنىڭ بېشىمىزنى ئەڭ قاتۇرىدىغان ئىش ئىدى ، بۈگۈنكى كۈندە توك مەسىلىسى ھەل بولدى ، بىز دېھقانلارمۇ ھازىر تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بولدۇق ، يورۇق چىراغ ئاستىدا ياشايدىغان بولدۇق ، دېگەن ياخشى ئىنكاسىنى ئاڭلىدۇق ، ئىگىلىشىمىزچە ، ھازىر خوتەننىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپتۇ ، يەتتە ناھىيىنىڭ ئېلېكتر توكى پۈتۈنلەي تورلاشتۇرۇلۇپ بوپتۇ ، بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى سۆزلەپ بەرسىڭىز .

ئۆمەر ئابدۇللا : خوتەننىڭ ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشىدا قولغا
كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئىنتايىن زور . ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى
مەزگىلىدە خوتەن ۋىلايىتىدە توك دېگەن ئۇقۇم بولمىغان ، 1959
- يىلىغا كەلگەندە خوتەن ۋىلايىتىدە بىر كىچىك سۇ ئېلېكتر
ئىستانسىسى قۇرۇلغان ، بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توك چىقى-
رىش مىقدارى 48 كىلوۋات ئىكەن ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇ-
رغىدەك ئېنېرگىيە يوق ئىكەن ، كىشىلەر ئاساسەن ئېكولو-
گىيىنى بۇزۇپ جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكىلىپ ، مال - چارۋىلارنىڭ
تېزىكىنى قالاپ تۇرمۇش ئۆتكۈزىدىغان قالاق ھالەتتە ئۇزاق مەز-
گىل ياشىغان . كېيىن بۇنداق ھالەتكە خاتىمە بېرىلىپ ، 1998
- يىلىغىچە ۋىلايىتىمىز بويىچە 70 نەچچە سۇ ئېلېكتر ئىستانسى-
سى قۇرۇلدى ، ھازىر ۋىلايەت بويىچە 74 مىڭ كىلوۋاتتىن كۆپ-
رەك ئېلېكتر سىغىمىغا ئىگە ئېلېكتر ئىستانسىلىرى بار . بۇنى
1959 - يىلىدىكى 48 كىلوۋاتلىق ئومۇمىي ئىقتىدار بىلەن
سېلىشتۇرغاندا ، ھازىر بىزنىڭ توك تارقىتىش مىقدارىمىز 1562
ھەسسە كۆپەيدى . 1978 - يىلىدىن بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا 7 .
7 ھەسسە كۆپەيدى . شۇنداق قىلىپ بىز ھازىر خەلقنىڭ تۇرمۇشى
ۋە سانائەتكە كېرەكلىك ئېنېرگىيىنى تەمىنلىيەلەيدىغان ھالەتنى
بارلىققا كەلتۈردۇق . شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىمىز-
دىكى نۇرغۇن دېھقان - چارۋىچىلار توك ئىشلىتىش ، ئېنېرگىيە-
دىن پايدىلىنىش جەھەتتە كۆپ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى .
شۇڭا مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە
ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەركەز خوتەن
ۋىلايىتىدە ئۈچ يىلدا 520 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سې-
لىپ ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى يەتتە ناھىيە ، بىر شەھەرنىڭ يېزا
- قىشلاقلىرىغا توك سىمى يەتكۈزۈپ بولدى . بۇنىڭ بىلەن خو-
تەن ۋىلايىتىدە بۇرۇن توك ئىشلىتەلمىگەنلەر توك ئىشلىتەلەيدى-

غان بولدى ، توك ئىشلىتەلەيدىغانلارنىڭ توك باھاسى يۇقىرى بولۇش مەسلىسىمۇ تۇپتىن ھەل بولدى ، خوتەن ۋىلايىتىدە كىشىلەر ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنالايدىغان ، ئېنېرگىيە باھاسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى . بۇ ئارقىلىق خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدىكى خەلق پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى ، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ھەممەيلەن ئورتاق مەمنۇن بولدى .

خوتەن ۋىلايىتى بۈگۈنكى كۈندە مەركەزنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا بارغانسېرى كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە . بىز خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، بۇندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يەرلىك ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت ئەلچىسى

## گۈلباھار غوپۇر

قېرىنداش مىللەتلەر ئۇيغۇرلارنى «ئايىغى چىقىشى بىلەنلا ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ» ، دەپ تەرىپلىشىدۇ . راست دېگەندەك ، ئايتىللا قاسىمۇ ئايىغى چىقىشى بىلەنلا ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگەنگەنلەرنىڭ بىرى . ئايتىللا قەدىمىي مەدەنىيەتكە باي ، ناخشا-ئۇسسۇلى بىلەن ئۆزگىچە يەرلىك سەنئەت سىستېمىسى ھاسىل قىلغان داڭلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان كۇچادا تۇغۇلدى . «سەنئەت ئۇچۇنلا تۇغۇلغانمىكىن» ، دېگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ ئۇنى . كىچىككىنە ئايتىللا باشقىلارنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرسىلا يۈرىكى تىترەپ ، ھاياجانلىنىپ تۇرالمايتتى . 1952 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەسئۇللىرى ئايتىللانى بالا سەنئەتچىلىككە قوبۇل قىلدى . ئۇ ۋاقىتلاردا مەخسۇس سەنئەت مەكتىپى بولمىغاچقا ، باشقىلارنى دوراشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، ئايتىللا باشقىلارنى دوراش بىلەنلا قالماي ئۆزىمۇ بىرخىل ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرەلەيدىغان بولدى . ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ 1955 - يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى يېڭىدىن سەنئەتچىلەرنى قوبۇل قىلدى . بۇنىڭ ئىچىدە ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگىنىگە قارىماي ئۈچ يىللىق خىزمەت ستاژىغا ئىگە بولغان ئايتىللامۇ

بار ئىدى .

ئايتىللا : «ئەمدى چوڭ ئۆمەككە كەلدىم ، ئىقتىدارىمنى تېخىمۇ ئۆستۈرىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىغان ئىدى ، لېكىن ئىش ئۇنداق ئاسان بولمىدى . بىر قىسىم سەنئەتكارلار ئۇنى كىچىك كۆرۈپ كۆزگە ئىلمايتتى . بىر قىسىملىرى ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىشنى خالىمايتتى . لېكىن ئايتىللا ئۇنىڭغا بوش كەلمىدى . كېچە ـ كۈندۈز دېمەي تىرىشىپ ئۆگەندى ، مەشىق قىلدى . ئايتىللانىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي شۇنچە تىرىشچانلىقىنى كۆرگەنلەر ئۇنىڭدا ئۈمىد بارلىقىغا كۆزى يېتىپ ئۇنى تەربىيىلەشكە باشلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوتتۇرىدىكى ئاساسلىق ئۇسسۇلچى بولۇپ ئوينىدى . كېيىن شىنجاڭدىكى خەلق تىياتىرىدا «گۈل ئۇسسۇلى» ناملىق ئۈچ كىشىلىك بالېت ئۇسسۇلىنى ئوينىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە بالېت ئۇسسۇلىنى ئويناپ سەھنىگە ئېلىپ چىققان تۇنجى ئۇسسۇلچى بولۇپ قالدى .

1959 ـ يىلى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى ئۇنىڭغا ئاۋستىرىيىنىڭ پايتەختى ۋېنادا ئۆتكۈزۈلىدىغان 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ياشلار فېستىۋالىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى . بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىش ئاسان ئىش ، لېكىن نەتىجە قازىنىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى .

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئوبدان تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى .

بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن ، رېژىسسورلار ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئۇسسۇللىرى ئىچىدىن ھاجى راخمان ئىشلىگەن بەش كىشىلىك «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»نى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىكەن ، دەپ قاراپ ، بىر كىشىلىك ئۇسسۇلغا ئۆزگەرتىپ فېستىۋالغا قاتناشتۇرۇشقا تاللىدى ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ ئايتىللا بىلەن ئۇنىڭغا داپ چېلىپ بېرىدىغان ئابلىز ئاقچى ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ شۇنداقلا جۇڭگو سەنئەت ئۆمىكىگە ۋاكالىتەن خەلقئارا ياشلار سەنئەت فېستىۋالىغا قاتنىشىش شەرىپىگە ئېرىشتى . ئەلۋەتتە ، بۇ پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭ سەنئەت ماھارىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى ، ئۇنىڭ ئۇسسۇل تالانتىغا قايىل بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئۆز ۋەتىنىنى ، مىللىتىنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن سەھنە ھازىرلاپ بەرگەنلىكى ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇسسۇلغا لۇك دىڭچياۋ دېگەن ئاتاقلىق ئۇسسۇل تەتقىقاتچىسى رېژىسسور بولدى . تېخنىكا جەھەتتىن ئۇسسۇلغا قاتتىق تەلەپ قويدى ، شۇڭا ئايتىللا ئۇسسۇلنىڭ تۈرلۈك ماھارەتلىرىنى يەنى چۆرگىلەپ تۇيۇقسىز توختاش ، يەردە ياتقاندا باش بىلەن پۇتنى تەڭلا يەرگە قويۇش قاتارلىق مۇرەككەپ ماھارەتلەرنى پىششىق ئۆگەندى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ چاغلار 5 ـ ئاي مەزگىلى بولغاچقا ، ئۆزۈمنىڭ غورا ۋاقتى ئىدى ، رېژىسسور ئۇنىڭغا : «سەن ئۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى يېگەندە تاماشىبىنلارنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىشى كېرەك» دەپ ، ئۆزۈمنىڭ غورىسىنى يېگۈزۈپ ، ئۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى ھەرىكەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئۆگەتتى ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى بىۋاستە تېتىپ ھەرىكەتكە ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈردى ، ئۇ بۇ ئۇسسۇلنى پىششىق ئىگىلەش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق تىرمىش ئۆگەندى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئۇسسۇلدىكى ئىنچىكە ھەرىكەتلەرنى ئەستايىدىل مەشىق قىلىپ ، ئاساسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى . تېز چۆرگىلەش ، تېز پىرقىراپ تۇيۇقسىز يېتىش قاتارلىق ئۇسسۇل تېخنىكىلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئىنتايىن ئىلغار تېخنىكا ئىدى . بۇ زامانىۋىلىقمۇ ، مىللىيلىقمۇ ، ئاچچىق ، تاتلىق تەممۇ تەڭ گەۋدىلەنگەن ، ئىنتايىن نەپىس ، مۇكەممەل ئۇسسۇل بولدى . ئاخىرى ئۇ ۋېنادا بۇ ئۇسسۇلنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىدى ، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى

قېتىم بۇنداق چوڭ مۇسابىقىگە قاتنىشىشى ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ناھايىتى تەمكىن ھالدا ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئوينىدى، ئۇسسۇل ئويناپ بولغاندىن كېيىن بارلىق مۇتەخەسسىس، سەنئەتكارلار گۈلدۈراس ئالقىش ياغدۇردى. ئايتىللا قاسىم شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى:

«مەن ۋېناغا بارغاندىن كېيىن ئۇسسۇل ئوينىغۇچە ھېچ يەرگە چىقماي زالدا ئۇسسۇل مەشىق قىلدىم، مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان كۈنى ئەتىگەندە مېنى سەھنىنى كۆرۈۋال دەپ سەھنىگە ئاپاردى، پەستە ئولتۇرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى باھالىغۇچىلار ھەمدە سەھنىگە چىقىپ نومۇر كۆرسىتىدىغان سەنئەتچىلەر ئىدى، بىز نۆۋىتىمىز كەلگەندە ئورنىمىزدىن تۇرۇپلا سەھنىگە چىقىپ نومۇر كۆرسىتىدىكەنمىز، بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ دەسلەپتە ناھايىتى قورقۇپ كەتتىم، سەھنىگە چىققاندىن كېيىن كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى، ئادەم ھاياجانلىنىپ كەتكەندە كۆزمۇ ھېچنېمىنى كۆرمەيدىكەن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۇسسۇلغا بېرىلىپ كەتتىم، ئۇسسۇل تۈگەپ سالامغا تاققىدە توختىغاندا قارىسام، ھەممەيلەن چاۋاك چېلىۋېتىپتۇ، شۇ چاغدىلا ئاندىن ئۆزۈمنىڭ سەھنىدە ئىكەنلىكىمنى بىلدىم.»

مۇسابىقە ئاخىرلىشىپ 3 ـ كۈنى ئۆمەك باشلىقى ئايتىللانى چاقىرىپ، ئۇنى ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەنلىكى بىلەن تەبرىكلىدى. ئۇ بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ ھايات مۇساپىسىنىڭ 19 ـ يىلىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگودەك بىر چوڭ دۆلەتنىڭ يېڭى قۇرۇلۇپ 10 يىل بولغاندا ئېرىشكەن بۇ تۈردىكى تۇنجى نەتىجىسى ئىدى.

ئايتىللانىڭ ۋېنادىكى پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپى بىلەن يەنە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەرگە بېرىپ ئويۇن قويدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ ۋاقىتتا دەل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان بولۇپ ، ئۇن يىللىقا ئاتاپ بەدىئىي كىنو ئىشلىنىۋاتقان ئىدى . ئايتىللانىڭ «ئۇزۇمچىلىك ئۇسسۇلى» ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن بولغاچقا ، كىنوغا كىرگۈزۈلدى . بۇ ئۆلمەس بىر تارىخقا ئايلاندى . شىنجاڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، شىنجاڭدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇش يۈزىسىدىن دوكلات يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزدى . شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇنجى قەدىمى شۇنىڭ بىلەن باشلاندى .

1960 ـ يىلى 12 ـ ئايدا زۇڭلى جۇ ئېنلەي بىرمىغا زىيارەتكە بارغاندا يۇننەن ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنى بىللە ئېلىپ باردى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئايتىللا قاسىموۋ بار ئىدى . زىيارەت ئاياغلاشتى ، زۇڭلى جۇ ئېنلەي ماڭىدىغان ۋاقىتتا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىر كېچىلىك ئويۇشتۇردى ، بۇنىڭغا بىرمىلىق ئەمەلدارلار ۋە بىرمىدا تۇرۇشلۇق بارلىق چەت ئەل ئەلچىلىرى قاتناشتى ، ئايتىللا بۇنىڭدىن ئىلگىرى نېپالدا نېپاللىقلارنىڭ ئۇسسۇلىنى ، شىنجاڭدا ھىندىستان ئۇسسۇلىنى ، تاجىك ئۇسسۇلىنى ئۆگەنگەن ئىدى ، ئۇ يەردە ئايتىللا دەل مۇشۇ ئۈچ مىللەتنىڭ ئۇسسۇلىنى ئوينىدى . كېچىلىك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن زۇڭلى ئارتىستلارنى قوبۇل قىلدى ، ئايتىللا بىلەن كۆرۈشكەندە : «ئۇسسۇلنى ئىنتايىن ياخشى ئوينىدىڭىز» ، دەپ ماختىدى ، باشقا ئارتىستلارغا ئايتىللارىن ئۆگىنىشنى ئېيتتى .

1961 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بىرمىدىن قايتىپ كېلىشكە ئۇلارنىڭ يەنە ھىندونېزىيىگە بارىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلدى . بۇ ۋاقىتتا چاغان يېتىپ كەلگەن بولۇپ ، جۇ ئېنلەي ئۇلارنى ئۆيىگە جۇۋاۋا يېيىشكە تەكلىپ قىلدى . ئايتىللا شۇ

ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى:

بىز جۇ زۇڭلىنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، جۇ زۇڭلى بىزدىن: «ئۆيۈڭلارنى سېغىندىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى، بىز خىجىل بولۇپ: «ياق» دېدۇق، ئاندىن: «بۇلار نېمە ئۈچۈن ئۆيىگە قايتمىدى؟» دەپ سورىدى (بىز ئۇ چاغدا ليۇ شاۋچى بىلەن ھىندونېزىيىگە بارىدىغان بولغان). بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جۇ زۇڭلى ھىندونېزىيىگە مېڭىشقا يەنە نەچچە كۈن بارلىقىنى سورىدى، بىزنى باشلاپ بارغانلار يەنە ئون نەچچە كۈن بارلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن زۇڭلى بىزنى «ئۆيىگە بېرىپ بەش كۈن تۇرۇپ كەلسۇن» دېدى، بىز ئەتىسى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۆيدىكىلەرنى كۆرۈپ كەلدۇق. ئۆيىدە جوۋاۋا يەۋاتقان ۋاقتىمىزدا زۇڭلى مېنىڭدىن: «بېيجىڭغا كېلىشنى خالامسەن؟» دەپ سورىدى، مەن ھاياجانلىنىپ: «ھەئە» دېدىم.

كېيىن جۇ ئېنلەي زۇڭلى بېيجىڭدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەينى چاغدىكى رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىگە: «مەن شىنجاڭنىڭ بىر تال گۈلىنى بېيجىڭغا ئەكىلىپ ئۆستۈرمەكچى» دەپتۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى: «سىز ئايتىللانى بېيجىڭغا يۆتكىمەكچىمۇ؟» دەپتۇ.

زۇڭلى: «مەن گۈل دېسەم، سىز نېمىشقا ئايتىللا دەيسىز؟ ئايتىللا ھازىر شىنجاڭنىڭ گۈلى ئەمەسمۇ؟» دېگەندە، سەيپىدىن ئەزىزى: «بىزنىڭ گۈللىرىمىزگە بۇنداق غەمخورلۇق قىلىپ، شارائىت يارىتىپ بېرىدىغان بولسىڭىز، بىر ئەمەس، ئوننى دېسىڭىزمۇ يۆتكەپ بېرىمىز» دەپتۇ.

ئايتىللا ئاخىرى 1961 - يىلىنىڭ 2 - پەسلى بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كېلىش توغرىسىدا رەسمىي ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇپ ئالدى. لېكىن ئاغرىپ ياتقان ئانىسىنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كۆزى قىيمايتتى . ئايتىللا ئانىسىنى بىللە ئېلىپ بېيجىڭغا كې-
لىشىنى قارار قىلدى . لېكىن تەقدىر ئايتىللانى ئانىسىدىن ئايرى-
لىشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدەك ، ئايتىللا يولغا چىققىچە ئانا ئالەمدىن
ئۆتتى . ئايتىللا ئانىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بېجىرىپ بو-
لۇپلا بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقىشقا توغرا كەلدى . چۈنكى دۆلەت
بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئويۇن تەييارلىشى لازىم ئىدى . ئايتىل-
لا بىر كۆزى قان ، بىر كۆزى ياش هالدا خىزمەتكە كىرىشىپ
كەتتى .

شۇنداق قىلىپ ، 1962 ـ يىلى شەرق ناخشا ـ ئۇسسۇل
ئۆمىكى قۇرۇلۇپ ، ئايتىللا قاسىم بۇ ئۆمەككە رەسمىي ئۇسسۇل-
چى بولۇپ كىردى . شەرق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئۆزىنىڭ
ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان شارائىتى ناهايىتى ئەۋزەل ئىدى .
دۆلەتلىك سەنئەت ئاپپاراتى بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەتتە-
مىزدىكى هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر سەنئەتچىلىرى يىغىل-
غان بولۇپ ، رىقابەت كەسكىن ئىدى . لېكىن ئايتىللا قاسىم
مەركەزدىكى رەهبەرلەرنىڭ ئۆزىگە غەمخورلۇق قىلىپ ، زور ئۈ-
مىد كۈتۈۋاتقانلىقىنى ، يۇرتىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ دىققىتى
مەركەزدىكى بۇ ۋەكىلىنىڭ خۇش خەۋىرىدە ئىكەنلىكىنى ئوبدان
بىلەتتى . ئايتىللا قاسىم ئىلگىرىكىدىنمۇ نەچچە هەسسە ئارتۇق
تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ، ئۇيغۇرچە ئۇسسۇللارنى رەتلەش ،
ئىجاد قىلىش ۋە سەهنىدە ئويناشقا كىرىشتى . شەرق ناخشا ـ
ئۇسسۇل ئۆمىكى جۇڭگونىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى چەت
ئەلگە تونۇشتۇرۇپلا قالماي ، يەنە چەت ئەلنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل
سەنئىتىنى جۇڭگو خەلقىگىمۇ تونۇشتۇرۇشتەك قوش ۋەزىپىنى
ئۈستىگە ئالغان بولغاچقا ، چەت ئەل ئۇسسۇللىرىنىمۇ ئۆگەنمەي
بولمايتتى . ئايتىللا دۆلەت ئىچىدە پېشقەدەم ئۇستازلاردىن كەم-
تەرلىك بىلەن ئۆگىنەتتى ، چەت ئەلگە چىققان ۋاقىتلاردىمۇ ۋا-

قىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەيتتى .

ئۇ مىسىر ، ئالجىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارغاندىمۇ بىر تەرەپتىن ئويۇن قويۇپ ، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ دۆلەتنىڭ سەنئەتچىلىرىدىن شۇ مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇللىرىنى تىرىشىپ ئۆگەندى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەمئىي 30 نەچچە دۆلەتنىڭ ئۇسسۇلىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوينىيالايدىغان بولدى .

«مەن شىنجاڭنىڭ ئۇسسۇللىرىنى ئويناشتىن باشقا يەنە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ئۇسسۇللىرىنىمۇ ئۆگەندىم . بىر نەرسە ئۆگەنگەندە باشتا ناھايىتى تەسكە توختايدىكەن ، ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇنى قوبۇل قىلىش تېز بولىدىكەن . بولۇپمۇ ھىندىستان ، پاكىستاننىڭ ئۇسسۇلى ، بۇنىڭدا قىيىن ھەرىكەتلەر كۆپ . بىزنىڭ ئۇسسۇللىرىمىز ھەممىسى بىردەك بولىدۇ ، ئۇلارنىڭكىدە پۇت ئايرىم ، كۆز ئايرىم ھەرىكەتلىنىدۇ . بۇلارنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن ، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تاپ ئۇسسۇلىنى ، مېكسىكا ئۇسسۇلى ، مىسىرنىڭ كىندىك ئۇسسۇلىنى ئۆگەندىم ، شۇڭا مۇشۇنداق ھەر يەرنىڭ ئۇسسۇلىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن باشقا نەرسىلەرمۇ ناھايىتى قولايلىق ، ئاسان بولىدىكەن . شۇنىڭدىن تارتىپ شەرق ناخشا – ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ شارائىتىغا ماسلىشىپ ، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان تىرىشىپ كەلدىم ،» دەيدۇ ئايتىللا قاسىم .

1961 – يىلى 5 – ئايدا ئەينى ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن زوڭلى چېن يى ھىندونېزىيىگە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىگە چىققاندا سەنئەت ئۆمىكىنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقتى . بۇ سەنئەت ئۆمىكىدە ئايتىللا قاسىممۇ بار ئىدى . ئايتىللا قاسىم ھىندونېزىيىدە ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ، ۋەكىللەر ئۆمىكى ئايتىللا بىلەن سوڭ جىنفۇ دېگەن كىشىنى ھىندونېزىيىنىڭ «ئەزىمەت» دېگەن ئۇسسۇلىنى ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇردى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇلار بۇ ئۇسسۇلنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن تەشكىلدىن بۇ ئۇسسۇلنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىشقا ئايتىللا قاسىمنى بېكىتتى. ئۇيۇن ئاخىرلاشقاندا ھىندونېزىيە رەھبىرى سۇخارتو: «ھىندونېزىيىگە زىيارەتكە كېلىپ ئويۇن قويغان چەت ئەل سەنئەت ئۆمىكى ئىچىدە ھىندونېزىيىنىڭ ئۇسسۇلىنى ئوينىغانلار ناھايىتى كۆپ، بۇلار ئىچىدە جۇڭگو 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ،» دەپ ماختىدى. ھىندونېزىيىلىك دوستلار ئەر ئوينايدىغان بۇ ئۇسسۇلنى بىر ئايالنىڭ، بىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ ئويناپ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قېلىشتى. شۇ چاغدا مۇئاۋىن زۇڭلى چېن يى ئايتىللانى «بىزنىڭ مەدەنىيەت ئەلچىمىز» دەپ ماختىغان ئىدى.

ئايتىللا قاسىمنىڭ ھايات مۇساپىسىدە بۇنىڭغا ئوخشاش مەدەنىيەت ئەلچىسىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلىك ھەققىدىكى مىساللار ناھايىتى كۆپ: 1959 ـ يىلى ئاۋستىرىيىدە «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»نى ئويناپ ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ داڭ چىقارغاندىن كېيىن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھارقايسى رېسپوبلىكىلىرىغا بېرىپ ئويۇن قويدى. 1960 ـ يىلى يازدا سەنئەت ئۆمىكى بىلەن بىرگە ئىراق، چېخ، نېپال، ئافغانىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقتى. شۇ يىلى قىشتا زۇڭلى جۇ ئېنلەي بىلەن بىرگە بېرمىغا باردى. 1961 ـ يىلى ئەتىيازدا رەئىس ليۇ شاۋچى بىلەن بىرگە فىنلاندىيىگە چىقىپ، «پادىچى قىز» دېگەن ئۇسسۇلنى ئويناپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى. 1966 ـ يىلى شەرق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى بىلەن بىرگە ۋېيتنامغا زىيارەتكە چىقىپ، رەئىس خۇ جىمىڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. 1977 ـ يىلى ياپونىيىگە، 1978 ـ يىلى ئامېرىكا، شياڭگاڭغا، 1979 ـ يىلى تايلاند، سىنگاپور، شياڭگاڭغا زىيارەتكە چىقتى. 1980 ـ يىلى شەرق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ سەنئەت يېتەكچىسى سۈپىتىدە مىسىر، ماراكەش، ئالجىرىيە، سۇدانغا،

1982 ـ يىلى پاكىستان، سىرلانكا، بېنگالغا، 1983 ـ يىلى شەرق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ سەنئەت يېتەكچىسى سۈپىتىدە سېررالىئون قاتارلىق دۆلەتلەرگە، 1984 ـ يىلى جۇڭگو سەنئەت ئۆمىكى بىلەن بىرگە چاۋشيەنگە زىيارەتكە چىقىپ، چاۋشيەن رەھبىرى كىم ئىرسىن ئۇچۇن مەخسۇس ئويۇن قويدى. 1988 ـ يىلى جۇڭگو سەنئەتكارلىرى گۇرۇپپىسى بىلەن بىرگە گېرمانىيىگە زىيارەتكە چىقىپ، جۇڭگو ئېيى پائالىيىتىگە قاتناشتى. 1989 ـ يىلى جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار گۇرۇپپىسى بىلەن بىرگە تايلاندقا چىقتى. 1992 ـ يىلى فىنلاندىيىگە چىقىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەپتىلىكى پائالىيىتىگە قاتناشتى. 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە شياڭگاڭدا شياڭگاڭ جۇڭگو ئەدەبىياتى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپتە تورۇشلۇق سەنئەتكارى سۈپىتىدە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەيۋەنگە بېرىپ، تەيۋەن بوغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە تەيۋەنلىك كەسپداشلار بىلەن بىرگە ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئۇيغۇرچە «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»، «تەئەززە مەرغۇلى»، «تەڭرىتاغدا باھار»، تاجىكلارنىڭ «پادىچى قىز» قاتارلىق ئۇسسۇللار، «مىسىر قىزى»، «كاداك»، «بەش پرىنسىپ» قاتارلىق چەت ئەل ئۇسسۇللىرى ئايتىللا قاسىمنى ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەرگە، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرگە تونۇتتى. ئايتىللا قاسىمنىلا ئەمەس، ئۇيغۇرلارنى، جۇڭگونى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە، مىللەتلەرگە تونۇشتۇردى. ئايتىللا قاسىم ئۆزىنىڭ بۇ ئۇسسۇللىرىنىڭ دۇنيادا پەيدا قىلغان تەسىرىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايتتى.

ئايتىللا قاسىم 40 نەچچە يىللىق سەنئەت ھاياتىدا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تاماشىبىنلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. مۇئاۋىن زوڭلى چېن يى ئۇنى «بىزنىڭ مەدەنىيەت ئەلچىمىز» دەپ ماختىدى؛ شەرق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى «بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر سەنئەتكار» دەپ باھا بەردى؛ ئافرىقىدىكى مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت مىنىستىرى: «پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئۇسسۇل تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان سەنئەتكار» دېدى؛ شياڭگاڭدا چىقىدىغان گېزىتلەر «شەرقتىكى ئۈچ ئاجايىپ سەنئەتكار»نىڭ بىرى، دەپ باھا بەردى؛ كامبودژا رەھبىرى سىخانوك: «ئۇسسۇل سەۋىيىسى تولىمۇ يۇقىرى سەنئەتكار» دەپ ماختىدى؛ مىسىردا چىقىدىغان گېزىتلەر «ئايتىللا بىر ئۇلۇغ ئۇسسۇلچى» دەپ باھا بەردى؛ 70 - يىللاردا شياڭگاڭغا زىيارەتكە چىقىپ ئويۇن قويغاندا بىر ئوبزورچى: «ئايتىللانىڭ ئۇسسۇلى ھازىرقى خەلقئارا سەۋىيىگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماي، يەنە بۇندىن كېيىنكى دۇنيا سەۋىيەسىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ» دېگەن ئىدى؛ ئايتىللانىڭ تەيۋەندىكى كەسپداشلىرى: «ئەلمىساقتىن بۇيانقى مۆجىزە» دەپ تەرىپلىدى.

1978 - يىلى ئامېرىكىدا زوڭتۇڭ كارت: «شەرقتىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چولپان» دەپ ماختىغان ئىدى، قىززىق يېرى، شۇنىڭدىن ئىككى يىل ۋاقىت ئۆتۈپ زوڭتۇڭ كارت جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىپ سەددىچىن سېپىلىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى چىققاندا، ئايتىللامۇ مېكسىكا خەلق ئۇسسۇلچىلار ئۆمىكىدىكىلەرگە ھەمراھ بولۇپ سەددىچىن سېپىلىنى سەيلە قىلىۋاتاتتى. ئامېرىكىلىق بىر مۇخبىر شۇنچە كۆپ ئادەم ئارىسىدىن ئايتىللا قاسىمنى تونۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن زوڭتۇڭ كارتنى باشلاپ كېلىپ، ئىككىسىنى كۆرۈشتۈردى. ئايتىللا قاسىم بىلەن كارت قەدىناس دوستلاردەك قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتى. بۇ مۇخبىرلارنىڭ قىززىق نۇقتىسىغا ئايلىنىپ،

مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قالدى .

« مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويـ ـنىدىم دەپ قارايدىغان ، مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئۇسسۇلـ ـلىرىمدىن « ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى »دىن باشقا ، يەنە تاجىكلار- نىڭ « پادىچى قىز » ناملىق ئۇسسۇلى ، «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ « تەئزە مەرغۇلى » ، « شەرق قىزلاردى » قاتارلىق ئۇسسۇللار بار ، چەت ئەللەردە ئوينىغان ئۇسسۇللىرىمدىن ئەڭ داغدۇغا قوزـ غىغان ئۇسسۇللار مىسىرنىڭ « مىسىر قىزى » ناملىق ئۇسسۇلى ، نېپالنىڭ « بەش پرىنسىپ » ناملىق ئۇسسۇلى ، پاكىستاندىكى « كاداك » ناملىق قەدىمقى ئۇسسۇلى ، ئاندىن يەنە مېكسىكا ، ئالجىرىيە قاتارلىق جايلارنىڭ ئۇسسۇللىرى بار » دەيدۇ ئايتىللا قاسىم ئۆز ئۇسسۇللىرىدىن قىسقىچە خۇلاسە چىقىرىپ .

ئۇنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ « كۆسەن تاڭ ساباسى كۈيى » ناملىق ئۇسسۇلى مەملىكەتلىك 2 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ، 2 ـ دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ، تاجىكلارنىڭ « مېھمان كۈتۈش » ناملىق ئۇسسۇلى 3 ـ دەرىجىـ ـلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ، 1 ـ دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . يەنە ئايتىللا قاسىم ئىجاد قىلغان «يۇرتۇم» ، «شادـ لىققا چۆمگەن قىز » ، «كورلا سەنىمى » ، «كۇچا قىزى » ، «بوغـ دا كۆلىگە مۇھەببەت » ، «تەڭرىتاغدا باھار » ، «سەن ئۈچۈن » ، «قارا كۆزۈڭ » ، «گۈل ئىشقى » ، «بۇيلۇقتىكى خۇشاللىق » ، «سېگان قىزى » ، «نىل دەرياسىغا تەكلىپ » قاتارلىق ئۇسـ ـسۇللارمۇ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن .

ئايتىللا قاسىم يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەنە ئەۋلاد تەربىيەـ ـلەشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ھەم بۇرچى دەپ بىلىپ ، سىنىپ ئېچىپ ئۇسسۇلچىلارنى تەربىيىلىدى .

ئۇ تەربىيىلىگەن گۈلزار ئىسىملىك قىز ھازىر شەرق ناخـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شا- ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئاساسلىق ئۇسسۇلچىسى بولۇپ قال-
دى.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، سىنىپ ئېچىپ ئادەم تەربىيىلىمەك ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇ مەبلەغ، مەشىق زالى، كىيىم - كېچەك، قاتناش قورالى، ماھارەت كۆرسىتىدىغان سەھنە قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارغا چېتىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە رەھبەرلەر كۆپ ياردەم قىلدى ۋە مەدەت بەردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەينى چاغدىكى رەئىسى تۆ-مۈر داۋامەت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ ئەينى چاغدىكى شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ قاتارلىق رەھبەرلەر ئۇ-نىڭ سىنىپ ئېچىپ يارامىلىق ئۇسسۇلچىلارنى تەربىيىلىشى ئۈ-چۈن مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى ۋە ئۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تۈركۈم يارامىلىق ئۇسسۇلچىلارنى يېتىشتۈ-رۈپ چىقتى.

يېقىنقى ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۇ يەنە داۋام-لىق سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇزاق مۇددەتلىك سەھنە ھاياتى ۋە تەتقىقات ئارقىلىق ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ۋە تاجىك ئۇسسۇلىنى 12 يۈرۈش قىلىپ ئىشلەپ چىقتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇسسۇلى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈچۈن «ئىزدى-نىش، ئەمەلىيەت، تەسىرات» ناملىق ئىلمىي ماقالە يېزىپ ياخ-شى باھاغا ئېرىشتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «كومپارتىيىنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن» دېگەن ماقالىسىنى يېزىپ، ئۆزىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن جۇڭگو كومپارتىيە-سى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىگە بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى، ئۆزى-نىڭ كومپارتىيە يېتىشتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت سەنئەتچىسى بولغانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسىگە يارىشا ئۇنىڭغا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تاپشۇردى. ئۇ 3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ھەيئەت رىياسەتچىلىرىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ھەيئەت رىياسەتچىلىرىنىڭ ئەزاسى، 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو ۋەتىنىنىڭ تىنچ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو خەلق تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

ئايتىللا قاسىم 40 نەچچە يىللىق سەنئەت ھاياتىدا باشتىن ـ ئاخىر سەنئەت ساھەسىنىڭ 1 ـ سېپىدە تۇرۇپ، كۆپ قېتىم دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كاتتا سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى ھەمدە دۆلىتىنىڭ ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىدى، دۆلەت باشلىقلىرى ئۇچۇن نومۇر كۆرسەتتى، 50 كە يېقىن دۆلەتكە زىيارەتكە چىقىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ زىيارەت ئوبيېكتىغا ئايلاندى. ئۇ ھېلىھەم سەنئەت تەتقىقاتى، ئەۋلاد تەربىيىلەش، ئۇسسۇل ئىجادىيىتى، ئۇسسۇل نەزەرىيىسى ۋە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى يىغىش ۋە رەتلەش بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ئايتىللا قاسىم دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەلچىسى، مىللىتىمىزنىڭ داڭلىق سەنئەتكارى، خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك پەرزەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تى . ئۇ يەنە بىر بەختلىك ئايال ، ئايتىللا قاسىمنىڭ يولدىشى ، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ سابىق مۇدىرى ئوسمان موللەك ئايتىللا قاسىمنىڭ خىزمىتىنى قوللاش ، جۈملىدىن خەلق سەنئەتكارىنىڭ خەلق ئۈچۈن ، مىللىتى ئۈچۈن شۇنداقلا دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش جەھەتلەردە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى . ئوسمان موللەك ئاكا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ :

«مەن ئايالىمنىڭ كەسپىنى قوللايمەن ، ئايتىللا ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مۇنەۋۋەر سەنئەتچى ، ئاندىن قالسا مېنىڭ ئايالىم ، ئەگەر مۇشۇنداق بىر سەنئەتچىنى يولدىشى قوللىمىسا ، ئۇنىڭ نەتىجە قازىنىشى تەس» .

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرنىڭ كەينىدە ئۇنى قوللايدىغان بىر نامسىز قەھرىمان ئايال بولغىنىغا ئوخشاش ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئايالنىڭ كەينىدىمۇ ئۇنى قوللايدىغان نامسىز قەھرىمان ئەر بولىدۇ . ئايتىللا قاسىم ھايات مۇساپىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن نۇرغۇن جەبرى ـ جاپالارنى يەڭگەن . ئوسمان موللەك ئاكا ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئايالى ئايتىللا قاسىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن زور بەدەللەرنى تۆلىگەن . شۇڭا ئۇمۇ ئايتىللا قاسىم بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ھۆكۈمەتنىڭ ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان .

ھازىر ئايتىللا قاسىم جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلار ئۆمىكى بىلەن بىرگە جەنۇبىي ئافرىقا ، كامېرون ، تۇنىس ، ماۋرىتىئۇس ، فرانسىيە ، ئىتالىيە ، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەردە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا . ئايتىللا قاسىمنىڭ بۇ پائالىيەت داۋامىدىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ تارىخى ، تەرەققىياتى ، ئۇس-

سول قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بىز بۇ تۆھپىكار ئۇسسۇلچىمىز ئايتىللا قاسىمغا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمىز، ئۇنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، ئائىلىسىنىڭ تېخىمۇ بەختلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئايتىللا قاسىمنىڭ ئۇيغۇر سەنئىتى ۋە ئىلىمىز مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، دۇنياغا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى بىزنىڭ ۋە بۇندىن كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس خاتىرە بولۇپ ساقلانغۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئەدەبىيات زېمىنىدىكى مەمۇرچىلىق

**— تارىم ژۇرنىلىنىڭ مۇۋەققەت باش مۇھەررىرى ئەنۋەر ئابدۇرەھىم ۋە ياش يازغۇچى ئەنۋەر مۇھەممەت بىلەن شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتى ھەققىدە سۆھبەت**

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم

ئەدەبىيات—تىل سەنئىتى بولۇپلا قالماستىن يەنە روھ سەنئىتىدۇر . ئۇ كىشىلەرنى تەربىيىلەش ، ھېسسىياتنى ئۇرغىتىشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغاندىن سىرت ، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ، ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ، خەلق روھىنى بېيىتىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان . ئۇيغۇر خەلقى ئەلمىساقتىن بېرى ئەدەبىيات زېمىنىدا ياشاپ كەلگەن ، مول فولكلور بايلىقى ، ئىنسان ھېسلىرىنى ئويغاتقۇچى مۇقام مەشرەپلىرى ، ئىنسانىي كامىللىققا يۈرۈش قىلىشنى باشتىن - ئاخىر تەشەببۇس قىلىدىغان پەلسەپەۋى قىممەتكە ئىگە كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىلىرى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق بولغان مەدەنىيەتلىك خەلق . بۈگۈنكى كۈندە ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن پۇرسەت ۋە رەھىمسىز رىقابەت پۈتۈنسۈرۈك مىللەتكە ، جۈملىدىن ھەربىر ئادەمگە يېڭى - يېڭى تەلەپلەرنى قويماقتا . مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئۆگىنىش ، قېزىش ئاساسىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش ، بۇ ئارقىلىق زامانغا لايىقلىشىش ، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بولمىسا ، ئەنئەنىۋى باي-

لىق ئاساسىدا بايلىق يارىتىش بولمىسا، دەۋر تەرەققىياتى خۇددى راۋان ئېقىش ئىمكانىيىتى يوق توختام سۇدەك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ئەدىبلىرىمىز ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئىجادىيەت دېڭىزىغا شۇڭغۇدى. ئۇلار قەلبىدىن تامغان ئىزگۈ - تىلەكلىرىنى، ئىدىيىسىدىكى ئىلغار دۇنيا قاراشلىرىنى، ھەقىقەتكە بولغان مۇھەببىتىنى، مەپتۇنكار زاماننىڭ ھەربىر ھۆسىن تۈزەشلىرىنى ئىپادىلىدى، بۇنىڭ بىلەن خەلقنى تەربىيىلىدى. يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك تۈركۈم - تۈركۈملەپ يېتىشىپ چىققان يازغۇچى - شائىرلار قوشۇنى پېشقەدەملەرنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئەجداتلارنىڭ مول مەدەنىيەت مىراسلىرىغا، نېمە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، تەۋەككۇل قىلىپ نەتىجە يارىتىدىغان ئېسىل روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، بۈگۈنكى ئىسلاھات دەۋرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئاۋانگارتلىرىغا ئايلاندى.

ئىلگىرى يازغۇچىلار، ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ئىنتايىن مۇشكۇل ئىدى. ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ئىپادىلەپ ئەسەر يېزىش تېخىمۇ تەس بولۇپ، بىر مەھەل ئىجادىيەت قوشۇنى ئاجىزلاپ كېتىش، ھەتتا يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ئىدى. ئىجادىيەتتە تۇرغۇنلۇق يۈز بېرىپ، ئەنئەنىنى ئۆگىنىپ زامانىۋىلىقنى يارىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ جەھەتتە بىرقەدەر ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش»تەك ياخشى گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دەۋرىدە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قىيامىتى باشلاندى، يازغۇچىلار قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش چەكلەندى، ھەتتا قالايمىقان قالپاق كىيگۈزۈلۈپ جازالاندى، تۈرمىگە تاشلاندى. يۈرىكى مۇجۇلغان يازغۇچى -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەنئەتكارلار بۇنداق زۇلمەتنى تەسۋىرلەپ قەلەم تەۋرەتتى ، پىغانلار ئېيتىشتى . ئاتاقلىق ئالىم ، شائىر ، يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى شۇ ۋاقىتلاردىكى تەگسىزلىكلەرنى تەسۋىرلەپ مۇنداق بىر كۇبلېت شېئىر يازغان ئىدى :

قەلەم سۇندى ، ئەلەم ئەزدى دىلىمنى ،
شامال دارىپ كېكەچ قىلدى تىلىمنى .
قولۇم تۇتماس ، پۇتۇم باسماس پالەچمەن ،
نېمەم بىرلە قىلاي رازى ئېلىمنى .

مانا بۇ ئەينى زامان رېئاللىقىنىڭ روشەن ئىنكاسى ئىدى . بۇنداق زۇلمەتلىك كۈنلەر كەلمەسكە كېتىپ ، يېڭى تاڭ نۇرى پارلىغاندا بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كىشى قەلبىنى سۆيۈندۈرگۈدەك يېڭى ئىجادىيەت سەمەرىلىرى بىلەن خەلقنى تەربىيىلىگۈدەك ھەم مەمنۇن قىلغۇدەك مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يېتىشىپ چىققان يازغۇچى – شائىرلار ئەدەبىيات تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشقا باشلىدى . داڭلىق ئوبزورچى ، تارىم ژۇرنىلىنىڭ مۇۋەققەت باش مۇھەررىرى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم مۇنداق دېدى :

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 – ئومۇمىي يىغىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئاجايىپ گۈللىنىش دەۋرىنى ئېلىپ كەلدى . بۇ يىللاردا ئىدىيە ئازادلىقىنىڭ شىددەتلىك دولقۇنى ئەدەبىيات سېپىدىكى چەكلەنگەن رايونلارنى بۇزۇپ تاشلاپ ، ئاجايىپ ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سورۇن ھازىرلاپ بەردى ، نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلارنى مەيدانغا كەلتۈردى . ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، تېيىپجان ئېلىيېۋ ، ئابدۇكېرىم خوجايوف ، زوردۇن سابىر ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن ، تۇردى سامساق ، ئەخەت تۇردى ، ئابدۇراخمان قاھار ، مۇھەممەتجان سادىق ، مۇھەممەدجان راشىدىن ، تېيىپجان

ھادى، مۇھەممەت پولات، مەتتىمىن ھوشۇر، قەييۇم تۇردى،
قاھار جېلىل، ئىمىن ئەھمىدى، قۇربان بارات، روزى سايىت،
بۇغدا ئابدۇللا، ئابدۇللا ساۋۇت، ئوسمانجان ساۋۇت، تۇرسۇنئاي
ھۇسەيىن، ئابدۇرېھىم ئابدۇللا، نۇرمۇھەممەت توختى، خالىدە
ئىسرائىل، مۇختار مەخسۇت، توختى ئايۇپ، ئەبەيدۇللا ئىبرا-
ھىم، مۇھەممەت باغراش، پەرھات جىلان، مۇھەممەت ئىمىن،
ئەخمەت ئىمىن، ئەختەم ئۆمەر، ھاجى مىرزاھىد كېرىمى، ما-
مۇت زايىت، غەيرەت ئاسىم، ئەكبەر غۇلام، ياسىنجان سادىق،
رىزۋانگۈل يۇسۇپ، ئالىمجان ئىسمائىل، ئايشەم ئەخمەت، يا-
سىن زىلال، تۇرسۇنمۇھەممەت پەخىردىن، غەلىبە مۇھەممەت،
جالالىدىن بەھرام، سەمەت دۇگايلى، پەرھات ئىلياس، ئەنۋەر
مۇھەممەت، ئازات سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم، ئابدۇقادىر
جالالىدىن، ئارزىگۈل تۇراپ، يالقۇن روزى، مۇختەر بۇغرا،
ئابلىكىم ھەسەن قاتارلىق قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ ئەڭ نادىر ئەسەر-
لىرى مانا مۇشۇ يىللاردا بارلىققا كەلدى.»

ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات مەنزىلىدىن قارىغان چاغدا،
ئۇنى بىر تۈز سىزىقلىق يۈزلىنىش بويىچە تەرەققىي قىلدى دەپ
ئېيتىشقا بولمايدۇ. ئۇمۇ شۇ دەۋرلەردە نۇرغۇنلىغان ئىسسىق -
سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈردى، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي-
نەزەر پوئېزىيە، بولۇپمۇ پروزا ساھەسىدە ئومۇمەن ياخشى نەتى-
جىلەر بارلىققا كەلدى. ئېيتىش كېرەككى، بىر مىللەتنىڭ مەنى-
ۋى ساپاسىنى ئۆلچەشتە، شۇ مىللەتنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرى-
نىڭ قانچىلىكلىكى، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ قانچى-
لىكلىكى مۇھىم ئۆلچەم قىلىنىدۇ. بۇ ئۆلچەمنىڭ ئەڭ زىل
تەرەپلىرى ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنىڭ سۈپەت - ساپاسىغا، سانىنىڭ
ئاز - كۆپلۈكىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېرىم
ئەسىردىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلگىلى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى

ئېچىۋېتىلگەن 20 نەچچە يىلدىن بۇيان كىشى قەلبىنى سۆيۈندۇر-گۇدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرىدا تۈركۈملەپ ئەسەرلەر يېزىلدى ، رومان ئىجادىيىتىدە كۆپلىگەن سۈپەتلىك ئەسەرلەر بارلىققا كېلىپ ، خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىيا-جى قاندۇرۇلدى . ئەدەبىياتىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ھەققىدە ئەنۋەر ئابدۇرەھىم مۇنداق دې-دى :

«يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەدەبىياتىمىزدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىز ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى زور بولدى دېيىشكە بولىدۇ ، مەيلى پروزا ئىجادىيىتىدە بولسۇن ، شېئىرىيەتتە بولسۇن ياكى ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتا بولسۇن تەرەققىيات ئىنتايىن زور ، بىر-بىرىدىن ئېسىل رومان ، پوۋېستلارنىڭ ياكى ھېكايە - نەسىر ، ئەدەبىي ئاخبارات توپلاملىرىنىڭ كۆپلەپ نەشر قىلىنىشى بۇ نۇق-تىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ ، ھازىر ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان رومانلارنىڭ سانى 120 گە يەتتى ، بۇ ئازاتلىق-تىن ئىلگىرى تۆت - بەش پارچە رومانى بولمىغان بىر مىللەتكە نىسبەتەن چوڭ بىر بۆسۈش .»

ئەدەبىياتنىڭ ماس قەدەمدە راۋاجلىنىپ ، ئىجادىيەت سۈپەت قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدا ، يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئىقتىدا-رىنىڭ ئېشىشىدا بىۋاستە رول ئوينايدىغان ئامىل يەنىلا ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ساھەسىنىڭ تەرەققىي قىلغان - قىلمىغانلىقى بو-لۇپ كۆرۈنىدۇ . ئېيتىش كېرەككى ، ئەدەبىي ئەسەرنى قوشنىڭ بىر قانىتىغا ئوخشاتساق ، ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنى شۇ قوشنىڭ يەنە بىر قانىتىغا ئوخشىتىش مۇمكىن . بۇ ئىككى قانات ئەدەبىيات-تىن ئىبارەت بۇ زور ئىجادىيەت سۇمۇرغىنىڭ ئەركىن قانات قېقىپ ، ئېگىز پەرۋاز قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ ، ئەلۋەتتە . ئۇن-داقتا ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزدا قانداق رول

ئوينىدى؟ ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق؟ بۇ ھەقتە ئەنۋەر ئابدۇرەھىم مۇنداق دېدى:
«مەن ئۇيغۇر ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىنىڭ قاچان شەكىللەنگەنلىكىنى ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن، لېكىن ئۇنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى قىياس قىلالايمەن، بىزنىڭ ئەدەبىي ئوبزورچىلىق قوشۇنىمىزنى تېخى شەكىللەنمىدى دېيىش تازا توغرا ئەمەس، مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، بىزنىڭ ئەدەبىي ئوبزورچىلىق قوشۇنىمىزدا مۇھەممەت پولاتتەك پېشقەدەم ئوبزورچىلارمۇ، ئازاد سۇلتان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئابدۇبەسىر دەك ياش ئۈمىدلىك غۇنچىلارمۇ بار، مەن بۇ قوشۇننىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىدىن ناھايىتى ئۈمىدۋار».
يازغۇچىلار قوشۇنىدا ئۇزۇن يىل ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان قەلىمى پىشقان پېشقەدەملەرمۇ، بىرقەدەر زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئوتتۇرا ياشلىقلارمۇ، ئەمدىلا ئىجادىيەت بېغىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ياش ھەۋەسكارلارمۇ بار، بۇلار بىر - بىرى بىلەن شۇنداق يۇغۇرۇلغانكى، پېشقەدەملەرنىڭ قان - تەرى، تەربىيىلىشى ئاخىرقى ھېسابتا ياش ھەۋەسكارلارنىڭ تونۇلغان يازغۇچى بولۇپ چىقىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا ياخشى ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان سورۇن، سەھنە، مەيدانمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ياش يازغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ ژۇرنالچىلىق تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا ئىدى، 50 ـ يىللاردا شىنجاڭدا پەقەت «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ناملىق بىرلا ژۇرنال بار ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە مەزكۇر ژۇرنال «تارىم» دېگەن نام ئاستىدا داۋاملىق شىنجاڭنىڭ ئەدەبىياتى ئۈچۈن كۈچ قوشقاندىن باشقا، يەنە «مىراس»، «بۇلاق»، «مۇنبەر»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تارلىق كۆپلىگەن ژۇرناللار تەسىس قىلىندى. مەزكۇر ژۇرناللار دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى، شۇنداقلا ياش يازغۇچىلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ بەردى. يېتىلىۋاتقان ياش يازغۇچى ئەنۋەر مۇھەممەت «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ياش ھەۋەسكارلارنى قوللاش جەھەتتىكى ئېسىل روھىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

«ئەسەر ئېلان قىلدۇرىدىغان مەيدان دېگەن باشقا گەپ، بۇ ھەرقانداق باتۇرغا كۈچ سىنىشىدىغان مەيدان بولمىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى نامايان قىلالمىغاندەك ئىش، بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدۇرىدىغان سەھنىنىڭ بولماسلىقى ناھايىتى ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋال، لېكىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرمەي بولمايدۇكى، مەن ئوقۇۋاتقان چاغلاردىلا مېنىڭ ئەسەرلىرىم ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا، بولۇپمۇ «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان، بۇ ئەھۋال مېنى ناھايىتى ئىلھاملاندۇرۇپ، يەنىمۇ تىرىشىپ يېزىشقا زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ مەدەت بېرىشى، ھەرقايسى مەتبۇئات ئورۇنلىرىنىڭ ئەسەرلىرىمنى ئېلان قىلىشى سەۋەبلىك مېنىڭ يېزىقچىلىق ھاياتىم ناھايىتى مەنىلىك ئۆتتى، مەن ئۇلارغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.»

ھازىر كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى كۈندىن - كۈنگە ئۆسمەكتە، بۇنىڭغا يارىشا كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىگە قويغان تەلىپىمۇ بارغانسېرى يۇقىرى بولماقتا، بۇ تەلەپ ئېنىقكى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىزغا روھىي تەييارلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەسىلىلەرگە جىددىي قاراشتەك تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇنداقتا ئۇيغۇر ئەدەبىـ-

ياتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئىستىقبالى قانداق بولىدۇ؟ يەنە قانداق ئىشلارنى قىلغاندا ئىسلاھات دەۋرىدىكى رىقابەتتە ئۇزۇپ چىقىپ، كىتابخانىلارنى رازى قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئەنۋەر ئابدۇرەھىم مۇنداق دېدى:

«ھازىر ئەسەرلەر كۆندىن - كۈنگە كۆپ نەشر قىلىنىۋاتىدۇ، تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرقايسى ئەدەبىيات يېڭىلىقلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىمۇ كۆپ بولۇۋاتىدۇ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىياتىمىز ناھايىتى زور رىقابەتلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئېنىق ئېيتقاندا، بۇلار ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت، ئەدىب - سەنئەتكارلار بۇ پۇرسەتنى ئوبدان تۇتۇپ، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئېسىل ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلەيدۇ، بازار رىقابىتىگە ئاكتىپ ماسلاشمىغاندا، خەلق ئاممىسىنىڭ، كىتابخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئويلاشمىغاندا ئەدەبىياتىمىز داۋاملىق يۈكسەلەلمەيدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئەدىبلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئەدەبىياتىمىز تېخىمۇ گۈللەپ ياشنايدۇ.»

ئەدەبىيات - سەنئەت بىر مىللەتنىڭ زور بايلىقى، بۇ بايلىقنى ئاسراش، قېزىش، ئىجاد قىلىش قاتارلىق ھەرخىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ھەممىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى. مۇبادا ئەدەبىياتنىڭ يەنىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش ۋەزىيىتىنى كۆرمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ئىدىيە ئەركىنلىكىنى، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» ياخشى شارائىتىنى قەدىرلىشىمىز، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىمىزنى قوشۇشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتلى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەل كۆيىگە باغلانغان رىشتە

گۈلباھار غوپۇر ، ئابدۇللا موللا

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئې-چىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھە-لىرىدە گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى . يېڭى دەۋر ، يېڭى ئەسىرگە قاراپ يۈزلەنگەن مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرى-نىڭ رەتلىنىشى ۋە ئۇنىڭ زامانىۋىلىققا قاراپ يۈزلىنىشىگە ئەگە-شىپ ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت - سەنئىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى .ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي سەنئىتىدىكى يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچنى تېخىمۇ جارى قىلدۇ-رۇپ ، يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى بىلەن تەڭ پارلىغان مىللىي سەنئىتىنى تېخىمۇ مەزمۇنغا بېيىتتى . ئۇيغۇر خەلقى ئەنە شۇ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە مىللىي مەدەنىيەت - سەنئىتى بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرى-دىغان سەنئەت سۆيەر ، مەدەنىيەتكە ھېرىسمەن خەلق . ئۇلار ئۆز-لىرىنىڭ نەچچە ئون ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا دۇنياغا داڭلىق ئۆلمەس سەنئەت بايلىقى «ئون ئىككى مۇقام» نى ياراتتى ھەمدە شۇ ئاساستا يۇرۇشلەشكەن يەرلىك مۇقاملار ۋە مول خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى ، بۇ ناخشا - مۇزىكىلار ئەسىرلەردىن - ئەسىرلەرگىچە داۋاملىشىپ ، خەل-قىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىغا جۇشقۇنلۇق ، قەيسەرلىك ، مەردانە-

لىق ئاتا قىلدى ، خەلقىمىز ئۆز ناخشا ـ مۇزىكىسىنى يۈكسەك هۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇردى ، ئۆز ناخشىچىلىرى ، ئىجادكارلىرى ، سازەندە ـ مۇقامچىلىرىنى بېشى-غا ئېلىپ قەدىرلەپ كەلدى . بۈگۈنكى دەۋردىمۇ بۇ قىممەتلىك ، بىباھا سەنئەت بايلىقىمىز ئۆزىنىڭ ئۆلمەس سېھرىي كۈچى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىگىلا ئەمەس ، گېزى كەلگەندە جۇڭگو خەلقى ھەتتا پۈتۈن دۇنيا خەلقىگىمۇ مول مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلاپ ، ئۇيغۇر مىللىتىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە تونۇتماقتا . بىزنىڭ ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىلىرىمىزنىڭ ياڭراق ئاۋازى شىنجاڭدىن تارتىپ پايتەخت بېيجىڭ ھەتتا دۇنيادىكى باشقا چوڭ شەھەرلەردىمۇ ياڭ-رىماقتا . مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ داڭلىق ناخشىچىسى ، دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك ئارتىس روزى هامۇت ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ ، سەنئىتىمىزنى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ، جۈملىدىن پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە تونۇشتۇرۇش يولىدا زور ئەجىر سىڭدۈرۈ-ۋاتقان ئوت يۈرەك سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ بىرى .

روزى هامۇت ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ، شۇ يەردە ئۆستى ، باش-لانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۈرۈمچىدە ئوقۇدى ، ئۇ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ، مەك-تەپتىكى سەنئەت كۇرژۇكلىرىغا قاتنىشىش جەريانىدا تەدرىجىي سەنئەتكە قىزىقىپ ، ئۇنىڭغا ئوتلۇق ئىشتىياق باغلىدى ، دەسلەپتە ئۇسسۇل ئوينىدى ، غېجەك ، داپ چالدى ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈت-تۈرىدىغان يىلى يەنى 76 ـ يىلى شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن ئىمتىھان ئالغىلى كەلگەندە ئۇسسۇلچىلىققا ئىمتىھان بېرىپ ، شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇل گۇرۇپپىسىغا كىرىپ ئۇسسۇل ئارتىسى بولدى ، قوشۇمچە مۇزىكا چېلىپ ، لەپەر ئوينى-دى ، روزى هامۇتنىڭ ئاۋازى ياڭراق ، كۈچلۈك بولغاچقا ، ئۆز-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لۆكىدىن خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشنى ئۆگەندى، خەلق ناخشىلىرىدىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇب، يەرلىك پۇراق، مىللىي ئەنئەنە، جۇشقۇنلۇق، ئويناقلىق، نەپىسلىك ئۇنى قاتتىق جەلپ قىلىۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەيدىغان داڭلىق ناخشىچى ئېبىزىز مامۇتنى ئۇستاز تۇتۇپ خەلق ناخشىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەندى. 1982 ـ يىلىغا كەلگەندە رەسمىي ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى، 1984 ـ يىلى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ ناخشا ئوقۇتقۇچىسى، پروفېسسور پەن زې بىر سورۇندا ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئاۋازىڭ ناخشا ئېيتىشقا ماس كېلىدىكەن، ناخشىدا ئىستىقبالىڭ بارىكەن دەپ، بۇ ساھەدە تېخىمۇ تىرىشىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۇنىڭدىكى تالانتنى بايقىغان تەشكىل ئۇنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ ناخشا كەسپىدە ئۆزۈپ چىقىشىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى، ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەم بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر يىل ناخشا ئۆگەندى، روزى ھامۇت دەسلەپ ئاساسەن ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى ئېيتتى، كېيىن خەنزۇچە ناخشىلارنىمۇ قوشۇپ ئېيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى، چۈنكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى ئۈرۈمچىدىكى تاماشىبىنلارنى ئاساس قىلىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە خەنزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىمۇ بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلىگەچكە، چوقۇم خەنزۇ تىلىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا باشقا مىللەت تىلىدىمۇ ناخشا ئېيتىش كېرەك ئىدى، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى، قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە سەنئىتىمىزنى ئىچكىرىدىكى باشقا جايلارغا تونۇشتۇرغىلى بولاتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ بېيىتىش، بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر ناخشىچى بولۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇرچە ئاھاڭلارغا خەنزۇچە تېكىست سېلىپ

ئېيتىشنى شۇنىڭدەك خەنزۇچە ناخشىلارنى ئېيتىشنى تىرىشىپ ئۆگەندى ھەم سەھنىلەردە ئېيتىپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا، ئېتراپ قىلىنىشىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە رۇسچە، ياپونچە ناخشىلارنى خېلى ياخشى ئېيتىشنى ئۆگەندى، شۇ دۆلەتلەرگە بارغاندىمۇ خېلى ياخشى ئالقىشقا ئېرىشتى.

1985 - يىلى شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغىلى كەلگەندە، ئۇ تەشكىلنىڭ يېقىندىن قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن ئىمتىھان بېرىپ بۇ مەكتەپكە تاللاندى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىپ ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن تولىمۇ سۆيۈنگەن روزى ھامۇت شاڭخەيگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزىگە قات-تىق تەلەپ قويۇپ تىرىشىپ ئۆگەندى، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش، بۇ ئارقىلىق خەنزۇچە ناخشىلارنى ئوب-دان ئېيتىش لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. چۈنكى، شۇن-داق قىلغاندا، خەنزۇلار ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ ئېنىق، چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ ياخشى تونۇيتتى. شۇڭا ئۆزىنىڭ ئۇستازلىرى، ساۋاقداشلىرىدىن كەم-تەرلىك بىلەن ئۆگەندى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىدىن كۈت-كەن ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىققا، مۇشۇنداق بىر ئەۋزەل ئۆگى-نىش پۇرسىتى ئارقىلىق خەلق ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ، پارتىيىگە ۋە ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەشكە تىرىشتى. دەرۋەقە، «تىرىشقان تاپار» دېگەندەك، ئۇ ئاخىرى مەخسۇس تۆت يىل ناخشا كەسپىدە ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كېيىنكى سەنئەت ھاياتىغا پۇختا ئاساس سالدى. روزى ھامۇت 1988 - يىلى شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈش مۇناسى-ۋىتى بىلەن يالغۇز كىشىلىك ناخشا - ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆزدى ، كېچىلىك ناھايىتى ياخشى ئۆتتى ، مەكتەپنىڭ پروفېسسورلىرى ، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ، ساۋاقداشلىرى ھەمدە شاڭخەيدىكى سەنئەتكارلار كېچىلىككە قاتناشتى . ئۇيغۇرچە ناخشىنى ئاساس قىلىپ ، خەنزۇچە ، رۇسچە ، ئىتالىيانچە ناخشىلارنى ئېيتتى . بۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى گەۋدىلىك نەتىجىسى بولۇپ قالدى .

روزى ھامۇت 1989 ـ يىلى شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ يەنە ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قايتىپ كېلىپ ، شۇ يەردە رەسمىي ناخشىچى بولدى ، يالغۇز كىشىلىك ، قوش كىشىلىك ناخشىلارنى ئېيتتى ، 1994 ـ يىلى بېيجىڭدا جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 73 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن 1 ـ ئىيۇل پارتىيە بايرىمىنى تەبرىكلەش كېچىلىكىدە جياڭ زېمىن ، جۇ رۇڭجى قاتارلىق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى خۇەيرېنتاڭ زالىدا مەملىكەتلىك ياش ناخشىچىلارنىڭ دوكلات بېرىش ئويۇنىنى كۆردى . روزى ھامۇت ئۇيغۇرچە كىيىنىپ خەلق ناخشىسى «ئانارخان»نى ئورۇنداپ ، ناخشىنىڭ تېز رىتىملىق يېرىگە كەلگەندە ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قانچە تىپىك ، شوخ ھەرىكەتلىرىنى قوشۇپ ، مۇرىسىنى ئېتىپ تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىدى ، بۇنى كۆرگەن تاماشىبىنلار ھاياجان ئىلكىدە قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى . شۇ چاغدا جياڭ زېمىن خۇش بولۇپ ، شۇ جايدا ئولتۇرغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەتكە باش بارمىقىنى چىقىرىپ : «شىنجاڭلىق ماھىر ناخشىنى ھەقىقەتەن ياخشى ئېيتتى» دەپ ماختىدى ھەمدە سەھنىگە چىقىپ ، كېچىلىكتە ماھارەت كۆرسەتكەن سەنئەتكارلار بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى .

1996 ـ يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى روزى ھامۇتنى مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىگە يۆتكەپ

كەلدى . مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئۇنى يۆتكەپ كېلىشتە ئۇنىڭ 1994 ـ يىلىدىكى مەملىكەتلىك مۇسابىقىدە 1 ـ بولغانلىقىنى ئاساس قىلدى ھەمدە ئۇنى ئۇيغۇرلارغا ، شىنجاڭغا ۋەكىللىك قىلالايدىكەن ، بىزگە مۇشۇنداق ئۆز مىللىتىنىڭ سەنئىتىنى نامايان قىلالايدىغان يۇقىرى سەۋىيىلىك ئارتىس لازىم دەپ قاردى . ئۇنىڭ ئۇستىگە روزى ھامۇت ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىرلىقىدىن ئىبارەت خۇسۇسىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ، ناخشا ئېيتقاندا ئۇسسۇلنى قوشۇپ ئويناپ ، ئۆزىدە بۇ قوش ئالاھىدىلىكنى ھازىرلىدى . ئۇ يەنە ماھىر سازەندە ، يەنى بىرگە ماھىر ، كۆپكە قادىر ئارتىس . باشقىلارمۇ ئۇيغۇرلارنى تۇغۇلۇپلا ناخشا ئېيتىش ، ئۇسسۇل ئويناشنى بىلىدۇ دەپ قارايدۇ ، ناخشا بىلەن ئۇسسۇل بىز ئۇيغۇرلاردا ئايرىلالمايدىغان بىر جۈپ سەنئەت . شۇڭا ، بۇنداق ئالاھىدىلىكنى ھازىرلىغان سەنئەتكار دەل كۆڭۈلدىكىدەك تاللاش ئوبيېكتى بولدى .

روزى ھامۇت بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇش ، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى تېخىمۇ ياخشى قېزىپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى . ئۆز خەلقىنىڭ سەنئىتىنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۆھپە قوشۇش شارائىتىغا ئېرىشتى . ئۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىگە مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىتنى يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن كۆپ سۆيۈندى ، شۇنداقلا يىراقتىكى ئاق كۆڭۈل ، سەنئەتخۇمار خەلقىنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئويلاپ ، زىممىسىدىكى يۈكنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ پارتىيە ۋە خەلققە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ، تەشكىلنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا تېخىمۇ ئىجتىھات بىلەن مەشىق قىلدى ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ناخشىلىرىنى ئۆگەندى . ئۇ ئەمەلىيەت مەشقىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە مۇزىكا ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ناخشا نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشىنىمۇ چىڭ تۇتتى.

ئۇ بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلىنىڭ ناھايىتى مول، نەپىس، جۇشقۇن ئىكەنلىكىنى، لېكىن بۇ ئالاھىدىلىكنى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئانچە ئۇقمايدىغانلىقىنى، بۇنى ئۆزىگە ئوخشاش مىللىتى ۋە ۋەتىنىنىڭ زور ئۈمىدىنى زىممىسىگە ئالغان سەنئەتكارلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ناھايىتى زۆرۈرلۈكىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئېيتسا، ئۇدار، ناخشىنىڭ شوخلۇقى، ئويناقلىقى جەھەتتىن تېخىمۇ پايدىسى بولىدىغانلىقىنى، ئۆز ناخشىلىرىنى باشقا مىللەتتىن بولغان ناخشىچىنىڭ مۇشۇنداق ياخشى ئېيتقانلىقىنى كۆرگەن ئۆزگە مىللەت خەلقىنىڭ تېخىمۇ ھەيران قېلىپ، ناھايىتى خۇشال بولىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى.

روزى ھامۇت ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونلىرىدا شۇنداقلا سىنگاپور، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ناخشا ئېيتىپ، شۇ يەردىكى خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ چەت ئەللەردىكى ئويۇن قويۇش سەپىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

«بۇ جەرياندا مەندە بەكرەك تەسىر قالدۇرغىنى، مېنىڭ 1995 ـ يىلى سىنگاپورغا چىققان ۋاقتىم بولدى، بولۇپمۇ سىنگاپور خەلقى ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، مەن ئەسلىدە ئىككى ناخشا ئېيتماقچى بولغان، لېكىن بەك ئالقىشلاپ كەتكەچكە، يەنە ئىككى ناخشا ئېيتتىم، ناخشا تۈگەپ سەھنىدىن چۈشۈپ بولغۇچە ئۇلار بىر مىنۇتقا يېقىن چاۋاك چالدى، ناخشا ئېيتقان ۋاقتىمدىمۇ جىم ئولتۇرۇپ دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، ناخشا ئېيتىپ چۈشكەندە ئۇلارنىڭ ھەممىسى

كېلىپ : «سەن بىلەن سۆرەتكە چۈشۈۋالايلى ، ئۇيغۇرلارنىڭ ناخ-
شىسى بەك چىرايلىق ، بەك نەپىس ، شوخكەن ، دەپ گىنتايىن
خۇشال بولۇپ كېتىشتى . ئۇنىڭدىن باشقا مەن يەنە 1998 - يىلى
ياپونىيىگە ، 1999 - يىلى ئاۋستىرالىيىگە ، 1996 - يىلى ۋېنگى-
رىيىگە بېرىپ ئويۇن قويۇش جەريانىدا بەك ئالقىشقا ئېرىشتىم ،
بىزنىڭ جۇشقۇن ناخشا - ئۇسسۇلىمىز ئۇ يەردىكى خەلقنى ئۆزىگە
ئەسىر قىلىۋالدى ، ئۇلار ھەتتا بىز بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ
كەتتى . ئۇلار ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇلى ئارقىلىق بىزنىڭ ناخشا
- ئۇسسۇل مىللىتى ئىكەنلىكىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر
چۈشەندى . »

دېمەك ، ئۇ خەلقىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇشتا ئۆزىنىڭ بىر
كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشتى . ئۇ يەنە مەركىزىي مىللەتلەر
ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ناخشا ئېيتتى ، بۇ جەريانىدا ئۇ بارغان
يەردىكى ئامما بىلەن سىرداشتى ، ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا -
ئۇسسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قال-
دۇردى ، ئۇ شۇ يەرلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇش جەريانىدىكى
تەسىراتلىرى ھەققىدە مۇنداق دېدى :

«ماڭا بەك چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى ، بىز مەملىكەتنىڭ
نەرىگىلا بارساق ، قايسى مىللەتنىڭ قېشىغا بارساق ، ئۇلار بىز
ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ ، مەن
ناخشا ئېيتقاندا ئۆزىمىزنىڭ ئۇسسۇلىنى قوشۇپ ئورۇندايمەن ،
ئۇلار بۇنى بەك ياقتۇرىدۇ ، قىزغىن ئالقىش سادالىرى يېغىپ
كېتىدۇ ، گۈل تەقدىم قىلىدىغانلار ئارقا - ئارقىدىن سەھنىگە
چىقىپ گۈل تۇتىدۇ ، مەن بۇ چاغدا ئۇيغۇر بولغانلىقىمدىن ،
بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى سەنئەتچى بولغانلىقىمدىن قالتىس
پەخىرلىنىمەن » .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

روزى هامۇت سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش يولى ھەققىدە جىق ئويلاندى . ئۇ ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇكەممەل ، چاۋشىيەن ، تىبەت قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ سەنئەت تەرەققىياتىغا سېلىشتۇرغاندا ئومومىيۈزلۈك ئارقىدا قالغانلىقىنى ، بۇنى چوقۇم تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىملىقىنى بىلىپ يەتتى . ئۇيغۇرلار تارىخ-تا شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت قانىلىنىڭ ئوتتۇرىسى ، يىپەك يولى بەلبېغىنىڭ مەركىزىي تۈگۈنىگە جايلاشقان بولغانلىقتىن ، ئۆزى-نىڭ تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا گرېك ـ رىم مەدەنىيىتى ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى ، ئەرەب-پارس مەدەنىيىتى ، ھىند-دى مەدەنىيىتى ، ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىك مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئۆز ئارا گىرەلىشىپ يۇغۇرۇلۇشى ئارقىلىق مول مەدەنىيەت جەۋ-ھەرلىرىنى توپلىغان ، بۇ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى ناخشا ـ ئۇس-سۇلغا باي ئۇيغۇرلارنىڭ قېنى ۋە گېنىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملى-شىپ كەلگەن ، ئەنە شۇنداق مەدەنىيەت قوبۇل قىلىشتىكى ئىل-غارلىق ، تەشەببۇسكارلىق ، ئاكتىپلىقى بىلەن دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا سەنئەت بايلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن . «ئون ئىككى مۇقام» ۋە ئۇنى ئۆزەك قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ قو-مۇل توققۇز مۇقامى ، دولان ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئىلى سەن-مى ، تۇرپان سەنمى ، كۇچا سەنمى ، ئاتۇش سەنمى ، قەشقەر سەنمى قاتارلىق يەرلىك ناخشا ـ مۇزىكىلار ۋە تۈرلۈك ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىكى مەڭگۈ پۈتمەس سەنئەت بايلىقى ئەلۋەتتە قازسا ـ قازسا تۈگىمەيدىغان خورىماس بىباھا گۆھەر كانى . ئەنە شۇنداق سەنئەتكە باي خەلقنىڭ مىللىي سەنئىتىنى تېخىمۇ زور كۈچ ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە دۇنيادىكى باشقا ئەللەر خەلقىگە تونۇشتۇر-غاندا ، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشمەي قالمايدۇ .

شۇڭا روزى ھامۇت پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ سەنئىتىمىزدىكى يوشۇرۇن كۈچنى، بايلىقنى قېزىپ چىقىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈشى، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە سىستېمىلىق مۇزىكا نەزەرىيىسى، نوتا، مۇزىكا تارىخى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى، ئىجادىيەت قوشۇنىمىز ئاز، مۇزىكا نەزەرىيىمىز بەك ئاجىز بولۇش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، سەنئىتىمىزنى ھەر تەرەپتىن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

روزى ھامۇت ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىق، ئىزدىنىش، ئۆگىنىش ئارقىلىق، 1993 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 3 - نۆۋەتلىك ياش ناخشىچىلارنىڭ تېلېۋىزىيىدە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ 2 - بولدى، بۇ قېتىم قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ئارقىلىق ئۇ تېخىمۇ روھلىنىپ، داۋاملىق تىرىشىپ 1994 - يىلى مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ياشلارنىڭ تېلېۋىزىيىدە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە 1 - بولدى، كېيىن ئۇ دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك ئارتىس بولدى. يۇقىرىدىكى شەرەپلەرنى ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى يېقىندىن قوللاپ، ئۇنىڭغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. روزى ھامۇتنىڭ بۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدە يەنە ئۇنىڭ ئايالى، ياش ناخشىچى ماھىرەنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسىسى بار، ئۇ يولدىشىنىڭ خىزمىتىنى يېقىندىن قوللاپ، ئۇنىڭغا شارائىت يارىتىپ بەردى، ئۆزى ئۆي ئىشلىرى، بالا تەربىيىلەش ئىشلىرىنى دادىللىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى، شۇنداقلا ئۆز كەسپىنىمۇ ياخشى ئىشلىدى.

روزى ھامۇت ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەت پىلانى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

«مېنىڭ ھازىر خىياللىرىم بەك جىق ، مەركەزگە كېلىپ كۆپنى كۆرگەندىن كېيىن ، كۆپ ئويلاندىم ، مەن كېيىن چوقۇم ناخشىچىلارنى تەربىيىلەش يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭىمەن ، تەربىيىلەش بەك مۇھىمكەن ، كېيىن يەنە شىنجاڭغا قايتىپ بارغاندا ، سەنئەت جەھەتتىكى پائالىيەتلەرنى بەكرەك قانات يايدۇرۇپ ، بۇ ئارقىلىق سەنئىتىمىزنى سىرتقا كۆپرەك تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىمەن ، قابىلىيىتىمنىڭ يېتىشىچە ناخشىلىرىمىزنى ، تەرجىمە قىلىپ ئېيتىپ ، ئېلىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا كۆپرەك تونۇشتۇرماقچىمەن . مېنىڭچە ، بۇنىڭ رولى ئىجابىي بولىدۇ ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي خاسلىقىمىزنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ ، تونۇشتۇرۇشىمىز كېرەك . خەنزۇلار ، شۇنداقلا ياۋروپالىقلارمۇ بىزنىڭ ناخشا پۇرىقىمىزنى ئالالمايدىكەن . بىزنىڭ ناخشا ئېيتىشىمىز ھەقىقەتەن ئىندىئۇدال پۇراققا بايىكەن . بۇ رىقابەت بىلەن تولغان دەۋردە كىم ئۆزىنى بەكرەك تونۇشتۇرسا ، دۇنيا خەلقى ئۇلارنى بەكرەك تونۇيدۇ . مەن بۇندىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن تۈزۈلگەن بىر CD پلاستىنكىسى ۋە خەلق ناخشىلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ ئەينى پۇراق بىلەن ئېيتقان CD پلاستىنكىسى ئىشلەيمەن ، يەنە يالغۇز كىشىلىك ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزمەكچى ، بۇنىڭدا ئۇيغۇرچە ناخشىلار بىلەن بىر كېچىلىك ، خەنزۇچە ۋە چەت ئەلچە ناخشىلار بىلەن بىر كېچىلىك ئۆتكۈزمەكچى» .

بىز روزى ھامۇتنىڭ بۇندىن كېيىن تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ، تارىختىن بۇيان جاھان سەنئەت مۇنبىرىدە ئۆزىنىڭ جەلپكارانە نۇرىنى چېچىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىسىنى ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە شۇنداقلا دۇنيادىكى بارلىق ئەللەرگە تونۇشتۇرۇشىغا ، سەنئەت تەرەققىياتىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تۆھپىلەرنى قوشۇشىغا تىلەكداشمىز .

# ئىسلاھاتقا يېقىندىن ماسلىشىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان ئاخباراتچىلار

— مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ قىسقىچە تەرەققىيات مۇساپىسى

گۈلباھار غوپۇر

مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى 1956 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشنى رەسمىي باشلىدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاڭلىتىش خەۋەرلەر بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت بىرلەشتۈرۈلگەن تەربىيە خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال پروگرامما قىلىپ بېكىتىلدى.

1959 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ باشقا تىلدىكى پروگراممىلارغا ئوخشاش، ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش گۇرۇپپىسىمۇ كەسپىي تەتقىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا باشلىدى، ئۆزلىرى مەخسۇس خەۋەر ۋە خەۋەر يېزىپ ئاڭلىتىپ، بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆپەيتتى.

1960 - يىلىنىڭ بېشىدا مەركىزىي رادىئو ئىشلىرى ئىدارىسى سەپلەرنى قىسقارتىپ، ئورگانلارنى ئىخچاملاپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ كۈچىنى تولۇقلاش مەقسىتىدە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى پروگراممىلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

توختىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

1960 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مەركىزىي رادىئو ئىشلىرى ئىدارىسى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئۇيغۇر، موڭغۇل، زاڭزۇ، چاۋشيەن، جۇاڭزۇ تىللىرىدا ئاڭلىتىش بېرىشنى توختىتىش توغرىسىدا يولىيورۇق سورىدى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن 1960 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش خىل ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى ئاڭلىتىشى پۈتۈنلەي توختىتىلدى.

1962 ـ يىلى 7 ـ ئايدا چىڭداۋدا ئۆتكۈزۈلگەن مىللىي خىزمەت يىغىنىدا ئۇلەنفۇ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلەر مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى ئاڭلىتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. زۇڭلى جۇ ئېنلەي يىغىندا بۇ ھەقتىكى دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، رادىئو ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى ئاڭلىتىشنى توختىتىپ قويغانلىقىنى تەنقىد قىلدى ھەمدە «بىزنىڭ دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت تۇرسا، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىلمىسە قانداق بولىدۇ؟» دېدى.

1971 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش پروگراممىسى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1973 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خەۋەرنى ئاساس قىلىش، مەخسۇس خەۋەر ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال پروگراممىنى يولغا قويۇش، ئاساسلىق تەشۋىقاتنى ئىشچى ـ دېھقان-ئەسكەرلەر ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلارغا قارىتىش، دېگەن تەشۋىقات فاڭجېنى بېكىتىلدى.

1976 ـ يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مالىمانچىلىق ئوڭشالدى. مىللىي سىياسەت تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشكە باشلىدى. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر تۈركۈم پروگراممىلارنى ئىشلەپ ئاڭلاتتى. بۇ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت پروگراممىسىدىكى مەزمۇن جەھەتتىكى قاتماللىق بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەزىنىسى قېزىلىپ، مىللىي پۇرىقى قويۇق بولغان دراممىلار، رادىئو دراممىسى، شېئىر، ھېكايە قاتارلىق زور بىر تۈركۈم ئەدەبىيات ـ سەنئەت پروگراممىلىرى ئاڭلىتىپ، ئۇيغۇر رادىئوسىنىڭ قاراتمىلىقى كۈچەيتىلدى. «مىدوزىنىڭ نېمە ئۈچۈن سۆڭىكى يوق»، «مارجان خانىم»، «ئالتۇن بېلىق» قاتارلىق رادىئو دراممىلىرى شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى.

ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش 1971 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن بىرنەچچە قېتىم چوڭ تەڭشەش ئېلىپ بېرىلدى. پروگراممىنىڭ ۋاقتى بىر سائەت ئۇزارتىلدى. ۋاقىت ئۇزارتىلغاندىن كېيىن ئاڭلىتىلغان پروگراممىلار خەۋەر، مەخسۇس خەۋەر، سەنئەت پروگراممىسىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان 60 مىنۇتلۇق ئۇنىۋېرسال پروگرامما بولۇپ، ھەر كۈنى بىر سائەت يېڭى پروگرامما ئاڭلىتىلىپ، بىر قېتىم تەكرارلىنىدىغان بولدى.

1984 ـ يىلى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى پروگرامما فاكچېنىنى تەڭشەپ، ئاخبارات ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى. تەڭشەلگەندىن كېيىنكى پروگرامما فاكچېنى ۋە ۋەزىپىسى — مەركەزدە تۇرۇپ، شىنجاڭغا يۈزلىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەپ بېكىتىلىپ ، مۇنداق ئۈچ جەھەتتىكى مەسىلە نۇقتىلىق ھەل قىلىندى : (1) خەۋەرلەرنىڭ ۋاقىت خاراكتېرى كۈچەيتىلدى . پروگراممىدا ۋاقتى ھەركۈنى بىر سائەتتىن ئىككى قېتىم ئاڭلىتىشتىن يېرىم سائەتتىن تۆت قېتىم ئاڭلىتىشقا ئۆزگەرتىلدى . (2) خەۋەر قىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ ، ئۆز خەۋىرىمىزنىڭ مىقدارى كۆپەيتىلدى . (3) ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى سەھىيە ۋە سالامەتلىك ، ئېقىم مەسىلىلىرىگە ئوخشاش بىر قىسىم سەھىپىلەرنى ئېچىپ ، خەۋەرنىڭ قاراتمىلىقىنى كۈچەيتتى .

1998 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى پارتگورۇپپىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر رادىئو ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ، مىللەتلەر بۆلۈمىنىڭ نامىنى مىللەتلەر رادىئو مەركىزىگە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى . ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىتىش گورۇپپىسىمۇ ئۇيغۇرچە پروگراممىدا بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى .

ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى ئىستانسىمىزنىڭ قارارىغا بىنائەن 1999 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ پروگراممىدا ۋاقتىدىن تارتىپ مەزمۇنى ۋە شەكلىگىچە ئومۇميۈزلۈك تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ ، يېپيېڭى قىياپەت بىلەن رادىئو ئاڭلىغۇچىلار ئالدىدا نامايان بولدى . بىرىنچىدىن ، ئاڭلىتىش ۋاقتى ئىلگىرىكى يېرىم سائەتتىن تۆت قېتىم ئاڭلىتىشتىن بىر سائەتتىن ئىككى قېتىم ئاڭلىتىشقا ئۆزگەرتىلدى ، بۇنىڭ بىلەن ۋاقىت بىر قەدەر مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ، بەزى مەخسۇس پروگراممىلارنى تەسىس قىلىشقا شارائىت يارىتىلدى . ئىككىنچىدىن ، پروگراممىنىڭ شەكلىدە زور ئۆزگىرىش بولدى . ئالدىنقى يېرىم سائەتتە مەملىكەت خەۋەرلىرى ، خەلقئارا خەۋەرلەر ئاڭلىتىلىدىغان بولدى ، كېيىنكى يېرىم سائەتتە «ھەپتىلىك سۆھبەت» ، «سەھىيە ۋە سالامەتلىك» ، «مەرىپەت گۈلزارى» ، «ئالتۇن روجەك» ،

«پەن ـ تېخنىكا ۋە ئۇچۇر» ، «تۇرمۇش مەسىلىھەتچىسى» ، «دۇنياغا نەزەر» قاتارلىق يەتتە مەخسۇس پروگراما تەسىس قىلىندى ، شۇنىڭ بىلەن قىسقا خەۋەر ئاساس ، مەخسۇس خەۋەر قوشۇمچە ، سەنئەت پروگراممىسى تولۇقلىما قىلىنغان رادىئو ئاڭلىتىش فاڭجېنى يولغا قويۇلۇپ ، پروگراممىنىڭ سەھىپىسى كۆپەيتىلدى ، مەزمۇنى بېيىتىلدى . كۆپ ساندىكى پروگراما رىياسەتچىلەر رىياسەتچىلىك قىلىش شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقتى .

2000 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭغا ئاڭلىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش يەنە ئىككى سائەت ئۇزارتىلدى ، بۇنىڭ بىلەن مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشى بېيجىڭغا بېرىلىدىغان ئىككى سائەتنى قوشقاندا جەمئىي ئالتە سائەتكە يەتتى . ۋاقىت ئۇزارتىلغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى يەتتە مەخسۇس پروگراممىغا يەنە يەتتىسى قوشۇلۇپ 14 مەخسۇس پروگراما تەسىس قىلىنىپ ، ھەر كۈنى ئىككى خىل مەخسۇس پروگراما ئاڭلىتىلىدىغان بولدى .

مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە پروگراممىلىرى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن دەسلەپكى قەدەمدە مۇنداق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى . (1) خەۋەرلەرنىڭ ۋاقىتچانلىقى كۈچەيتىلدى . (2) ئۇچۇر مىقدارى كۆپەيتىلدى . (3) مۇلازىمەت ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى . (4) تەنقىدىي خەۋەر پروگراممىسى تەسىس قىلىنىپ ، ئاخبارات ئارقىلىق نازارەتچىلىك قىلىش رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى .

2003-يىلدىن باشلاپ مەخسۇس پروگراممىلار «ئېقىم مەسىلىلىرى» ، «بۈگۈنكى شىنجاڭ» ، «ئىقتىسادىي تۇرمۇش» ، «دۇنياغا نەزەر» ، «ھەپتىلىك سۆھبەت» ، «مەرىپەت گۈلزارى» ، «ئەدەبىيات مۇنبىرى» دېگەن يەتتە مەخسۇس پروگراممىغا ئىخچاملاندى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى يىغىش، رەتلەش ۋە ئاڭلىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆمۈلۈپ ياتقان سەنئەت خەزىنىسىنى ئېچىشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى.

مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى يەنە ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىدىكى خادىملارنى تەربىيىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى؛ ئىش ئورنىدا تەربىيىلەشتىن باشقا يەنە خەنزۇچە پروگراممىلارنى بۆلۈملىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەۋەر يېزىش، تەھرىرلەش، پروگرامما ئىشلەش، ئاڭلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە كەسىپكە ماھىر بىر تۈركۈم خادىملارنى تەربىيىلەپ چىقتى. بۇ يىلدىن باشلاپ يەنە چەت ئەللەردە تەربىيىلەشنى يولغا قويدى.

مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىدە ھازىر مۇخبىر، مۇھەررىر، تەرجىمان، دىكتور، رىياسەتچىلەردىن بولۇپ جەمئىي 21 خادىم بار. ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، نۇرغۇن تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈردى. ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىدىكى بارلىق خادىملار يېڭى ئەسىردىكى پۇرسەت ۋە رىقابەت ئالدىدا داداللىق بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئۇيغۇر رادىئوسىنى تېخىمۇ جاراڭلىق ياڭرىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشقۇسى.

مەسئۇل مۇھەررىر
مەسئۇل كوررېكتور : ئەخمەتجان هوشۇر

مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلدى

تۈزگۈچىلەر: **پەرھات يۈسۈپ، گۈلباھار غوپۇر**

# ئۆزۈلمەس رىشتە


| | |
|---|---|
| **نەشر قىلغۇچى** | : مىللەتلەر نەشرىياتى |
| **ئادرېسى** | : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ<br>پوچتانومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64290862 |
| **تارقاتقۇچى** | : مىللەتلەر نەشرىياتى شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى |
| **تور ئادرېسى** | : http://www.e56.com.cn |
| **باسقۇچى** | : دىشىن باسما زاۋۇتى |
| **ساتقۇچى** | : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| **نەشرى** | : 2003-يىل 9-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى |
| **بېسىلىشى** | : 2003-يىل 9-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى |
| **ئۆلچىمى** | : 1168×850مم. 32 كەسلەم باسما تاۋىقى: 9.75 |
| **باھاسى** | : 16.00 يۈەن |

www.uyghurkitap.com

**责任编辑**
**责任校对** ：阿合买提江

**图书在版编目（CIP）数据**

在党的阳光下/帕尔哈提，姑丽巴合尔编．—北京：民族出版社，2003．9
ISBN 7-105-05741-6

Ⅰ．在…　Ⅱ．帕…　Ⅲ．中央人民广播电台－维吾尔语（中国少数民族语言）－广播节目－选集
Ⅳ．G229．24

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2003）第 086989 号

民族出版社出版发行
（北京市和平里北街 14 号　邮编：100013）
http：//www．e56．com．cn
民族出版社微机照排　迪鑫印刷厂印刷
各地新华书店经销
2003 年 9 月第 1 版　2003 年 9 月北京第 1 次印刷
开本：850 毫米×1168 毫米　1/32　印张：9．75　字数：200 千字
印数：0001—1000 册　定价：16．00 元

---

该书如有印装质量问题，请与本社发行部联系退换。
（维文室电话：64290862；发行部电话：64211734）